سىدىقھاجى روزى

# پوبلىستىكا ۋە لېكسىيەلەر

(4)

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى

سىدىقھاجى روزى ئەسەرلىرى

# پوبلىستىكا ۋە لىكسىيەلەر

## (4)

ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari

ئاپتورى: سىدىقھاجى روزى

تۈزىتىپ تەھرىرلىگۈچى: سىدىقھاجى روزى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرغۇنجان ئابدۇلئەھەد

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەتنىياز بۇلاق

بەتچىك: ئۇيغۇر سەۋداسى

2017 ـ يىلى 4 ـ ئاي

www.uyghurbahari.org

Email: info@uyghurbahari.org

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى




يازغۇچى سىدىقھاجى روزى رەپىقىسى رابىيە خانىم (ئوڭدا) بىلەن بىللە



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق رەئىسى بۇش بىلەن ***26/06/2006***



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رايس خانىم
بىلەن بىللە



THE WHITE HOUSE
WASHINGTON

March 4, 2002

Dear Mr. Rouzi:

Thank you, on behalf of President Bush, for your letter of January 23 concerning the unjust imprisonment of your wife, Rebiya Kadeer, in China.

During his Febuary 21-22 visit to Beijing, the President reiterated to China's leadership that the Administration remains firmly committed to the defense of human rights and democracy in China. Members of the President's party expressed our concern about your wife's plight with Chinese authorities, urging that she be freed immediately. The United States Government in Beijing and Washington has repeatedly urged Chinese authorities to end this injustice, and we will continue to do so until Rebiya Kadeer is free.

Sincerely,

Condoleezza Rice
Assistant to the President
for National Security Affairs

Mr. Sidik Rouzi
619 North Pottenger
Shawnee, Oklahoma 74801

ئاق ساراي (ئامېرىكا ۋاشىنگتون) دىن سىدىقھاجى روزىغا يېزىلغان خەت

**(تەرجىمىسى)**

ۋاشىنگتون ئاق سارىيى

**2002**-يىلى **3**-ئاينىڭ **4**-كۈنى

قەدىرلىك روزى ئەپەندىم:

رەپىقىڭىز رابىيە قادىرنىڭ خىتايدا ناھەق تۈرمىگە سولانغانلىقى توغرىسىدىكى **23**-يانۋار يوللىغان تەلەپ خېتىڭىزگە ئامېرىكا پرېزىدېنتى "بۇش" نامىدىن رەھمەت.

پرېزىدېنت **2**-ئاينىڭ **21-22**-كۈنلىرىدىكى زىيارىتىدە جۇڭگونىڭ باشلىقىغا جۇڭگونىڭ ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيىسىنى نۇقتىلىق ئوتتۇرىغا قويدى. بىزنىڭ تەلىپىمىزنى پرېزىدېنت ئەزالىرى رەپىقىڭىزنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان قىيىنچىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، رەپىقىڭىزنى قويۇپ بېرىشكە قىستىدى. بېيجىڭدىكى ۋە ۋاشىنگتوندىكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى ھەقسىزلىكنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەكىتلىدى، بىز تاكى رابىيە قادىر ئەركىنلىككە ئېرىشكۈچە داۋاملاشتۇرىمىز.

ھۆرمەت بىلەن

**(ئىمزا)**

***Condoleezza Rice***

دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى پرېزىدېنت كاتىپى

سىدىق روزى **(ئادرېس)**

# پوبلېستىكا ۋە لېكسىيلەر

**مۇندەرىجە**


سىدىقھاجى سىدىقھاجى روزى ۋە رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالى...1
رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالى .......................................... 26
قەدىمكى جۇڭگو قانچىلىك تېررىتورىيىگە ئىگە ئىدى......................36
بۇ بەلگىلەنگەن سىياسەتمۇ ياكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيىسىمۇ؟ 38
«شۇملۇقنىڭ بىشارىتى»........................................................41
كىم تېرروروست...........................................................................43
باللارنى ئېلىپ كېتىپ خىتاي تىلدا تەربىيلەشنىڭ ماھىيىتى نېمە؟46
ۋاڭ لېچۈەن مۇستەقىللىق جاكارلاشقا تەييارلىق قىلىپ بولدىمۇ؟......49
خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئۇيغۇرىستاندا ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتامدۇ؟..........................................................................52
ۋىن جياباۋ سىياسەت بەلگىلىدىمۇ ياكى جۆيلىدىمۇ؟......................55
ئامېرىكا، جۇڭگو، ياپونىيە ئۈچ دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تىل ئۇرۇشى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى..........................................................................58
خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق قارشى ۋە ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قارشى.........................................................................60
بىر مىليون ئۇيغۇر ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلدى......................62
شىمالى قۇتۇپنىڭ ئاق ئېيىقى بىلەن قەغەز ئەجدىرھا موسكىۋادا ئېغىز – بۇرۇن يالاشتى..........................................................................65
ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا قۇل قىلىپ ساتتى......................68
خىتاي مۇستەملىكچىلىرى قەشقەر خەلقىنى پاراكەندە قىلىشقا باشلىدى..........................................................................71
خىتاينىڭ ئاتالمىش «ئۆتكۈنچى دەۋر ھۆكۈمىتى»نىڭ باياناتى...........73

پرېزىدېنت بوش ھۆكۈمەتتى نېمىشقا جۇڭگوغا قاتتىق پوزىتسىيە تۇتتى74
زەيدىن يۈسۈپنى ئەسلەيمىز...............................................77
ئاتاڭ كىم ئىدى قىرغىزىستان، ئاناڭ كىم ئىدى قىرغىزىستان............79
دۇنيا تەۋرىمەكتە.......................................................................81
جۇڭگو جەمئىيىتىگە يېتىپ كەلگەن سىياسى داۋالغۇش..............84
كوممۇنىزىمنىڭ گوركاۋى يىلتىسى ....................................86
ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇق ......................................88
شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئەمگەك كۈچى بازىرى ۋە «شىنجاڭ» ئۆلكىسىنىڭ ئەمگەك كۈچى بازىرى .........................................................90
ئولىمپىك مۇراسىمى يېقىنلاپ كەلمەكتە، جۇڭگودا قوزغىلاڭ، نامايىش قىستاپ كەلمەكتە .........................................................93
مىللەتنىڭ ياشلىرى مىللەتنى قۇتقازغۇچىلاردۇر ........................95
ئامېرىكا، ياپونىيە مۇداپىئە ھەمكارلىقى كۆرسەتكۈچى ...................97
جۇڭگودا داۋاملىشىۋاتقان سىياسى داۋالغۇش .........................99
تەيۋەن ئالىملىرى: ياپونىيىنىڭ دېڭىز پىلوتى كۈچى جۇڭگونى مەغلۇپ قىلىشقا يېتەرلىك، دېدى........................................................102
دارفۇ قىرغىنچىلىقى ۋە ئۇيغۇرىستاندا ئېتنىك يوقۇتۇش ھەرىكىتى ..104
ھۆكۈمەت پىلانلىغان ئادەم سېتىش ئەتكەسچىلىكى ....................107
شىڭشىسەي بىلەن ستالىن، ۋاڭ لېچۈەن ۋە ۋىلادېمىر پۇتىن .......109
ماجالو شىكايەتچىلەر مەھەللىسى قانغا بويالدى ......................112
پرېزىدېنت بوش پىراگادا ئۇيغۇرنىڭ ۋەكىلىنى قوبۇل قىلدى ..........114
دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق خەلقئارا يىغىنى پىراگادا چاقىرىلدى .116
پىراگا يىغىنى ۋە پىراگا ھۆججىتى ........................................119
ئۇرۇش غالجىرلىقى ۋە مىللەتچىلىك كۆرەڭلىكى ......................121
ختايدا ئادەم ئەتكەسچىلىكى ......................................123
ھالاكەتكە دۇچ كەلگەن ئۇيغۇرلار نېمە قىلىشى كېرەك؟ .............126

جۇڭگودا ۋەزىيەت كەسكىنلەشتى، ۋاڭ لېچۇەن غالجىرلاشتى ........128
يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىق، كاززاپلىق ۋە ساختىپەزلىك .............130
جۇڭگودا سىياسەتنىڭ كۈچى قالمىدى، قانۇنلۇق تېررورىستلار باش كۆتۈردى ...........................................................133
شامىن ۋەقەسىدىن جۇڭگودا پۇقرالار ئېڭىنىڭ ئويغۇنىشىغا بىر نەزەر135
ئولىمپىك مۇراسىمى ۋە ختاي كوممۇنىستلىرى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ...........................................................137
جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي داۋالغۇش .........139
قىزىل رەڭنى تاشلىۋېتىپ قارا رەڭ بىلەن بويالغان سوتسىيالىزىم ....141
ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم كۈچار خەلقى! ...................................144
مەخپىيەتلىك ۋە ئاشكارىلاش..................................................146
جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى ۋە بۇ ۋەزىيەت پەيدا قىلغان ئەكسى سادالار ...........................................................149
قوش تىللىق مائارىپمۇ ياكى يالاڭ بىسلىق قىڭراقمۇ؟ ................151
ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئويغاندى .........................................153
سېكرىتار ۋاڭ لېچۇەن غالجىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانمۇ؟ .........156
كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ خاراكتېرى .......................................158
ماركسىزىمنىڭ قائىدىلىرى تۈمەنمىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق .....161
كونا – يېڭى تېررورىستلار بىشكە شەھىرىدە ئۇچراشتى ............163
ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلايلى ............................165
ۋاقىت جەدۋىلى ..........................................................168
مۇقىمسىزلىق ۋە داۋالغۇش ...............................................170
بىر پارتىيە هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇشنىڭ يول خەرىتىسى ..........172

## سىدىقھاجى روزى ۋە رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالى

### سىدىقھاجى روزى

يېقىندا" ئازادلىق" تور بېتىگە بىر نەپەر يېڭى كىشى ئىنكاس يېزىپ مېنىڭ يەنى سىدىقھاجى روزىنىڭ سالاھىيىتى نېمە دەپ سوراپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن تۆۋەندە سالاھىيىتىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى شۇ كىشىگە سۆزلەپ بەر گۈچە ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ مېنىڭ سالاھىيىتىمگە نەزەر ئاغدۇرۇپ قويىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. قارىغاندا مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سورىغان بۇ كىشى، ھازىرغىچە 32 ھەرىپىنىمۇ ئۆگەنمىگەن كىشى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

بىلەلمىدىم. بۇ كىشىگە قانداق سالاھىيەت كېرەك، ئىكىنە؟ مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سورايدىغان بۇ كىشىنىڭ ئەسلى سالاھىيىتى نېمە ئىكىنە؟! بۇ كىشىنىڭ مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سوراپ يازغان ئىنكاسىغا تولۇق جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئاۋۋال يۇقىرىدا ئىككى كەلىمە كەلتۈرۈپ قويىدۇم.

1

سىدىقھاجى رۇزى 1944- يىلى 6- ئاينىڭ 15- كۈنى ئاتۇش ناھيە- ئازاق يېزا -مەيى كەنتىدە قارى قۇرئان، ئىقتىسادى ھاللىق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. خىتاي مۇستەملىكچىلىرى 1949-يىلى 10- ئايدا ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ھەرخىل ۋەھشيانە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، 1952- يىلىدىن باشلاپ يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى تەركىبلەرگە ئايرىش ئارقىلىق مىللەتنىڭ جامائە بۇلۇپ ئۇيۇشۇش كۈچىنى پارچىلاپ قارشىلىق كۆرستەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈردى .ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىشت بىلەن ئىشتىنىڭ ياكى ئىشت بىلەن بۆرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

دادىسى رۇزى قاري1952 -يىلى پومېشچىك تەركىبكە ئايرىلدى . ئائىلىۋى مال -بىسات، ئىسكىلات-قازناق، ئېغىلدىكى ئات-ئۇلاقلارنى

مۇسادىرە قىلىشقا باشلىدى .سىدىقھاجى رۇزى كىچىك ئىدى.ئانىسىنى
بىر تەرەپكە، دادىسىنى بىر تەرەپكە تۇرغۇزۇپ قويىدى زامان
زورىۋانلىرى".قەلەندەرلەر "ئىسكىلاتتىن بۇغداي قاچىلىغان تاغارنى
ژۇدۇپ مېڭىشاتتى، ئېغىلدىن ئات-كالىنى يېتىلەپ چىقىپ كېتىشتى .
مۇسادىرە قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىغا باشلىق بولۇپ كەلگەن خىتاي
ھىڭگاڭ چىشلىرىنى چىقىرىپ تاماكا شوراپ چەتتە قاراپ تۇراتتى، ئۇيغۇر
-ئۇيغۇرنى بۇلاۋاتاتتى .دادام قولۇمنى تۇتۇپ ئالغان ئىدى دەيدۇ،
سىدىقھاجى رۇزى -قورقۇشتىنمۇ ياكى غەزەپتىنمۇ دادامنىڭ قولى
تىترەيتتى1952 .-يىلىنىڭ ئاخىرىدا دادىسى رۇزى قارىغا زومگەر
پومېشچىك قالپىقى كەيدۈرۈلۈپ تۈرمىگە تاشلاندى .1955-يىلى11 -
ئايدا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيتى سىدىقھاجى رۇزى
ئائىلىسىگە دادىسى رۇزى قارىنىڭ جەسىتىنى تاپشۇرۇپ بەردى.
سىدىقھاجى رۇزى1961 -يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاتۇش
شەھرىدە تولۇق پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى9 -ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتىتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتىتىغا ئوقۇشقا كىردى1966 .-يىلى9 -
ئايدا ئالى مەكتەپنى تاماملىشى كىرەك ئىدى .بىراق،شۇ يىلى5 -ئايدا
خىتاينىڭ ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلاندى .دەسلەپ
قىلىپ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن مەكتەپ بويىچە ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچى-
ئىسمايىل ئابدۇراخمان، سىدىقھاجى رۇزى ئەكسىيەتچى،مىللەتچى
ئوقۇغۇچىلار دېيىلىپ، تارتىپ چىقىرىپ كۈرەش قىلىندى .كېيىن تامغا
چاپلانغان" چوڭ خەتلىك گېزىت "نى يىرتىپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن
رەھمەتلىك ئىسمايىل ئابدۇراخمان ساقچىنىڭ تۈرمىسىگە 6 ئاي
قامالدى .سىدىقھاجى رۇزى مەكتەپتە تۆت يېرىم قەۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار
ياتىقىغا نەزەربەنت قىلىندى .ئىبراھىم سۇلايمان ] قازاق[،ئالىمبېك
]قازاق[، نىزامەت قاتارلىق ساۋاقداشلىرى ئىككى سائەتتىن ئالمىشىپ
سىدىقھاجى روزىنى نازارەت قىلاتتى .تاماقنى ئەكىلىپ بېرەتتى،
تەرەتخانىغا نازارەت ئاستىدا چىقىپ كىرەتتى.

1966-يىلى 11 -ئايغا كەلگەندە" ئوقۇغۇچىلارغا زەربە بېرىش"، "ئوقۇغۇچىلارنى تارتىپ چىقىرىش"،" ئەكسىيەتچىل سىياسى يول " دېيىلىپ تەنقىدلىنىپ سىدىقھاجى رۇزى نەزەربەنتتىن بو شۇتۇلدى . تارتىپ چىقىرىلغان باشقا ئو قۇغۇچىلار ھەم ئەسلىگە كەلتۇرۇلدى . 1966-يىلى 11-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتتىدا "قىزىل 3 - باتالىيۇن " مىللى ئۇقۇغۇچىلار تەشكىلاتى قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتنى ئاۋۋال قۇرغان كىشى كىم؟ سىقھاجى رۇزىنىڭ قازاق ساۋاقدىشى ئالىمبېك ئىدى.[بۇ چاغدا ماۋزېدۇڭ ئوقۇغۇچىلارغا "4چوڭ ئەركىنلىك" بېرىۋەتكەن، ئۇقۇغۇچىلار نېمە تەشكىلات قۇرىمەن دېسە ئەركىن ئىدى]. ساۋاقدىشى ئالىمبېك بىلەن سىدىقھاجى رۇزى ئوتتۇرىسىدا دېئالوگ مۇنداق باشلاندى :

- مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى سىنىپى كۆرەش بىلەن باشلاندى، شۇنداقمۇ؟

-شۇنداق.

-كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار تارتىپ چىقىرىلدى، شۇنداقمۇ؟

- ئەلۋەتتە شۇنداق.

- بۇ ھوقۇقدارلار ماۋزېدۇڭ بەلگىلەپ بەرگەن سىياسەتلەرگە قارشى يول تۇتقان ئىكەن، ئەجىبا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىقلار، ماۋزېدوڭ ئاساسى قانۇن ئارقىلىق بەلگىلەپ بەرگەن مىللى سىياسەتنى توغرا ئىجرا قىلغانمۇ؟

-بۇ، ئويلىنىشقا تىگىشلىك بىر ئىش ئىكەنغۇ؟

- " ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋزېدۇڭ"، "مىللى كۆرەش تېگى- تەكتىدىن ئالغاندا سىنىپى كۇرەش مەسلىسى"، دېگەن ئىدىغۇ؟

- راست شۇنداق دېگەن. بۇگۇن بۇ سۆز "ئەڭ ئالى يولىيۇرۇق " بولۇپ قالدى.

- مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئاپتۇنۇم رايوندا سىنىپى كۇرەشنى تۇتقا قىلىۋاتىدۇ، نېمىشقا مىللى مەسىلىنى تىلغا ئالمايدۇ. ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايوننىڭ سېكرتار ختايلىرى چوڭ-چوڭ سياسەتلەردە خاتالىق سادىر قىلىپ، مىللى سياسەتتە پەقەت خاتالىق ئۆتكۈزمىگەنمۇ؟
نېمە قىلىمىز، دېمەكچىسەن؟
-قېنى ساۋاقدىشىم ئالىمبېك، نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟- مەن ئەكسىيەتچى، مىللەتچى ئوقۇغۇچى ئايرىلدىم. ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىپ تەشكىلات قۇرالمايمەن، سەن تەشكىلات قۇرۇپ چىق. مەن ئارقاڭدا تۇرۇپ ساڭا ياردەم قىلىمەن دېدىم.
"قىزىل 3-لىيەن" مىللى ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا 1966-يىلى11-ئايدا قۇرۇلۇپ چىقتى. دەسلەپتە بۇ تەشكىلاتقا ساۋاقداشلاردىن 9نەپەر كىشى قاتناشتى. 1968-يىلى بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان كىشلەرنىڭ سانى 2مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.ئايتان رەئىس بولدى.
"قىزىل3 -باتالىيۇن " ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى بىر يىل دېگۈدەك ئۇرۇمچىدە ئانسامبىلنىڭ تېمىغا " چوڭ خەتلىك گېزىت "چاپلاپ، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ مىللى سياسەتتە ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن ئىمىنوپ يازغان "مېنىڭ باياناتىم"، ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالە" چوڭ خەتلىك گېزىت"كە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولى ئارقىلىق كۆچۈرۈلۈپ، ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلانغاندا ئۇرۇمچىدە كاتتا غۇلغۇلا باشلاندى . مەمتىمىن ئىمىنوپ1967 -يىلىنىڭ ئاخىرىدا " ئىسيان" كۈتۈرۈپ، "قىزىل3 -باتالىيۇن " مىللى ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنى قوللاپ، شىنجاڭ ئۇنۋېرستىتىغا كېلىپ كادىرلار ياتىقىدا يالغۇز ياتاقتا يېتىپ قوپاتتى. مىللى ئۇقۇغۇچىلار نۆۋەت بىلەن كېچىسى ھەمرا بۇلۇپ قوغدايتتى. رەھمەتلىك مەمتىمىن ئىمىنوپ يازغان ماقالىسىدا 1962-يىلى باي ناھىيسىدە يۈز بەرگەن، 20مىڭ ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلگەن، ختاي ھاكىم خەيرۇي پەيدا قىلغان ئاچارچىلىق ۋەقەسىنى پاش قىلغان ئىدى.

مۇشۇ يەردە قستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەي. 1966-يىلى 9-ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە تىگىشلىك ئوقۇغۇچىلارغا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ھاكىمىيتى 1967-يىلى 10- ئايدىن باشلاپ ئاساسلىق مائاشىنى 60 يۈەندىن بېكىتىپ مۇئاش تارقاتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولى پۇل كۆردى. بۇ چاغدا بىر كىلوگرام گۆشنىڭ پۇلى 7- 8 تەڭگە ئىدى، بىر قاپ تاماكىنىڭ پۇلى بىر تەڭگە ياكى ئىككى موچەن، ئاچارچىلىق ئۆتۈپ كەتكەن چاغلار ئىدى.
مەن بويىتاق ئوقۇتقۇچىلار بىناسىغا مېھمان چاقىردىم. ئاپتۇنوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رەھمەتىللىك مەمتىمىن ئىمىنوپ، ئۇيغۇرنىڭ مۇزىكانتى رەھمە تىللىك زىكرى ئەلپەتتا، يازغۇچى رەھمە تىللىك ئەرشىدىن تاتلىق، تىلشۇناس مىر سۇلتان ئوسمانوپ ( ھازىر ھايات. لىيۇداۋەن تۈرمىسىدە 7يىل ياتقان، سىياسى مەھبۇس، مىنىڭ ئوقۇتقۇچۇم ئىدى، مىر سۇلتان ئەپەندى" ئۇيغۇرنامە"نىڭ ئاپتورى سابىت ئۇيغۇرنىڭ تەشكىلاتىغا قاتناشقان ئىكەن.) يەنە ئىككى نەپەر ساۋاقدىشىم مىنىڭ مېھمانلىرىم ئىدى.
مۇئاۋىن رەئىس رەھمەتىلىك مەمتىمىن ئىمىنوپ بىر ئوھ تارتىپ :
- -زىكرى، چالساڭچۇ! فېئوۇنېر ۋاخلىرىڭدا چالغان ناخشىلارغا ( فېئوۇنېر ۋاخلىرىڭ دېگىنى قاپاقنىڭ بويىنىغا قىزىل لاتا باغلاپ دۇكانغا ئېسىپ قويۇپ ساتىراشلىق قىلىدىغان دۇكانلاردا چالغان ناخشا-مۇزىكىلارغا چالساڭچۇ دېگىنى ئىكەن.بۇ بىر خىل ئۆز ئارا قىلىشىدىغان چاقچاقلىرى بولسا كېرەك) چال ! زىكرى ئەلپەتتا رەھمەتىلىك دۇتارنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق چالدىكى، مەمتىمىن ئىمىنوپ كۆزىنى ژۇمدى ئىككى تامچە ياش ئىككى مەڭزىگە ساقىپ چۈشتى. ھەممىمىز مىشىلداپ كەتتۇق. ئىمىنوپ:
-چال، زىكرى چال! ئۆستەڭ ناخشىلىرىغا چال! چال! ئەرشىدىن تاتلىق رەھمەتىلىك بىر مەيدان ئاخىرلاشقىچە يىغلاپ توختىمىدى...
2

"قىزىل 3- باتالىيۇن " مىللى ئۇقۇغۇچىلار تەشكىلاتى ئوقۇغۇچىلىرى، "چوڭ خەتلىك گېزىت"كە ماقالە يېزىپ ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلاپ تۇراتتى. " بىگىنتۇەننىڭ ئايشاركىلىرى 80 يۇەندىن پۇل خەجلىگەندە،ئالتايدا قازاقلارنىڭ ئىرىمچىكىكە قوسۇغى تويمىدى"، " ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ،جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسى قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى قەيەردىن- قەيەرگىچە"،" ئۇيغۇرلار كۆچمەنلەرنى بېقىپ كېتەلمەيدۇ"،"شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرغاق، تاغلىق،چۆللۈك رايون،سۇ مەنبەسى كەمچىل ئارتۇق كۆچمەن قۇبۇل قىلالمايدۇ"،"ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ۋاڭ ئېنماۋ سېكرېتار بۇلىشى كېرەكمۇ ياكى ئۇيغۇر سېكرېتار بۇلىشى كېرەكمۇ؟"،،، خىلمۇ خىل پىكىرلەر "چوڭ خەتلىك گېزىـت" ئارقىلىق ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلىنىپ تۇراتتى. خەلق ئاممىسى بۇ تامنى كېچە- كۈندۈز ئاڭلىق ياكى ستىخىيلىك ھالدا قوغدايتتى، "چوڭ خەتلىك گېزىت" نىڭ ئۈستىگە "قىزىل 3- باتالىيۇن " ئوقۇغۇچىلىرىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ قەغەز چاپلىشىغا يول قويۇلمايتى. بۇلۇپمۇ ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئاكىمىز تۆمۈر ئەپەندى، ئايشاركا ئىشتىنى يېتىلەپ كىلىپ. "چوڭ خەتلىك گېزىت"چاپلانغان تامنى قوغدايتتى.[ رەھمەتلىكنىڭ ياتار جايى جەننەت بولسۇن]

سىياسى نەزەرىيىلەرگە ۋە ماركسىزمغا مۇناسىۋەتلىك مەسلەن، ماركسىنىڭ مىللەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرى ياكى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بۇ نەزەرىيىلەرنى مىللەتلەر مەسلىسىگە قانداق تەتبىق قىلغانلىقى توغرىسىدا يېزىلغان سىلىشتۇرما ئۇقۇملۇقلاشقان ماقالىلارنى رەھمەتلىك ئەرشىدىن تاتلىق بىلەن يازغۇچى ئۆمەر غازى(قازاق) قاتارلىق زىيالىيلار يېزىپ بېرەتتى.ئۇقۇغۇچىلار بۇ سەۋىيىلىك يېزىلىدىغان ماقالىلارنى يازالىغۇدەك سەۋىيىگە تېخى يەتمىگەن.ھەر شەنبە ياكى يەكشەنبە كۈندە ئىككى سائەت بەزىدە 4 سائەت ۋاقىت چىقىرىپ مەخپى يىغىن ئاچاتتۇق، شۇ ھەپتىلىك قىلىدىغان

ئشلرىمزنى بەلگىلەيتۇق، يغىنغا رەھمەتلك ساۋاقدىشىم ئايتان ئوسمانوپ، ئوسمانجان ساۋۇت ( يېقىندا ۋاپات بولغانلقى ئۈچۈن ئسمىنى ئاشكارە ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۇم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر.... دوستۇممۇ رياسەتچىلك قىلاتتى.( بۇكىشى ھازىر ۋەتەندە ئسمىنى ئاشكارىيالمايمەن) يەنە بىر ساۋاقدىشىممۇ....... (بۇ كىشى ھەم ۋەتەندە ئسمىنى ئاتىيالمايمەن ) شۇ دەرىجىدە يەنى ئايتان دەرىجىلك رياسەتچىلك قىلاتتى. ساۋاقداشلار ئۇيۇلتاشتەك ئىناق ئىدۇق. بىر - بىرىمىزدىن نام ئاتاق، شان-شەرەپ تالاشمايتۇق، لىدىرلك، رەئسلك تالاشمايتۇق. ئۇ بەشكىرەملك بۇ قورغاسلىق، ئۇ تارانچى، بۇ قاراقچى، دەپ يۇرتۋازلىق قىلشمايتۇق.ئەسلدە يۇرتۋازلىق ئىپتدايى ئايۋاننىڭ شەرتلك رىپلىكس ئارقىلق رول ئوينايدىغان ئپتدائى قىزغانچۇقلقىدىن پەيدا بولىدىغان، ئادەملەردە بولسا تۇغما ھەسەتخورلۇق بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل يىلىنجاپ تۇرىدىغان رەشك ئوتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇنداق رەشك ئوتى ساۋاتسىز، قارا قورساق، ئىلىم -بىلىمسىز ئادەملەردە تېخىمۇ ئۆتكۈر بولاتتى. لېكىن يەنە بۇ يەردە باشقا بىر ساۋاقدېشىمنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاشكارىلىيالمايمەن.( بۇ كىشى ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادا مەلۇم دۆلەتتە ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ)
1968-يىلى 5-ئاينىڭ 16-كۇنى ياكى بۇ كۇندىن باشقا بىر كۇنى بولسا كېرەك، ئېسىمدە قالماپتۇ. لېكىن 5-ئاي ئىكەنلىكىگە سۆز كەتمەيدۇ. 2000 دىن كۆپرەك، شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتىتىنىڭ ئۇيغۇر -قازاق ئوقۇغۇچىلىرى دەرۋازىدىن نامايىش قىلىپ چىقىپ، ئۆرۈمچى شەھەر ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا توپلاندى.(1962 -يىلى يۈز بەرگەن 29-ماي ۋەقەسىنى خاتىرلەش نامايىش قىلغۇچىلارنىڭ مەقستى ئىدى.) بۇ كۇنى بۇ جىددى يىغىنغا بىر ملىيۇندىن ئارتۇق ئۆرۈمچى خەلقى، ھەتتا20 ملىيۇن ئۇيغۇرستان خەلقى ئاربلاشتى، قاتناشتى دېسەك، ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ. (بۇ يىللاردا ئاپتۇنوم رايون دېگەن يەردە ھۆكۈمەت يوق، پۈتۈن ئۇيغۇرنىڭ كۆزى3" - باتالىيۇن "

ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى"غا قارىتىلغان. كىمدۇ بىرسى تور بېتىگە خەتچەك يېزىپ، بىردەم 2000 دەيدۇ، بىر دەم 15000 دەيدۇ، قايسى راست ؟دەپتۇ. ھەممىسى راست. چۈنكى، بۇ نامايىشنى تەشكىللىگەن، ئۇيۇشتۇرغان ۋە بۇ نامايىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ تۈرمىدە ياتقان ئادەملەر ئۈچۈن بۇ ئىش راست ئىش، بۇ تارىخ ئۇلار ئۈچۈن ئۆزى ياراتقان راست تارىخ ھېسابلىنىدۇ. بۇگۈنكى قويمىچى، قورساق باقتىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ ئەلۋەتتە يالغان بولىدۇ. چۈنكى خىتايغا قارشى نامايىشتىن ئۇلارغا ھېچ قانداق نەپ پايدا تەگمەيدۇ. شۇ ڭا ئۇلارنىڭ جان بېقىش پەلسەپىسىگە ئاساسلانغاندا "ئىشسىزلار نامايىش قىلىدۇ، ئىشى بارلار نامايىش قىلمايدۇ.)

تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ئايتان ئوسمانوپ نوتۇق سۆزلىدى:

"- مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەت تەڭلىكنىڭ سىياسەت ساھەسىدە ئۇقۇملاشقان مەنىسى نېمە ۋە بۇ نە زەربىنىڭ ئىجرائىيەتتىكى ئەمەلىيىتى، مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دېگەن بۇ مەمۇربي بىرلىكنىڭ ھوقۇق شەكىللىرى نېمە؟،،،، "ئۇ كۈنى ساۋاقدىشىمىز ئايتاننىڭ سۆزلىگەن نۇتقى بەك دەبدەبىلىك، بەك جۇشقۇن،مەزمۇنلۇق، بىۋاستە قاراتمىلىقتا ئىگە بولغان نوتۇق ئىدى. ئەتراپقا توپلانغان بىر نەچچە مىڭ ئامما قۇلاق بېرىپ ئاڭلاپ تۇراتتى، كۆز يېشى قىلاتتى.ھېسداشلىق قىلغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەتنى قوللىغۇچىلار، ئەگىشىپ يولنىڭ چېتىدە ماڭغۇچىلار، نامايىشقا ئۇزۇتۇپ قويۇپ مەكتەپ دارۋازىسىنىڭ ئىچىدە قالغۇچىلار، ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى، شۇ قاتاردا ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، "ئىنقىلابى ئالاقە باغلاش" ئۈچۈن ئۇيغۇرىستاننىڭ جاي-جايلىرىدىن ئۈرۈمچىگە يىتىپ كەلگەن تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بۇلۇپ تەخمىنەن 15مىڭ 20مىڭدىن ئارتۇق كىشى شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدە "تاماشا" كۆرۈۋاتاتتى ياكى شۇ كۈنكى نامايىشقا ھەر خىل يوللار بىلەن ئىشتىراك قىلغان

ئىدى.شۇئار توۋلايتتى، ئارزۇلىرىنى ھەرىكەت ۋە شۇئار ئارقىلىق ئىپادە قىلاتتى. ھەقىقى ئىنقىلاب قانداق ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؟ ھېسداشلىق قىلغۇچىلارمۇ سەپكە قوشۇلغاندا، قورقۇنچاقلارمۇ سەپكە قوشۇلغاندا،يول ياقىلاپ ئەگىشىپ ماڭغانلارمۇ نامايىشچىلار قاتارىغا قوشۇلغاندا ئاندىن ھەقىقى ئىنقىلاب ئوتتورىغا چىقاتتى.( قانداق قىلىمىز زاماندىاشلىرىم،ئۇيغۇر خەلقى ئوقىنمۇ چالا ئاتىدىغان، نامايىشنىمۇ چالا قىلىدىغان بىر خەلق ئىكەن.)

شۇ كۇنى ئوقۇغۇچى ساۋاقداشلىرىم ئىتتىپاق تياتىرىنىڭ ئالدىدىن جەنۇبى قوۋۇق ئايلانمىسىغىچە نامايىش قىلىپ بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىتتىپاق تياتىرىنىڭ ئالدىدا يەنە يىغىن تەشكىللىدى.بۇنداق قىلىش - ھەرىكەت ئارقىلىق جامائەت پىكرى توپلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى ئىدى.

مەن ئانسامبىلنىڭ ئۇدۇلىدا يەنى يولنىڭ شەرىق تەرىپىدە قىردا ئولتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامايىشىغا رەھبەرلىك قىلدىم. ئايتان بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ساۋاقدىشىم (ئەمەت...) ئالاقىچىلىك قىلاتتى.مېنىڭ قولۇمدا بىر جىگدەك خام گۆش بار ئىدى، قەيەردىن ئالدىم بىلمەيمەن، ياكى بىرسى مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدىمۇ بىلمەيمەن ياكى بىر خىل نىقاپلىنىشمۇ

بىلمەيمەن.نامايىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قورقۇپ كېتىپ بىر ھەرىكەت قىلىپ -گۆش سېتىپ ئېلىپ ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق جىددىيلىكنى پەسەيتمەكچى بولدۇممۇ بىلمەيمەن. ( كىچىرىڭلار ۋەتەنداشلىرىم! مەن شۇ چاغدا 22 ياشلىق بالا، نامايىشقا قاتناشقان ساۋاقداشلىرىممۇ 20- 22 ياشلىق باللار ئىدى.)

ئەمەت... يۈگۈرۈپ كەلدى،- مەركەزدىن جۇئېنلەي تېلېفون قىلىپتۇ...(تېلېفون "ئۈچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ"ناملىق خىتاي ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلگەن)

-نېمە گەپ ئىكەن؟

-ئايتاننىڭ ياكى باشقا بىرسىنىڭ مەكتەپكە بېرىپ تېلېفون ئېلىشىنى تەلەپ قىلىدىكەن.
-ئايتان بارالمايدۇ، نامايىشقا رەھبەرلىك قىلىدۇ، باشقا بىرسىنى ئەۋەتىڭلار. دوستۇم ھەم ساۋاقدىشىم ئوسمانجان ساۋۇت تېلېفون ئېلىشقا يۈرۈپ كەتتى. جۈئېنلەي:
-ساۋاقداشلىرىم !ھەر قانداق گېپىڭلار بولسا،شىنجاڭ ھەربى رايونى ئارقىلىق ماڭا يەتكۈزۈڭلار، مەن سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلايمەن،-نامايىش قىلىپ سوۋېت رېۋىزونىستلىرىنىڭ ئالدىدا مېنىڭ يۈزۈمگە قارا سۈركىمەڭلار! سىلەرگە ئىشىنىمەن،ئۆزۈم ئالدىراش، كاتىبىم گو كاتىپنى تېلېفوننىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم، گېپىڭلار بولسا گو كاتىپقا يەتكۈزۈڭلار!
جۈئېنلەينىڭ تېلېفون ئارقىلىق قىلغان باياناتى نامايىشچى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلدى، جىددىيلىك پەسەيدى، (ئەسلىدە جۈئېنلەينىڭ دېگەنلىرى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلمەيدىغان ئىش ئىدى. بالىلىق قىلدۇق.) ئوقۇغۇچىلار تارقىلىشقا باشلىدى.(شۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېنىدا كىيىم-كېچەكنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇۋالغان قورالىلىرى بار ئىدى دەپ كېيىن ئاڭلىدىم.لېكىن ئۆزۈم ئىسپاتلاپ بېرەلمەيمەن) ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ شەرىق تەرەپ قىرغىقىدىكى رېستۇران ۋە پوچتا خانىنىڭ ئۆگزىلىرىگە چىقىپ ئالغان ئاپتونوم رايونلۇق ساقچى نازارىتىنىڭ ساقچىلىرى بىر تەرەپتىن سۈرەتكە تارتىپ تۇراتتى بىر تەرەپتىن فىلىمۇتنى بەتلەپ نامايىش مەيدانىغا قارىتىپ قويغان ئىدى...

3

ئو قۇغۇچىلار مەكتەپكە قايتىپ كەتتى. شۇ كۈنى كەچتە خىتاينىڭ ھەربى رايونى كىچىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، خىتاي ئو قۇغۇچىلار تەشكىلاتى" ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ" تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرىنى ياردەمگە چاقىرىپ، مىللى مۇناپىق تۇردى ئابدىرېھىمنى (يەنە بىر ئىسمى تۇردى شىڭلى) ئالدىغا سېلىپ، ئۇخلاۋاتقان ياتاققا

باستۇرۇپ كىرىپ، مەمتىمىن ئىمىنوۋنى قوغداپ ياتاقتا بىللە ياتقان ساۋقدىشىمىز غوپۇر قادىرنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ،ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن ئىمىنوۋنى قولغا ئېلىپ كەتتى. ئەتىسى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغان ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلار يەنە نامايىشقا تەييارلانغاندا،"شىنجاڭ "ئۈنۋېرسىتېتى ئالىلقاچان ھەربى رايوننىڭ نازارىتى ئاستىغا ئېلىنغان. ھەربى رايوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ئولاتايىپ بىر باتالىيون ئەسكەر باشلاپ كېلىپ،مەكتەپ ئىچىدە ئىشخانا قورۇشقىمۇ ئۇلگۇرگەن. (كېيىن كېسەلگە باھانداپ رەھمەتلىك ئىمىنوۋنى باجىياخۇ تۈرمىسىدىن ئېلىپ چىقىپ ئاپتونوم رايونلۇق 2-دوختۇر خانىغا ئېلىپ كىلىپ قان قاتۇرۇش ھوكۇلى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ،1970-يىلى 5-ئاينىڭ29 - كۈنى ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن 9 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ قاتارىدا تاغ بۇلاق جازا مەيدانىغا دەپنى قىلىنغان. قان قاتۇرۇش ھوكۇلى ئۇرۇپ مەمتىمىن ئىمىنوۋنى ئۆلتۈرگەن ئۇيغۇر دوختۇر ھازىر ھايات، شۇ كۈندىن باشلاپ بىر دوختۇر خانىغا باشلىق بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ..... (بۇ ھېكايىلار مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئاڭلىغان ھېكايىلاردۇر)

ئوقۇش پۈتتۈرگەن، لېكىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تۈپەيلى خىزمەتكە تەقسىم قىلىنمىغان ئوقۇغۇچىلارنى 1968-يىلىنىڭ ئاخىرىدا جاي-جايلارغا تەقسىم قىلىشقا باشلىدى.مەن شۇ چاغدىكى ئايالىم بىلەن بىللە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە تەقسىم قىلىندىم. شۇ يىلى 12-ئايدا قېچىش توغرۇلۇق تېلېگرامما تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ تېلېگراممىنى ماڭا كىمنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلمەيمەن... ھەم ئەسلىيەلمەيمەن.1969-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى بۆرتالا - ئۈتەيدە قولغا ئېلىندىم. ئاۋۋال ئوبلاستلىق تۈرمىگە كېيىن بىڭتۇەننىڭ تۈرمىسىگە 15كۈن قاماپ قويدى.2-ئاينىڭ 15-كۈنى ئەتراپىدا ئۈرۈمچى- لىيۇ داۋەن تۈرمىسىگە يۆتكەپ كەلدى.شۇ يىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈنى ئايتان باشلىق 9 نەپەر ئىنقىلابچى ساۋاقدىشىم، بىر نەپەر

قازاق چارۋىچىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بوّرتالا ئارشاڭ ئارقىلىق قىچىپ هازىرقى قازاقىستانغا ئوّتۇپ كەتتى.( بۇ هېكايىلارنىڭ بىر قىسمىنى تۇرمىنىڭ ئىچىدە،بىر قىسمىنى تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئاڭلىدىم)
1969-يىلى 6-ئاينىڭ 19-كۈنى دوستۇم ساۋاقدىشىم ئېركى-ئەركىن، (موڭغۇل)، رەهمەتلىك ساۋاقدىشىم ئابىت، ئالتاي تاغلىرى ئارقىلىق هازىرقى قازاقىستاندىن ئۇيغۇرىستان ۋەتىنىگە كىرىپ كەلدى. تۇيۇپ قالغان خىتاينىڭ رازۋېت ئورگانلىرى شۇ كۈنى 6-ئاينىڭ 19-كۈنى پۈتۈن "شىنجاڭ" مىقياسىدا هەربى هالەت ئېلان قىلىپ، ئاختۇرۇشقا، تىنتىشقا باشلىدى. بۇ يىگىتلەرنى مەقسۇس بىر ئاپتۇ بۇسنى ئىشلىتىپ، ئۈرۈمچىدە رىمۇنت قىلدۇرىمەن دەپ، باهانە تېپىپ ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەن شوپۇر ئىسمايىل ئەپەندى، ئاپتۇ بۇسنى يىقىلغان تاشتا توختىتىپ، ئىككى ساۋاقدېشىمنى شەهەرگە ئۈرۈمچىگە كىرگۈزۈۋەتكەن. ئۇلار تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە بويىچە سايۋاغ رايونلۇق ئەدلىيە باشلىقى باقى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەن. تىنتىش، ئاختۇرۇش تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان.هەتتا خىتاينىڭ كاماندوروپكىغا چىققان هەربىلىرىنىمۇ تۇتۇپ كەتكەن، ئۈرۈمچىدە پۈتۈن مەكتەپلەر تۇرمىگە ئايلاندۇرۇلغان.ئىككى نەپەر ساۋاقدېشىم ئىشنى تاماملاپ قېچىپ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا يىتىپ كەلگەندە ئۇيەردە كـۈتـۈپ تۇرغان ساۋاقداشلىرىمىز، بۇ ئىككىسىنى سوۋېتلەر سالغان بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋەت بالىكونىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشكىنى كىرىست شەكىللىك مىخلاپ بولۇقنى ئەمدى يو شۇرۇپ تۇرۇشىغا خىتاينىڭ ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كىرگەن. بالىكوندا ئەسكى كىگىزنىڭ ئاستىدا ئىككى كۈن ياتقان بۇ ئەزىمەتلەر،ئۈچۈنچى كۈنى يىقىلغان تاشقا يەتكۈزۈلۈپ، ئىسمايىل ئەپەندىنىڭ قولىغا تا پشۇرۇپ بېرىلگەن.قازاقىستانغا قايتىش سەپىرىدە چېگرا رايوندا قوغداشنى كۈچەيتكەن بىگتۇەنىنىڭ قوراللىق كۈچۈكلىرى ئىككى ئەزىمەتنى بايقاپ قالغاندا، قىزىقى شۇ يەردىكى ئۇلار ئالىلقاچان ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بېتەرەپ رايونغا كىرىپ بولغان. خىتايلار ئۆز

تەۋەلىكىدە ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقارغانىۇ، لېكىن بىتەرەپ رايۇنغا قارىتىپ ئوق چىقىرالىمىغان. ساۋاقدېشىم ئېركى ھەزىل قىلىپ...ئاتە-ئاتە،ئاتىدىغان يەرگە ئاتامسەن دېگەن. رەھمەتلىك باقى ئەپەندى ئۇرۇمچىدە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن 9نەپەر كىشىنىڭ قاتارىدا، رەھمەتلىك ئىسمايىل ئەپەندىلەر ئالتايدا، 1970 - يىلى 5-ئايدا خىتاينىڭ باستۇرۇشى ئارقىلىق ۋاپات بولغان.
بۇ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ۋە بۇ ئىشلارغا ئارىلاشقان دوستۇم.....ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر دۆلەتتە ياشاۋاتىدۇ. دوستۇم ئېركى بۇ ھېكايىنى قانداق سۆزلەيدۇ، تېخى ئۇنىڭ بىلەن بۇ توغرىدا ئەھۋاللاشمىدىم.

4

1977 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى مېنى ئۇرۇمچى لىيۇ داۋان تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىپ،ئاپتۇبۇسقا سېلىپ، ئۇرۇمچىدىن چىقىپ توقسۇننىڭ تۈرمىسىدە، قارا شەھەرنىڭ تۈرمىسىدە، كۈچانىڭ تۈرمىسىدە تۈنىتىپ، قوندۇرۇپ ساقچىلار يالاپ ئاقسۇغا ئېلىپ بېرىپ، ئەركىن سىدىقنىڭ چوڭ دادىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مەمەت سەلەينىڭ باشقۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى. مەمەت سەلەي مېنى ئاپىرىپ يەنە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىگە قاماپ قويدى. بۇ نېمە ئىش ؟ مەن ئۇرۇمچى تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئادەمغۇ ؟! مەن، توپ توغرا 3ئاي ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە ياتتىم،1977 -يىلى10 -ئاينىڭ ئاخىرىدا تۈرمىدىن چىقىپ 1978-يىلى 7-ئاينىڭ 31-كۈنى خېنىم رابىيە قادىر بىلەن توي قىلدىم. 1980-يىلى 4-ئايدا ئاقسۇدا رابىيە خېنىم ئىككىمىز تەسادىپ بىر ئەھۋالدا نامايىش تەييارلىدۇق، (يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى زامان كەڭرىپ كەتكەن، تۆت كىشىلىك گۇرۇھ سوت قىلىنىۋاتقان، ماۋزىدۇڭنىڭ ئايالى جياڭ چىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ھۆكۈم قىلىنغان يىللار ئىدى) نامايىش

تەييارلاشقا ئاساس تەييارلاپ بەرگەن ئۆلۈم ۋەقەسى، يەنى ختاي ساقچى ئۆلتۈرۈۋەتكەن 17 ياشلىق يولۋاس دېگەن يىگىت ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە مەن بىلەن بىر كامېردا ياتقان كىشى ئىدى.... شۇ كۈندىن باشلاپ، 1982-يىلى 7-ئاينىڭ 2-كۈنى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتىتىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلاشقىچە، شاڭخەي، گۇۋاڭجۇ قاتارلىق ختاي شەھەرلىرىدە رابىيە خېنىم بىلەن ئىككىمىز بىللە يۈرۈپ سودا- تىجارەت قىلدۇق.
1989-يىلى 12ئاينىڭ 25-كۈنى كىچىك قىزىم قەقنۇس تۇغۇلدى. ختاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستىگە قارشى چىققان ئوخشايمىز.تىجارەتچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئايالىم رابىيە قادىرغا 50مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى.ماڭا 2مىڭ يىۋەن جەرىمانە قويدى ۋە دوتسېنتلىققا يوللىغان تەرجىمىھال، ماتېرىياللىمنى بىكار قىلىپ ئۈنۋان ئېلىش سالاھىيىتىمنى ئېلىپ تاشلىدى. 1993-يىلى9 -ئايدا توختام بىلەن مەكتەپتىن چېكىنىپ چىقىپ رابىيە قادىرنىڭ تەرەققى قىلىۋاتقان سودا -تىجارىتىگە قورغاس چېگرا ئېغىزىدا تۇرۇپ ياردەملەشتىم.
1994-يىلى جەمئىيەتتە بىر غۇلغۇلا-" ھەربى رايوننىڭ مۇزىكانتى ۋاڭ لوبىڭ ختاي- ئۇيغۇر- قازاقنىڭ ناخشا- مۇزىكىلىرىنى مەن ئىجات قىلدىم دەپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ"، دەيدىغان پىكىرلەر ئېقىپ يۈرەتتى.يەنە بىر فىلىم ئۇيغۇر بىلەن قازاق مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سالىدىغان "فىڭ خانىم" ماۋزۇلۇق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ختاي يازغۇچىلار ئېكرانغا چىقىرىپ، "قازاقلار تارىختا ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان "دەيدىغان سەپسەتىۋى جامائەت پىكرىنى تەييارلاشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن قازاق زىيالىي قېرىندىشىمىز تەلەۋقان ختاي تىللىق" شىنجاڭ گېزىتى"دە " شىنجاڭ يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئەمەس" ماۋزۇلۇق ماقالە يېزىپ ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىشقا باشلىدى. تۆۋە، ئاتالمىش" شىنجاڭ "، ئەمەلىيەتتىكى ئۇيغۇرىستان كىمنىڭ زېمىنى ئىدى؟ ئۇيغۇر نىڭ زېمىنى بولماي كىمنىڭ زېمىنى

بولشى كېرەك ئىدى، قازاغىم ؟ بۇ ئىش بىلەن سىزنىڭ ۋە خىتاينىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ نېمشقا قازاقنى ئۇيغۇرغا،ئۇيغۇرنى قازاققا كۈشكۈرتمەكچى بولدىڭىز ؟ زىددىيەت سېلىش، قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىش، ئەسلى گومىنداڭ خىتايلىرىغا ئادەت بولغان ئۇسۇل-چارە ئەمەسلىكتە، ئەسلى كوممۇنىست ئەسلى خىتايلارغا مىراس قالغان بولمامدۇ؟ كىچىكتۇرۇشكە بولمايتى. شۇڭا مەن، "نەپسىڭنى يىغىۋال! ناخشا ئوغرىسى ۋاڭ لوبىڭ"، " فىڭ خانىم ۋە ئاپتورلارنىڭ تارىخ قارىشىغا باھا" ماۋزۇلۇق ماقالىلارنى يېزىپ "ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى"دە ئېلان قىلىپ يۇقىرقى كىشىلەرنى تەنقىد قىلدىم، خىتاي يازغۇچىلارنىڭ تارىخ قاراشلىرىغا رەددىيە بەردىم. بۇ ماقالىلار ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىدە ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. ئويلاپتىمەن،ناخشا -مۇزىكا ئۇيغۇرنىڭ ئىدى، خىتاي ۋاڭ لوبىڭ ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ، مەن بۇ خىتاينى تەنقىد قىلدىم...ئۇيغۇرلار قوزغۇلۇپ نامايىشقا چىقسا، قاتارنىڭ ئالدىدا ماڭىمەن دەپ، ئويلاپتىمەن.نەدىكىنى؟ ھازىرغىچە ئۆزۈمنىڭ ياكى ئەقىللىق ياكى ئەقىلسىز ئادەملىكىمگە باھا بېرەلمەي كەلدىم. مۇستەملىكە مىللەتنىڭ غۇرۇرى مۇستەملىكە قىلغۇچى مىللەتنىڭ چەكتىن ئالقىغان ھاقارىتىگە ئۇچرىغاندا، كىشىلەر سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىللى غۇرۇرىنى قوغدىشى، نۇمۇس-كۈچىنى ئاقلىشى كېرەكمۇ ياكى جان بېقىشنىڭ كوچىسىدا لاي- پاتقاقتا مىلىنىپ يۈرۈشى كېرەكمۇ؟ ئاۋۋالقىسى توغرا بۇلۇپ، كېيىنكىسى خاتا بولسا، مەن" ئەقىللىق "ئادەم ئىدىم، مۇبادا ئاۋۋالقىسى خاتا بۇلۇپ،كېيىنكىسى توغرا بولسا مەن "دۆت "ئادەم ئىدىم. بۈگۈنكى كۈندە ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار قالتىس يۈرەكلىك. لېكىن " مەن ئەقىللىق" ئادەم بۇلۇش بىلەن "دۆت " ئادەم بولۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھازىرغىچە قايمۇقۇپ كەلدىم. لېكىن باشقا" ئەقىللىق "ئادەملەرچۇ ؟ ئۇلار "جان بېقىشنىڭ تەڭلىمىسى"نى ئىجات قىلىشىپ يۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۈرۈمچىدە يازغان ماقالىلىرىم خىتايغا ئېغىر كەلدى. بۇلۇپمۇ دوستۇم شائىر

ئوسمانجان ساۋۇت بىلەن بىرلىشىپ " رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار" ماۋزۇلۇق كىتابنى تەرجىمە قىلغانلىقىم خىتايغا ھەددىدىن زىيادە ئېغىر كەلدى.چۈنكى، بۇ كىتابنىڭ ئامېرىكىلىق ئاپتورى جون گارۋېر ئەپەندى "يالتا شەرتنامىسى"نى ئىمزالاشنىڭ،"موسكۋا شەرتنامىسى"نى ئىمزالاشنىڭ تارىخى جەريانىنى 60% ئەتراپىدا پاش قىلىۋەتكەن. بىز كىتابنى خىتاي تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدۇق.خىتاي بۇنداق بولۇشىنى خالارمىدى؟

1995-يىلى 12-ئايدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى يىغىنىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقى فىنىڭ داجىن، مەن يېزىپ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ماقالىلىرىمنىڭ مەزمۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ:" مىللەتچى، شوۋىنىست، تارىخنى بىلەمدىكىن؟"دىدى.شۇ قېتىمقى تەتقىقات يىغىنىدىن خۇلاسە چىقارغاندا،"شىنجاڭ گېزىتى" گە ماقالە يېزىپ فىنىڭ داجىن مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتىماي تۇرۇپ تەنقىد قىلدى.فىنىڭ داجىن كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات يىغىندا مېنى تەنقىدلەشكە باشلىغاندا، شۇ يىغىنغا قاتناشقان مايىنۇر قاسىم، ھەتتا ساۋۇدانوپ ئەپەندىلەر:

ن- نېمە دەيسەن، ناخشا - مۇزىكا ئۇيغۇرنىڭ ناخشا - مۇزىكىسى، سىقھاجى رۇزى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ساھەسىدە تەنقىدچى، ئۇنىڭ تەنقىدلەش ھوقۇقى بارمۇ ياكى سەن ئۇنىڭ ھوقۇقىنى تارتىپ ئالدىڭمۇ، دېيىشتى. قارىغاندا ئۇنىڭ مۇڭگۇزىگە ئۇرسا تۇۋۇقى سىرقىرايدۇ دېگەن ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى توغرا ئېيتىلغان ئىكەن. ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى «مەن ئىجاد قىلدىم»، مېنىڭ ناخشام دەپ مۇتىھەملىك قىلغان خىتاي ۋاڭ لوبىڭنى مايىنۇر قاسىممۇ، ساۋۇدانوپمۇ ئەيىپلىمەكچى بولغان ئىدى. فىنىڭ داجىن سىگنال بەردى، قولغا ئېلىش... ئۇ «شىنجاڭ» مائارىپ ئىنستىتۇتى رەھبەرلىرىگە تېلېفون بېرىپ: سىدىقھاجى رۇزىغا سىلەر چېقىلماڭلار، بىز ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىمىز، دىدى. قانداق بىر تەرەپ قىلماقچى؟! ئايالىم رابىيە قادىر:

- قاچ، سدىق قاچمساڭ بولمايدۇ، قۇرداشلىرىڭ ۋە دوسلىرىڭنىڭ هالى شۇ. بىز ئەمدى دەۋانى چەت ئەلدە قىلىمىز، قاچمساڭ بولمايدۇ.
نەگە ؟
-ئوهوي...!
-نەگە؟
-ئوتتۇرا ئاسياغا...
- ۋەتىنىم گەرچە مۇستەملىكە بولسىمۇ، مەن ئۇچۇن ئايۋان- سارايغا بەرگۈسىزدۇر. ئايۋان- سارايدىن ئايرىلىپ ئېغىلغا قاچامدىم... قاچسام ئامېرىكىغا قاچىمەن...
1996 - يىلى 2 - ئايدا مەركەزدىن ئۇرۇمچىگە «7- نومۇرلۇق هۆججەت» چۈشۈرۈلگەن ئىمىش. 1996-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنى شاڭخەيدە روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى قاتناشقان "شاڭخەي هەمكارلىق تەشكىلاتى" قۇرۇلماقچى بولدى، دېگەن خەۋەرلەر گېزىتلەرنى قاپلاپ كەتتى. دېمەك، روسىيە باشچىلىقىدا ئوتتۇرا ئاسيا دۆلەتلىرى ختاي بىلەن بىرلىشىپ شاڭخەيدە يىغىن ئېچىپ، ختاي مۇستە ملىكىچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قاتتىق باستۇرۇشىغا يېشىل چىراق يېقىپ بەرمەكچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن فلك داجىنىنىڭ سىگىنالىمۇ، يەنە باشقا هەممە، هەممە ئىش ئايدىڭ بولدى. قەيەردە سەن دېموكراتىك دۆلەت ئامېرىكا! قەيەردە سەن، قىزىل كىرىمىل ئىمپېرىيىسىنى پارچىلاپ 15 دۆلەتكە بۆلۈۋەتكەن دېمۇكراتىك دۇنيا ؟!
1996-يىلى 2-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى رابىيە قادىر ئەر-ئايال ئىككىمىز،[، ئىككىمىزنى" كۈزىتىپ" بىللە كەلگەن يەنە بىر كىشى بار ]بېيجىڭغا كېلىپ،ئامېرىكىنىڭ باش ئەلچىخانىسىغا كىردۇق. پاسپورتىمىزنى رابىيە خېنىم روجەككە ئۇزاتتى. بىر ختاي تەتەي قولىغا ئېلىپ ئىچكىرىدىن بىرسىنى چاقىردى.27 ياشلار چامىسىدا ئامېرىكىلىق بىر يىگىت كېلىپ، تەتەينى ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ : قارشى ئالىمىز رابىيە قادىر، سىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭنى قارشى ئالىمىز،- بىز سىنى

هامان بىر كۈنى مۇشۇ باش ئەلچىخانىغا كىلىدۇ دەپ،9يىل كۈتتۇق، دىدى........

خىتاي تىلىدا.

1996-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى رابىيە خېنىم ئىككىمىز ئولتۇرغان ئايروپىلان ياپۇنىيە ئارقىلىق ئۇچۇپ ئۆتۈپ ئامېرىكىنىڭ دېترويىت شەھىرىگە قوندى. 1996-يىلى 10-ئاينىڭ 17-كۈنى سىياسى پاناھلىق بېرىلگەن داكومىنت قولۇمغا تەگدى.1997-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۇيغۇرستاننىڭ غۇلجا شەھىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ زور كۆلەملىك نامايىشى پارتلىدى. 2-ئاينىڭ 15-كۈنى بىز ئۇيغۇرلار ۋشىنگىتۇندا 100 كىشىلىك نامايىش تەشكىللىدۇق.1998-يىلى 11-ئاينىڭ 25- كۈنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تىلىدا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ قارمىقىدا ئۇيغۇرلارغا رادىئو ئېچىپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1999-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈم. 1999-يىلى 8-ئاينىڭ 11-كۈنى مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە خېنىم ئۇرۇمچىدە خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى... باللىرىم قايسى كۈندە قالدى، مۇشۇ ۋاقىتتا باللىرىمنىڭ ھېسياتىنى كىم چۈشىنەر؟مەن قايسى كۈندە قالدىم، مۇشۇ ئاي مۇشۇ كۈنلەردە مېنىڭ ھېسياتىمنى كىم چۈشىنەر...؟

سىدىقھاجى رۇزى رابىيە قادىردىن 8يىل ئايرىلدى، كېيىنكى 6يىل ئىچىدە نە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى، نە ئۇنىڭ بىر پارچە خېتىنى كۆرمىدى. سىدىقھاجى رۇزى1999-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 2005-يىلى 3-ئاينىڭ 17-كۈنىگىچە ئۆزى ۋە باللىرى بولۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە 6 قېتىم گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.

كشلك هوقۇق تەشكىلاتلىرنىڭ بىسمى،ئامېركا ھۆكۈمتىنىڭ بىسمى، ئامېركنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلار كاتىپى كاندىلىزا رايىس خانىمنىڭ بىسمى ئارقلىق،ختاي ھۆكۈمتى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بىرىشكە مەجبۇر بولدى، رابىيە قادىر 2005-يىلى 3-ئاينىڭ17-كۈنى ۋا شىنگىتۇنغا يىتىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى ۋە سىياسى پائالىيەت سىدىقھاجى روزىنىڭ قولىدىن رابىيە قادىرنىڭ قولىغا ئۆتتى. سىدىقھاجى رۇزى ئارقا سەپكە چېكىنىپ، رابىيە قادىرنىڭ پائالىيەتلىرىگە ماتېريال تەييارلاپ بېرىدىغان كىشىگە ياكى كاتىپقا ئايلاندى.

تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسلىمىنىڭ داۋامى

1967-يىلىنىڭ ياز ئايلىرى بولسا كېرەك،ئۇيغۇرنىڭ ئەركەكلىرى پائالىيەت قىلىۋاتقان قەشقەردە ئاخۇنوپ تەشكىلاتىغا ۋەكىل بۇلۇپ، ۋەكىللەر ئۆمكىنى باشلاپ، رەھمەتلىك مجىت باتۇر،قەشقەردىن كىلىپ،«قىزىل 3- باتالىيۇن " تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى ئايتان ۋە باشقىلار............ بىلەن ئۇرۇمچىدە كۆرۈشكەن ئىدى. كۆرۈشۈشكە مەن تەكلىپ قىلىندىم،ئەمما مەن قاتناشمىدىم. كۆرۈشۈش ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتىتى بىناسىنىڭ 2- قەۋىتىدە "قىزىل 3- باتالىيۇن " ئىشخانىسىدا ئېلىپ بېرىلغان. نىمشقا قاتناشمىدىم...؟ ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارىمىدى ياكى باشقا بىرسى قاتناشما دېگەنمىدى؟ ھازىرغىچە ئەسلىيەلمىدىم. مجىت باتۇر، ئايتان ۋە باشقىلار بىرلىكتە قۇراللىق قوزغىلاڭ توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەنمىدى...؟ بىلمەيمەن.1969-يىلى 8-ئايدا ئۇيغۇرنىڭ ئەركەكلىرى ئاخۇنوپ، مجىت باتۇر رەھبەرلىكىدە قەشقەردە قۇراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. تۈرمىدە ئىدىم، شامالداشقا چىققان ئىدىم، رادىئو توختىماي سۆزلەپ تۇراتتى،- "مجىت، ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى قۇراللىق قوزغىلاڭ قەشقەردە باستۇرۇلدى...."، ھەتتەڭەي! شامالداشقا چىققان ھويلىدا ئىڭىشىپ قولۇمغا كېسەك ئېلىپ سېمونت -بىتۇن

تامغا" ياشسۇن مىللى قەھرىمان مىجىتنىڭ روھى"! دەپ،يازدىم. شوپۇر ئۇستام -جاپپار ئۇستامدىن باشقا، مەن بىلەن شامالداشقا چىققان جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى خىتاي ئىدى. جاپپار ئۇستام يېنىمغا كېلىپ، خەتنى يېڭى بىلەن ئۆچۈرۈۋېتىپ، - ئۇكام دەردىڭ ئۇنىڭسىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، دىدى.

1972-يىلى 10-ئاينىڭ 2-كۈنى قولۇمغا ئىشكەل پۇتۇمغا كىشەن سېلىپ تۈرمىنىڭ كارىدورىغا ئېلىپ چىقىشتى. نەگە بارىمەن؟ ئويلايتىم. كىچىك ماشىنىغا سېلىشتى،نەگە بارىمەن...؟ ئويلايتىم، لېكىن تېگىگە يىتەلمەيتىم. تىببى ئۇنۋېرستىتىغا ئېلىپ بېرىشتى.قان ئىسكىلاتىغا كەلدۇق،-دېيىشتى. خىيالىمغا قوشۇلۇپ بىر قورقۇنۇچ يىتىپ كەلدى...... مېنى بۇ يەرگە نېمىشقا ئېلىپ كېلىشتى...... ئۇزۇن كارىدور... بىر ئۇيغۇر كۆرۈنمەيدۇ... خۇدا دېدىم، خۇدادىن ئۆزۈمگە كۈچ ئالدىم، جۈرئەت ئالدىم. بۇ تۇپراق مېنىڭ، بۇ ۋەتەن مىنېڭ دېدىم ئۆزۈمگە ئۆزۈم كۈچ ئاتا قىلدىم. ئىچىمدە، قورقۇشتىن بوشاپ كېتىۋاتقان ماجالىمغا تەسەللى بەردىم. يەنە غەيرەتكە كەلدىم . ئوتتۇرا ھالقىسدىن بىلىمگە باغلاپ قويۇلغا ن 10 كىلوگېرامدىن ئېغىر كىشەننىڭ ژىپىنى يېشۋەتتىم. (قولۇمنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە بولاتتى )كىشەننى تاختايلىق پولنىڭ ئۈستىدە سۆرەپ ماڭدىم. ئوڭ پۇتۇمنىڭ ھالقا داننى سول پۇتۇمنىڭ ھالقا دانىغا ئۇرۇپ ماڭدىم. ( ھالقا دان كىشەننىڭ ھالقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان تۆمشۇقى) كىشەن شۇنداق رىتىملىك ئاۋاز چىقاردىكى ئىشخانە -ئىشخانىدىن، كارىدۇرغا قارىتىپ ئېچىلغان دېرىزىلەردىن بېشىنى چىقرىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان دوختۇر، سېستىرا تەتەيلەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ ئۆتتۈم. قولۇمدىكى ئىشكەلنى يىشۋىتىپ ئۈستەل ئۈستىگە ياتقۇزۇشتى.....سول قولۇمنى چىقرىپ بەردىم....450 گىرام قېنىمنى ئېلىۋالدى... شۇ كېچىسى تۈرمىدە ئانا...!! دەپ يىغلىدىم.ئىككىنچى يىلى باھار يىتىپ كەلگەندە تۈرمىدە چىشىمنى ژۇيۇشقا ئولتۇرۇپ، ئورنۇمدىن قوپۇشتا ئورنۇمدىن

دەرھال قوپالمايدىغان بۇلۇپ قالدىم....1977-يىلى 7-ئاينىڭ 31 كۈنى ئۈرۈمچىدە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدىم. ساقچى يالاپ ماشىنىغا سېلىپ ئاقسۇغا قارا پ ئېلىپ ماڭدى. نېمىشقا؟ چۈنكى، ئامېرىكا، خىتاي دۆلەتلىرى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان ۋاقىت يېقىنلاپ كەلگەچكە خىتاي ھۆكۈمىتى،" شىنجاڭ "دېگەن يەردە بارلىق سىياسى مەھبۇسلارنى ئارقا -ئارقىدىن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ئازاد قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

بۇ يەردە يەنە بىر دىتالنى قىستۇرۇپ ئۆتەى:

1977-يىلى 7-ئايدا مەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن كۈنلەردە 44يىل خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ياتقان ئۇيغۇرنىڭ دىنى ۋە سىياسى دائىسى ئابدۇل ئەزىز مەقسۇم قارا قىلچىڭ تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىپ،كۈچاغا تۇققانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قاراماىلىق شوپۇر تۇرسۇن ئەپەندى، قەشقەرگىچە يۈك قاچىلاپ، مە قسۇمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى بويىچە كۈچادىن ئېلىپ ئاتۇشقا ئېلىپ بېرىپ بۇ قېتىم مەھشەتتىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىكەن.

تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئېيتىپ بېرىشچە كۈچادا مەقسۇمنى يوقلاپ كىرگەنلەردىن كىمدۇ، بىرسى: مەقسۇم ئاخىرزامان قاچان كېلىدۇ، دەپ سورىغان ئىكەن. مەقسۇم جاۋاب بېرىپ:

-قاچان كېلەتتى...يېنىڭدىن خىتايلار ئۆتۈپ تۇرغاندا... خىتايلار يۇرت-ماكانىڭنى بېسىۋېلىپ سەن بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ، بىرگە قوپقاندا ئاخىرزامان، ئاخىر زامان كەلگەن بولىدۇ. بۈگۈن ساڭا ئاخىر زامان بولمىدىمۇ؟دەپتۇ.

مەن،دوستۇم شوپۇر ئابدۇللا سەلەي بىلەن ئابدۇل ئەزىز مەقسۇمنى يوقلاپ،1978-يىلى 7-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەقسۇمنىڭ مەھشەتتىكى ئۆيىگە كەلدۇق. ئۆينىڭ ئىچىدە 20-30 ئادەم مەخسۇمنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپتۇ. غە رىبى تام تەرەپكە بىر ياغاچ كارۋات

قويۇقلۇق ئىكەن، كارۋاتنىڭ شىمال تەرەپ بېشىغا بىر ياستۇق قويۇقلۇق ئىكەن. كارۋاتقا گىلەم، كۆرپە سېلىقلىق ئىكەن. ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن، تۈكى ئۆسمەيدىغان بېشى يالاڭباشتاق ئابدۇل ئەزىز مەقسۇم ئۈچىسىغا ئاق كۆينەك، شىم ئورنىدا ئاق تامبال كەيگەن ئابدۇل ئەزىز مەخسۇم كارۋاتتىن پۈتنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ نوتۇق سۆزلەۋاتقان ئىكەن. مەن تۆۋەندە مەقسۇمنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى رەھمەتلىكنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تەلەپپۇزى بويىچە يېزىپ قالدۇرىمەن. بىز ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن سۆز قەيەردىن باشلاندى بۇنىڭدىن خەۋىرىمىز يوق. مەقسۇم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق نوتۇق سۆزلىدى:

" گېرمان تۈگىسە دۇنيادا سانائەت تۈگەيدۇ،

ئىنگلىز تۈگىسە دۇنيادا سەياسەت تۈگەيدۇ،

تۈرك تۈگىسە دۇنيادا شەجائەت تۈگەيدۇ،

روس بىلەن خىتاي تۈگىسە دۇنيادا ئاپەت تۈگەيدۇ"،بۇ نۇتۇق مەقسۇمنىڭ ۋەسىيىتى ۋە ئامانىتى ئىدى. بۈگۈن بۇ يازمام ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەۋلادىغا تاپشۇردۇم. مەقسۇم ئۇرۇمچىدە زوكام بولۇپ قېلىپ دوختۇر خانىدا بىر ھەپتە يېتىپ، دوختۇر خانىدىن چىققاندا ئېلىشىپ قالدى...80 19-يىللارنىڭ مەلۇم بىر كۈنىدە نېفىت قاچىلاپ شەرققە ماڭغان پويىزنىڭ چاقى ئاستىدا قېلىپ يۇرۇق دۇنيا بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى.

دوستۇم ئېركى[مۇڭغۇل بۆرتالالىق] ئۇيغۇرچە ئىسمى ئەركىن ھازىر شىۋىتسىيىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ،قازاقىستاندىن كەلگەن.1968 - يىلى 5- ئايدا نامايىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شائىر دولقۇن ياسىننى چېگرادىن قازاقىستانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە مەسئۇل بولدى. "شائىر" قازاقىستانغا ئېلىپ كېلىندى.مەن ئېمىشقا دوستۇم ئەركىنگە -مەن چىقىپ كېتەي دېمىدىم ؟" قېچىپ قۇتۇل" دەپ،تېلېگرامما تاپشۇرۇپ ئالغاندىمۇ، بورتالاغا بېرىپ ساۋاقداشلىرىمنى ئىزدەپ تاپماقچى بولدۇم، لېكىن بىر تەرەپكە قېچىش بىر تەرەپكە كېتىش نىيىتىم يوق ئىدى.

هۆرمەتلىك ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم! ئۇكىمىز ئابدۇرەھىمجان ئابدۇرەشىد ئەپەندىم، ئا لىمجان ئەپەندىملەرنىڭ ھاۋالىسگە ئەمەل قىلىپ ئۇشبۇ تەرجىمەھالىمنى يېزىپ چىقتىم تۈركىيىگە نەشىر قىلىشقا بەرگەن كىتابىمغا تەرجىمە ھالىمنى قىسقىچە يېزىپ بەرگەن. بۇ قېتىم سەل ئۇزۇنراق يېزىلدى ئۆمرۈم يار بەرسە بېشىمدىن ئۆتكەن كۆنلەرنى تولۇق يېزىپ قالدۇرۇشۇم مۇمكىن. يۇقىرقى ئىشلار 1966-يىلدىن 1968-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يۈز بەرگەن ئىشلار ئىدى.ئەسلەش جەريانىدا ئازابلاندىم.قازاقىستانغا قېچىپ چىقىپ كەتكەن دوستلىرىمنىڭ ئىچىدە ئابىت، ئايتان ئوسمانوپلار بىرسى دوختۇر خانىدا، يەنە بىرسى ئىشلەۋاتقان يېرىدە قازاقىستاندا تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ كەتتى... پاكىتىم يوق لېكىن گۇمان قىلىمەن... يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بۇ ھېكايىلەر بۇنىڭدىن 45 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىشلار... ئادەمنىڭ ئەستە قالدۇرۇش كۈچىمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن. چۈشۈپ قالغان، كېمىپ قالغان تەرەپلىرى بولسا، ھازىرمۇ ھايات ياشاۋاتقان شۇ دەۋرىنىڭ ۋەقەلىرىگە شاھىد بولغان ۋەتەنداشلىرىمنىڭ تولۇقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. 45 يىل... ھازىرلا ياشلىقىمغا قايتقاندەك بولدۇم، بايراق كۆتۈرۈپ قاتارغا كىرىپ، ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىرگە خىتايغا قارشى نامايىش قىلغاندەك بولدۇم........

بىر قېتىم گېرمانىيىدە ئۇكىمىز ئالىمجان ماڭا:

_ سىزنىڭ بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىش، ۋەتەنگە، مىللەتكە، ئازادلىققا مۇناسىۋەتلىك بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىش ئىنتايىن كۆپ، ۋەتەننى، مىللەتنى دەپ، تۈرمىدە ياتقانلىقىڭىزدىن خەۋىرىمىز بار، يېزىپ قالدۇرۇشىڭىز، بىزگە سۆزلەپ بېرىشىڭىز كېرەك ئىدى، دېگەندە، مەن:

-ئوغۇل بالا ئۆتمۈشتە ئەركەكتەك ئىش قىلغان بولسا، ئەركەكتەك قىلغان ئىشلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى شۇ قىلغانلىرى ئاساسىدا يەنە ئەركەكتەك ئىش قىلىدۇ، دېگەن ئىدىم. مۇنداق قارىسام بۈگۈن ئويلىسام مېنىڭ بۇنداق كۆز قاراشلىرىم، ئالىمجان

ئۆكمىزغا دىگەنلىلىرىم يىگى دەۋردە ياشاۋاتقان سىيت گاڭگۈڭچە ئاخماقلىق ئىكەن. مەن سۆزلەپ بەرمىسەم مەن يېزىپ بەرمىسەم قىزىق ئىش مىنىڭ نىمە ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى كىم بىلىدۇ؟ مەسلەن، شۇ چاغدا مەن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ ئۈتەيدە قولغا ئىلىندىم، ئاجايىپ ھىكايىلارغا ( 1969-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى) تولغان بۇ كىچە توغرىسىدا كىمنىڭ خەۋرى بار دەيسلەر؟ باشقا ئادەملەرنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان قورقۇنۇچلۇق كىچىلەرغۇ، بۇ. مەن يېزىشىم كىرەك. ۋەتەنداشلىرىم بىلىپ قېلىشى كىرەكقۇ؟
مەيلى رابىيە قادىر بولسۇن، مەيلى مەن بۇلاي بىشىمىزدىن ئۆتكەنلەرنى، تارتقان كۈنلىرىمىزنى ھەرگىز ۋەتەنپەرۋەر ۋەتەنداشلىرىمىزغا سىلىشتۇرمايمىز، چۈنكى، ۋەتەن، مىللەت - دىگەن ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ بىشىدىن ياكى ئۇنداق ئىش ئۆتكەن بولىدۇ ياكى مۇنداق ئىش ئۆتكەن بولىدۇ. ئالدىنقى شەرت شۇكى، " ۋەتەن، مىللەت " دىگەن ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ بىشىدىن........ ئۆتكەن، بۇ دۇنيادا" ئازاپ - ئۇقۇبەت دەيدىغان نەرسىمۇ يوق" ، " خۇشاللىق ۋە شات- خۇراملىق دەيدىغان نەرسىمۇ يوق. پەقەت ئەھۋالنى، مۇھتنى بىر -بىرىگە سىلىشتۇرۇشلا بار" ،بىراق ئەقلىمىزنى ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خىتايلارغا سىلىشتۇرۇشقا تامامەن ھوقۇقلۇق بىز. لىن بياۋ موڭغۇلىيىنىڭ ۋىندۇرخان ئۆلكىسىدە ئۆلدى، سىياسى ئۆزگىرىش قىلىمەن دىدى قىلالمىدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ جىنىنىمۇ ساقلاپ قالالمىدى ؛ئامما سىدىقھاجى روزى،ئايتان ئوسمانوپ، ئىركى، قاتارلىق ساۋاقداشلار بىر مەيدان نامايىش تەشكىللەش ئارقىلىق خىتاينىڭ ئاساسى قانۇنىدا بەلگىلەنگەن" يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش" دەيدىغان بىر ماددىنى، خىتاينىڭ " مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش" دەيدىغان بىر ماددىغا ئۆزگەرتىشىدە، خىتايغا يىتەرلىك بىسىم پەيدا قىلالىدى. 1987-يىلى رابىيە قادىر 7 قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسىغا ھۇل تاش، ھۇل تاش ئۇستىگە پىششىق كىسەك قويغاندا،1مىليارد 300مىليۇن

نوپۇسقا ئىگە خىتاي مەملىكىتىدە تېخى بىر خىتاي،توخۇ كاتىنگىمۇ سالالمىغان ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ 10-20- يىللىرىدا فرانسىيىدە ئوقۇۋاتقان جۇئېنلەي، دىڭ شىياۋپىڭ، كالىفورنىيە، ياپۇنىيەدە ئوقۇغان ئامېرىكىلىق سۇ نىجۇڭسەن قاتارلىق خىتاينىڭ ئەينى چاغدىكى دېموكراتلىرى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا خەلقئارا جەمئىيەتتە ھېچ ئىش قىلالمىغان ئىدى. لېكىن شۇ ۋاقىتلاردا ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلسون ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق "ۋىلسون خىتابنامىسى" نى ئېلان قىلىپ،كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىگە نەزەرىيىۋى ئاساس تەييارلاپ بەرگەن چاغلار ئىدى. ھازىر ئوتتاۋادىن-سىدنىغىچە، ۋاشىنگتوندىن -بېرلىنغىچە،ئوسلودىن - ئامستېردامغىچە، ئالمۇتادىن- توكيوغىچە، ئەنقەرەدىن لوندونغىچە شۇ دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ھەربىر," ۋەتەن"، دېگەن ئۇيغۇر ئائىلىنىڭ نەسەپ تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرسەڭ، (ئايرىم ئۇيغۇر تىللىق ئائىلىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ) ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن، ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىنى ۋە قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەم كۆرەش قىلىدىغانلىقىنى بىمالال كۆرۈپ ئالالايسەن!

ئۇيغۇرلار ئۇمۇمىي يۈزلۈك ئويغىنىش دەۋرىگە يېتىپ كەلگەنمۇ؟ يېتىپ كەلدى، ئەلۋەتتە يېتىپ كەلدى مەيلى ئاڭلىقلىرى، ئاڭسىزلىرى، دېھقانلىرى، زىيالىيلىرى ئوخشاشلا شۇنداق دەۋرگە يىتىپ كەلگەنمۇ، يېتىپ كەلدى!!! ئويغىنىش ھەرىكىتى دېگەن نېمە؟ پەيلاسوپ كانت مۇنداق دەيدۇ: " ئويغىنىش ھەرىكىتى دېگەنلىك- ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزى- ئۆزىگە تېڭىپ قويغان پىششىپ يېتىلمىگەن ھالەتتىن قۇتۇلۇشى دېگەنلىكتۇر. پىششىپ يېتىلمىگەن ھالەت دېگىنىمىز،- باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە تايانماي تۇرۇپ،ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ ھەر قانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالماسلىق بۇ،پىششىپ يېتىلمىگەن ھالەت دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئەقىل-پاراسەتنىڭ كەملىكىدىن

ئەمەس بەلكى، باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە تايانماي تۇرۇپ، ئىشلىتىشكە تىگىشلىك غەيرەت، شىجائەت ۋە ئىرادىنىڭ كەم بولۇشىدىن ئىبارەت پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەت، ئىنسانىيەت ئۆزى- ئۆزىگە تېگىپ قويغان پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەتتۇر. غەيرەت- شىجائەتكىلا بولىدىكەن ئۇنداقتا، ئۆزۈڭ ئەقىل-پاراسىتىڭنى ئىشلەت! مانابۇ ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ شۇئارىدۇر.

2013-يىلى7 -ئاينىڭ22 -كۈنى يېزىلدى.
2014 -يىلى 2-ئاينىڭ12 -كۈنى قايتا تۈزۈتۈلدى. ۋاشىنگتۇن

## رابىيە قادىرنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى 7

2006-يىلى11 -ئاينىڭ26 -كۈنىدىن باشلاپ رابىيە قادىر خەلقئارا ئۇيغۇر مىللەت دەۋاسىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ھازىرغىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ كونا- يېڭى رەھبەرلىرى مۇئاۋىن رەئىس سىيىتىم تۇم تۈرك، ئىجرائىيە رەئىس دولقۇن ئەيسا، مۇئاۋىن رەئىس قەھرىمان غوجامبەردى، مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان، مۇئاۋىن رەئىس ئۆمەر قانات، ياۋروپا شەرقى تۈركىستان بىرلىكىنىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى كاتىپى نۇر مەمەت مۇساباي، دۇنيا ئۇيغۇر ئاياللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى رىسالەت خانىم، مۇئاۋىن رەئىسى ئاسىيە خانىم قاتارلىق ئۇيغۇر سىياسى پائالىيەتچىلەر ۋە ئۇيغۇر رەھبەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرنىڭ مىللەت دەۋاسىغا ۋەكىل بولۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.
رابىيە قادىر، شەرقى تۈركىستان، خىتاي ئىشغال قىلغاندىن كېيىن خىتاي تىلىدا شىنجاڭ دەپ ئاتىلىدىغان، بىر ئۆلكىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي شەھرىدە 1946-يىلى11 -ئاينىڭ15 - كۈنى دۇنياغا كەلدى.1949-يىلى 10- ئايدا خىتاي قىزىل ئارمىيىسى بۇ ئۆلكىگە تاجاۋۇز قىلىپ

كىرىپ، 1962-يىلى ئالتاي شەھرىدىكى ئۇيغۇرلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ، دادىسى قادىرجان ۋاقتىلىق ئالتايدا قالدى، رابىيە قادىرنىڭ ئانىسى تاجىنىسا باشلىق بىر ئائىلە كىشىلىرىنى جەنۇبى" شىنجاڭ" نىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە سۈرگۈن قىلدى.رابىيە قادىر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاقسۇدا تاماملىدى. ئىقتىسادى قىيىنچىلىق تۈپەيلى داۋاملىق ئوقۇيالماي ئائىلىگە قوشۇمچە كىرىم قىلىش يولىدا مەھەللىۋى تىجارەت قىلىپ، كىچىك باللارنىڭ كىيىم كىچەك، باش كىيىملىرىنى تىكىپ سېتىپ،ئۆزىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق تۇرمۇش كۆچۈرۈشكىمۇ يول قويمىغان خىتاي ھۆكۈمىتى، قانچە قېتىم رابىيە قادىرنىڭ پۇل -پىچەك،مال -بىساتى، تىكىپ قويغان كىيىم- كىچەكلىرىنى مۇسادىرە قىلدى.
1978-يىلى رابىيە قادىر، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، شەھەر ئاتلاپ تىجارەت قىلىپ،1980 -يىلى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلاھات -ئېچىۋىتىش دەۋرىگە يېتىپ كەلدى. 1987-يىلى ئاۋۋال8 " مارت سودا بازىرى" نى قۇرۇپ چىقىپ نەچچە يۈز لىگەن ئاياللارنى سودا تىجارەت قىلىشقا يېتەكلەپ ئۇلارغا چىقىش يولى تېپىپ بەردى. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سودا -تىجارەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشتە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلدى. رابىيە قادىر،سودا -تىجارەت ئارقىلىق شەرقى تۈركىستان " شىنجاڭ" نىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى شەھرىدە 7قەۋەتلىك ئاپارتمان سېلىپ،ئۇيغۇر ئاھالىلارنى يېڭى ئۆي بىلەن ھەقلىق تە مىنلىدى. 1991- يىلى پۈتۈن ياۋروپا ۋە سابىق سوۋېتلەر ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش دەۋرىگە يېتىپ كەلگەندە، خىتايدىمۇ سىياسەت بوشاپ، خىتايدا ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بېيىشىغا روخسەت قىلىشقا ۋە كەڭچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغاندا، رابىيە قادىر ئۈرۈمچى شەھرىدە، " رابىيە قادىر سودا سارىيى" نى سېلىپ پۈتتۈرۈپ، مىڭلارچە ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرگە دۇكان ئېچىپ باي بولۇش پۇرستى يارىتىپ بەردى.
ئۇيغۇر خانىم قىزلارنى جەمئىيەتكە يېتەكلەش، پۇل تېپىپ ئاياللارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىپ ئائىلىدە باللارنى

ياخشى تەربلەشكە ئىمكانىيەت يارىتش ئۈچۈن رابىيە قادىر،200 دىن ئارتۇق خانىم قىزلارنى تەشكىللەپ1997 -يىلى 12-ئاينىڭ15 -كۈنى "مىڭ ئانا شىركىتى"نى قۇرۇپ چىقتى. بىراق، شىركەت قۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان خىتاي ھۆكۈمىتى مىڭلارچە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىقتىسادقا باغلىق ئويغىنىشىدىن ۋە تەشكىللىنىۋاتقانلىقىدىن چۆچۈپ 1998-يىلى 2 - ئاينىڭ25 -كۈنى "مىڭ ئانا " شىركىتىنى تاقاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شىركەتنىڭ بانكىغائامانەت قويغان نەخ پۇلىنىمۇ توڭلاتتى. "مىڭ ئانا شىركىتى" نىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى ھەر قانداق سەۋەبسىز مۇسادىرە قىلدى.

رابىيە قادىرنىڭ تىجارەت دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىشمۇ شۇنچە كۆپىيىشكە باشلىدى.ھەتتا توك ئىدارىسى، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىللىرىمۇ، رابىيە قادىرنىڭ سودا -تىجارەتنى كېڭەيتىشكە توسقۇنلۇق پەيدا قىلدى.شەرقى تۈركىستان "شىنجاڭ" ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مىللى كادىرلىرىمۇ رابىيە قادىرغا سىياسەت بويىچە ياردەم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.دېمەك، رابىيە قادىر قەدەمدە بىر قېتىم كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە دۈچ كەلدى،ئۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇقلىرىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاشقا باشلىدى. كىشىلىك ھوقۇقى شۇنداق خورلۇققا دۈچ كېلىۋاتقان رابىيە قادىر ئۆزىنىڭ يولدىشى سىدىقھاجى روزىنى ئامېرىكىغا چىقىرىۋەتتى. ئۆزى ۋەتەندە قېلىپ گېزىتلەردە خەۋەر قىلىنغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئائىت بايانلىرنى كېسىپ توپلاپ، پوچتا ئارقىلىق ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۆمۈرلۈكى سىددىقھاجى روزىغا چىقىرىپ تۇردى ۋە ئەۋەتىپ تۇردى.

1999-يىلى8 -ئاينىڭ11 -كۈنى ئامېرىكا كوڭگىرسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كىلىپ، رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا، مېھمانلار چۈشكەن مېھمانخانە ئالدىغا يېتىپ كەلگەن رابىيە قادىر،خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. رابىيە قادىر

سومكسىغا سىلىۋالغان، " ئامېرىكا خەلقىگە مۇراجىئەت "ماۋزۇلۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئائىت يېزىلغان 10ماددىلىق بىر پارچە ماتېرىيال ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشتى.2000 -يىلى3 -ئاينىڭ9 -كۈنى خىتاينىڭ سوت ئورگانلىرى رابىيە قادىرغا8 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى.

"ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىغا ئوخشاش خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بېسىمى، بولۇپمۇ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ دۆلەتلىرى گېرمانىيە، ئەنگىلىيە، فىرانسىيە، نورۋىگىيە، ئاسىيادا ياپۇنىيە قاتارلىق دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ بېسىمى ۋە شۇ دۆلەت پارلامېنتلىرىنىڭ بېسىمى ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بىرىشكە مەجبۇر بولدى.

رابىيە قادىر2005 -يىلى ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا3 - ئاينىڭ17 -كۈنى ۋاشىنگتۇنغا يىتىپ كەلدى.

2005-يىلى4 -ئاينىڭ25 -كۈنى رابىيە قادىر، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى مەسلىسى توغرىسىدا تۇنجى بولۇپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.

2005-1 -يىلى6 -ئاينىڭ1 -كۈنى ئامېرىكا كوڭگىرىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە بېرىپ رابىيە قادىرنىڭ باللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىماقچى بولغاندا، رابىيە قادىرنىڭ روشەنگۈل ئابدۇرېھىم، قاھار ئابدۇرېھىم، ئالىم ئابدۇرېھىم، ئابلىكىم ئابدۇرېھىم قاتارلىق باللىرىنى خىتاي ساقچىلىرى قولىغا ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاھار ئابدۇرېھىم 6 ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. روشەنگۈل ئابدۇرېھىم3 كۈندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. رابىيە قادىرنىڭ باللىرىنى قولغا ئالغاندا ساقچىلار، رابىيە قادىرنىڭ قىزى روشەنگۈلنىڭ قولىغا تېلېفوننى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنى ئۇرۇپ قىيناپ، ئۇنىڭ تاياق زەربىدىن ئانا دەپ توۋلىغان ئاۋازىنى ساقچىلار تېلېفون ئارقىلىق ۋاشىنگتوندىكى ئانىسى رابىيە قادىرغا ئاڭلاتتى.

2- رابىيە قادىر 2006-يىلى11 -ئاينىڭ26 -كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغاندا، خىتاينىڭ سوت ئورگانلىرى رابىيە قادىرنىڭ كىچىك ئوغلى ئالىم ئابدۇرېھىمغا تۆھمەت بىلەن "باج تاپشۇرمىدى "دەپ،جىنايەت ئارتىپ7 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى. مىللى بۆلگۈنچىلىككە قۇتۇرتىپ تور بىتىگە ماقالە يازدى دەپ، جىنايەت ئارتىپ رابىيە قادىرنىڭ ئوتتۇرانجى ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىمغا 9يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى.

3- 2005-يىلى10 - ئاينىڭ5 -كۈندىن25 -كۈنگىچە، رابىيە قادىر گوللاندىيە، بىلگىيە قاتارلىق 7 ياۋروپا دۆلەتلىرىگە كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسى قىلىپ بېرىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى يەتكۈزدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قانداق دەپسەندە قىلغانلىقىنى پاش قىلدي.

4- رابىيە قادىر، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى بىر تەشكىلاتقا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى بىر تەشكىلات رەھبەرلىكىنىڭ ئاستىغا توپلىدى.

5- ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپ -دەۋالىرىنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت پىروگراممىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ دۇنياسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ،رابىيە قادىر ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى دۇنياۋى كۈن تەرتىپكە ئېلىپ كەلدى.

6- ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ۋە شەرقى ياۋروپا دا چىخ جۇمھۇرىيىتىگە ئالاھىدە يىتىپ بېرىپ رابىيە قادىر7 يىلدىن بېرى توختىماي دۇنيا بويىلاپ ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى قىلدى.

7-گېرمانىيە، شۋېتسىيە، شۋېتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە داۋاملىق بېرىپ رابىيە قادىر، شۇ دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋە

پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا كىرىپ نوۋاك ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، يەنە بىر نەچچە قېتىم باشقا رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا يەتكۈزدى.شۇ دۆلەتلەرگە داۋاملىق ئاڭلاتتى. مۇخبىرلارنىڭ ئىز قوغلاپ خەۋەر قىلىشى ئارقىلىق ئۇيغۇر دەۋاسى شۇ دۆلەتلەردە مەتبۇئاتلاردا يەر ئالدى. تېلېۋىزىيىدە كۆرستىلدى. دۇنياۋى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى مەلۇم قىلىپ، ھەمكارلىشىپ، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

8- رابىيە قادىر، ۋەتەن ئىچىدە قۇدرەتلىك ئۇيغۇرلارنىڭ، ۋەتەن سىرتىدا ھەقىقى ئەخلاقلىق ئادىمى ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

9- رابىيە قادىر، ئىتالىيە كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا، نورۋىگىيە رافتو مۇكاپاتىغا، تۈركىيە مەزلۇملار مۇكاپاتىغا، ئامېرىكىدا كىشىلىك ھوقۇقنى كۈزەتكۈچى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى بولۇپ، جەمئى5 قېتىم كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

10-2009 -يىلى 7-ئاينىڭ5 - كۈنى "شىنجاڭ" نىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى نامايىشىنى رابىيە قادىر پىلانلىدى دەپ، ھۆكۈم قىلىپ 500 نەپەر ئۇيغۇر تىجارەتچىنى رابىيە قادىر سودا سارىيىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، سودا سارايىغا قۇلۇپ سالدى.

11- ۋەقەدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىكى ئىككى نەپەر ئوغلىنى ئادەتتىكى جازا بېرىش تۈرمىسىدىن قاتتىق باشقۇرىدىغان تۈرمىگە يۆتكەپ كەتتى. ھازىرغىچە ئوغلى ئابلىكىم

ئابدۇرېھىم تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلمىدى. كىچىكى ئالىم ئابدۇرېھىم كېيىن ۋاقتى توشۇپ تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلدى.

12 - كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن پائالىيەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ نىشانىغا ئايلاندۇرغان رابىيە قادىر، خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى، كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، مال -مۈلكىدىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ بالىلىرى ۋەتەندە خىتاينىڭ تەھدىتى ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسا، رابىيە قادىر،چەتئەللەردە خىتاي داشقاللىرىنىڭ تەھدىتى ئىچىدە ياشاپ تۇرسىمۇ يەنىلا، ئامېرىكا ۋە غەربى ياۋروپا، ئاسىيادا ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە دۆلەتلىرى دېموكراتىك ئەللەر يارىتىپ بەرگەن پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلىشىغا تايىنىپ، رابىيە قادىر توختىماي كىشىلىك ھوقۇق پىئالىيتى قىلىۋاتىدۇ.

13- رابىيە قادىر، ئامېرىكا دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاياللارنى يەنە شۇ ئاياللارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇمۇمى 6 قېتىم دۇنيا بويىچە سىمنارىيىگە تەشكىللەپ، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق بويىچە تەربىلەشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىمكانىيەت ياراتتى.

14 -رابىيە قادىر قايسى دۆلەتكە بېرىپ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى قىلماقچى بولسا، خىتاي ھۆكۈمىتى شۇ دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ، رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىنى چەكلىمەكچى بولدى. لېكىن رابىيە قادىر ھەرگىز تەۋرەنمىدى.

15 -رابىيە قادىر، تىبەت، موڭغۇل، خىتاي دېموكراتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ يوللىرىنى ئاچتى.

16 - رابىيە قادىر پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا چاقىرىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ 3 يۈز دوللار، 5 يۈز دوللاردىن ئىئانەقىلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئامېرىكىدا فورت ۋاشىنگتۇندا ئۇيغۇر ئۆيى سېتىۋېلىپ، ئۇيغۇرنىڭ مىللەت كىملىكىنىڭ يوقۇلۇپ كەتمەسلىكىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئۇيغۇرنىڭ ئىلغار

زىيالىيلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇپ چىقتى.ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى، دىنى ئېتىقادىنى قوغداشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىشى كېرەكلىكىنى، يېڭىلا سېتىپ ئالغان ئۇيغۇر ئۆيىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشنى دائىم تەكىتلىدى.

17- رابىيە قادىر،ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك هوقۇق دەۋاسىنى تىنچ يول بىلەن ئېلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، خىتاي بىلەن دىئالوگ قۇرۇشقا مۇراجىئەت قىلدى.

19- رابىيە قادىر7 يىل جەريانىدا تەخمىنەن 17 قېتىم ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ، خىتاي هۆكۈمىتى دەپسەندە قىلغان ئۇيغۇر كىشىلىك خاتىرىسىنى، دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىغا ئاشكارىلىدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش 2012-يىلى 7-ئاينىڭ 25 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئېلىپ بېرىلدى.

20- ئەرەپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەشۋىقات -مەتبۇئات ۋاستىلىرىدا، ئۇيغۇرنى تونۇشتۇرىدىغان پىروگىراممىنىڭ بېرىدە 2012 -يىلى7 -ئاينىڭ 31-كۈنى ئەتىگەندە قاتارنىڭ" ئەلجەزىرە تېلېۋىزيە" قانىلىدا ئۇيغۇر مىللى هەرىكىتىنىڭ رەهبىرى رابىيە قادىر خانىم تونۇشتۇرۇلدى. بۇ پىروگىراممىنىڭ ۋاقتى 1 سائەتتىن ئارتۇق بولدى. بۇ ھەقىقەتەن بۈيۈك بىر ئىش بولدى.

21 -رابىيە قادىر خانىم 2012-يىلىدىكى "خەلقئارادىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك 500مۇسۇلمان" نىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىپ، شۇ ساننىڭ ئىچىدە 49 - مەرتىۋىگە قويۇلدى. بۇمۇ ھەم ئىنتايىن ئۇلۇغ بىر ئىش بولدى.

22 - ئۇيغۇر مىللى هەرىكىتى رەهبىرى رابىيە قادىر خانىم، 2013-يىلى1 -ئاينىڭ 17-كۈنى ئامېرىكىنىڭ" خەلقئارالىق ئەركىنلىك مۇكاپاتى"غا ئېرىشتى. بۇ مۇكاپاتنىڭ بېرىلىشى ئەلىيۇل ئەلالىق ئۇستىگە يەنە بىر قېتىملىق دەنا غەلبە بولدى. جەئى6 قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

رابىيە قادىرنىڭ ئائىلە ئەھۋالى توغۇەندىكىچە:
1) رابىيە قادىرنىڭ ئۆمۈرلىكى سىدىقھاجى روزىنىڭ دادىسى روزى قارى، زومگەر پومشچىك ئايرىلىپ،1952 -11-ئايدىن1955 -يىلى11 -ئايغىچە خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى، بەلكى شۇ ئايدا تۈرمىدىن روزى قارىنىڭ تىرىكى ئەمەس جەسىدى يېنىپ چىقتى.
2)سىدىقھاجى روزى،1968 -يىلى ئۈرۈمچىدە، "خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى"نىڭ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە مەسئۇل رەھبىرى بولۇپ،3 -باتالىيۇن ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى" مىللەتچى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، 1969-يىلى1 -ئاينىڭ 17 -كۈندىن 1977-يىلى 10-ئايغىچە خىتاينىڭ ئۈرۈمچىدىكى لىيۇداۋەن تۈرمىسىدە ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە 8يىل 9-ئاي ھەپسىدە ياتتى.
3)رابىيە قادىر، ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۆمۈرلۈكى سىدىقھاجى روزىغا گېزىت ماتېرىيالىلىرىنى يوللاپ بىرىپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىن ئۈرۈمچىگە يىتىپ كەلگەن مېھمانلار نىڭ تەكلىپى بويىچە كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۆلار چۈشكەن مېھمانخانىغا كېتىۋېتىپ قولغا ئېلىنىپ، 1999 -يىلى8 -ئاينىڭ11 1-كۈندىن 2005 -يىلى 3 -ئاينىڭ 17 -كۈنگىچە 5يېرىم يىل خىتاينىڭ ئۈرۈمچىدىكى لىيۇداۋەن، بااجىياخۇ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى.
4) ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرېھىم 2006-يىلى-11 ئاينىڭ 26-كۈنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن7 يىللىق قاماق جازاسىسىغا ھۆكۈم قىلىندى.
5)ئوغلىمىز ئابلىكىم ئابدۇرېھىم خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قانۇنسىز ئەدلىيىسى تەرىپىدىن تور بېتىگە ماقالە يېزىپ مىللەتلەر ئارا ئۆچمەنلىككە قۇتراتقۇچى جىنايىتى ئارتىلىپ 9 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ھازىر تۈرمىدە ھەپسىدە. بۇنىڭدىن بۇرۇن 1999 -يىلى ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىم، ئانىسى رابىيە قادىر بىلەن بىرلا ۋاقىتتا قولغا

ئېلىنىپ3 يىللىق" لاۋجاۋ"غا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىنىپ 9 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.
6)ئوغلىمىز قاھار ئابدۇرېھىم2006 -يىلى6 -ئاينىڭ1 - كۈندىن12 - ئاينىڭ1 -كۈنىگىچە يېرىم يىل خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى.
7)رابىيە قادىر 2013-يىلى4 -ئاينىڭ20 -كۈندىن 26 -كۈنىگىچە فىرانسىيىنىڭ فارىژ شەھرىدە يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغان، تەسىرى بار، بىلىملىك ئەخلاقلىق ئۇيغۇر ئاياللىرىنى خەلقئارا قۇرۇلتايغا چاقىرىپ، تۇنجى قېتىم " دۇنيا ئۇيغۇر ئاياللىرى بىرلىكى"نى قۇرۇپ چىقتى.
سىدىقھاجى روزى بىلەن رابىيە قادىر ئائىلىسى ئىلگىرى -كېيىن بولۇپ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن سىياسى جىنايەت، ئۇيغۇر ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئۇيغۇر ئۈچۈن مىللەتچىلىك قىلىپ، 37يىل خىتاينىڭ قولىدا ھەپسىدە ياتتى.
2013-يىلى 7 ئاينىڭ11 -كۈنى ۋاشىنگتون.

## قەدىمكى جۇڭگو قانچىلىك تېررىتورىيىگە ئىگە ئىدى

يازغۇچى گې جيەن شۇڭ يېقىنقى ماۋزۇ ئاستىدا خىتاينىڭ جۇغراپىيىلىك تېررىتورىيە تارىخىنىڭ ئەسلى مەۋجۇت قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ چىقتى. ھازىرقى جۇڭگو دېگەن ئىسىم 1912 – يىلىدىن باشلاپ رەسمى خاس ئىسىم سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىسىم جۇڭگو مۇقىملاشمىغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىلا كۆرسىتىدىغان جۇڭگو دېگەن بۇ ئىسىم بەزى چاغلاردا كېڭەيتىلىپ، دۆلەت ئۇقۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىسمىغىمۇ ئايلانغان. مانجۇ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە پۈتۈن سۇلالە جۇڭگو دەپ، ئاتالغان ئىدى. بۇ خانلىق دەسلەپتە ئىچكىرى خىتاينىڭ 18 ئۆلكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شەرقىي – شىمال، ئىچكى مۇڭغۇلىيە، تىبەت، شىنجاڭ رايونلىرى مانجۇ سۇلالىسىنىڭ تەركىبىدە ئەمەس ئىدى، دەپ كۆرسەتكەن. گې جيەن شۇڭ ئەپەندى، خىتاي تارىخچىلىرىنىڭ يۈزگە بىر كاچات سالغان يازغۇچىدۇر.

مەسىلەن دەپ، باشلايدۇ گې جيەن شۇڭ ئەپەندى: دەسلەپكى چاغلاردا غەربىي خەننىڭ چېگرا تېررىتورىيىسى خېشى كارىدورىغىمۇ يەتمىگەن، كېيىن بالقاش كۆلىگىچە يېتىپ بارغان، ئاخىرقى دەۋرىدە غەربىي خەن يۈمىنگۈەنگە چېكىنىپ كەلگەن. تاڭ تەيزوڭ شەرقىي تۈركلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسى بالقاش كۆلى ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەن، كېيىنكى تۈركلەر باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسى چېكىنىپ، يىنشەن تاغ ئېتەكلىرىنى چېگرا پاسىلى قىلغان ئىدى. مانجۇ – مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ يۈكسېك يىللىرىدا، سۇلالىنىڭ تېررىتورىيىسى ھازىرقى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى. 18 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە چەنلوڭ يىللىرىدا،

مەنچىك سۇلالىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بويسۇندۇرۇپ، بالقاش كۆلى ۋە پامىر تاغلىرىغا يېتىپ كەلگەن. مەسىلەن دەپ داۋاملاشتۇرىدۇ، يازغۇچى گې جيەن شۇڭ: غەربىي خەننىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە هۇنلارنىڭ قەبىلە باشلىقى دەن يۇ، غەربىي خەن سۇلالىسىغا تەسلىم بولغان ئىدى، لېكىن خەنشۆەندى هۇنلارنى غەربىي خەنگە قوشۇۋالماي، قەبىلە باشلىغىنى هۇن دۆلىتىگە قايتۇرۇۋەتكەن، سەددىچىن سېپىلىنى چېگرا پاسىلى قىلىپ بېكىتىپ ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالىغان، شۇڭا خەن سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسى يىنشەن تاغلىرىدىن هالقىپ چىقمىغان، خەن سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە، هۇن قەبىلىرى ياشاۋاتقان تېررىتورىيىلەر ئەسلا مەنسۇپ بولمىغان ئىدى. يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ گې جيەن شۇڭ ئەپەندى:

چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئاسىيادىن چىقىپ ياۋروپاغا يېتىپ كەلگەن، قۇبلەيخان يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغان چاغدا، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرى ئايرىم – ئايرىم دۆلەت قۇرۇپ، تارىختا تۆت بۈيۈك خانلىق دەپ ئاتالغان ئىدى. بۇ خانلىقلار يۈەن سۇلالىسىغا بېقىنمايدىغىنا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل هاكىمىيەتلەر ئىدى. بىراق، پادىشاهنىڭ ئەۋلادلىرى بىر ئەۋلادنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسمۇ هەرگىز شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالالمىغان ئىدى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ئۇيغۇر خاندانلىقى قۇرۇلۇپ بولغان بولسا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسى توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشقا توغرا كەلگەندە يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپانى تىلغا ئېلىشقا تېخىمۇ بولمايتتى، دەيدۇ.

تاجاۋۇزچىلىق، ئۇرۇش، ئۇرۇش ئارقىلىق تاجاۋۇزچىلارنى چېكىندۇرۇش يەنە ئۇرۇش دۇنيا تارىخىنىڭ تەركىبىنى يەنى تىنچلىق، ئۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى تەرىپىنى بەلگىلىگەن، تارىخنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىدۇر. تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بىر دۆلەت بىلەن تاجاۋۇزچىلىققا

ئۇچرىغان ئىككىنچى بىر دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئۆزئارا ئۆرۈش قىلىش ۋە ئۆزئارا تىنچلىق ئورنۇتۇشتىن ئىبارەت مۇناسىۋەتلەر تارىخىدۇر. تارىختا غەربىي قىرغاقلارغا تاجاۋۇز قىلغان غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ بالقاش كۆلىگە يېتىپ بارغانلىقى (ئەگگەر رىۋايەت بولمىسا) قانچىلىك ئوبيېكتىپ بولسا، كېيىن چېكىنىپ غەربىي خەننىڭ يۇمىنگۇەننى چېگرا پاسىلى قىلغانلىقى يەنە شۇنچىلىك ئەقلىگە مۇۋاپىق ئوبيېكتىپ تارىخى ئەمەلىيەتتۇر.

57 يىلدىن بېرى ئاتالمىش شىنجاڭدا خىتاي تارىخچىلىرى، تارىخنى ئۆزگەرتىپ يېزىشقا باش قاتۇرۇپ، غەربىخەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى قانداق ئىدارە قىلغانلىقى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى قانداق باشقۇرغانلىقى توغرىسىدا، رىۋايەتلەرنى تارىخى رەۋىشتە قۇراشتۇرۇپ، سەپسەتەلەشكەن مەنتىقە بويىچە (شىنجاڭ خەن دەۋرىدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىدى) دەيدىغان زامانىۋىلاشقان رىۋايەتلەرنى يېزىپ چىقىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ تۇيغۇسىنىڭ ئەقلى، مەنتىقى، ئۇقۇملاشقان تارىخ ساھەسىگە تەرەققى قىلىشىنى چەكلەپ كەلدى. بۈگۈن گې جيەن شۇڭ ئەپەندى يۇقىرىقى تارىخچىلارنىڭ يۈزىگە بىر كاچات سالدى.

2007 – 2 – ئاينىڭ 21 – كۈنى

2007 – يىلى 2 – ئاينىڭ 6 – كۈنى

## بۇ بەلگىلەنگەن سىياسەتمۇ ياكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيىسىمۇ؟

خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا يېقىندىن بېرى، ئۇيغۇر يېزىلىرىدا، كەنتلەردە، ۋاڭ دۇيجاڭ، لى شېجاڭلار پەيدا بولۇپتۇ. خىتاي كۆچمەنلەر

ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسەت تۈزگۈچىلىرى، نامرات ئۇيغۇرلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ (ئاكتىپ چارىلىرىنى) ئويلاپ چىقىپ، تۆت يۈز مىڭ ئۇيغۇرنى تەربىيىلەپ، بۇنىڭ ئىچىدە 100 مىڭ نەپەر ئۇيغۇرنى، 2007 – يىلى بىر يىل ئىچىدە ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەيدىغان پىلاننى تۈزۈپتۇ. ئۆتكەن يىلنىڭكىپىنكى يېرىمىدا، پوسكام، پەيزاۋات، يوپۇرغا ناھىيىلىرىدىن، 600 نەپەر ئۇيغۇر قىزنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كەتكەن بولسا، يىل ئاخىرىغىچە بىرلا يوپۇرغا ناھىيىسىدىن 2450 نەپەر ئۇيغۇرنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىپتۇ. ۋاڭ لېچۇەن، ۋاڭ بەكرى قاتارلىقلار باشلامچىلىقىدىكى مەكتەپتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپكىچە خىتاي تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تارىخ ياراتقان، مەدەنىيەت ياراتقان ئۇيغۇر تىلىنى دەرسخانىلاردىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ئاز كۈن ئۆتمەي ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدىغان بولسا، ئۇيغۇرلار ئەمدى بەش ۋاخ نامازنى خىتاي تىلىدا ئوقۇشى كېرەكمۇ؟

ۋەتىنىڭنى، تۇپراقلىرىڭنى خىتاي كۆچمەنلىرى تارتىۋالدى، مازار بىلەن قەبرىستانلىق، خورلۇق ۋە ئۆلۈم ساڭا ئېشىپ قالدى ئۇيغۇر! ئانا تىلىڭنى خىتاي كۆچمەنلىرى تارتىۋالدى، ئەمدى ساڭا نېمە ئېشىپ قالدى ئۇيغۇر!

ئاتالمىش ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ كېتىش، ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىش يەنى ئۇيغۇرنى مىللەت سۈپىتىدە تامامەن يوقۇتۇش كۈن تەرتىپكە قويۇلغاندا ئۇيغۇرلار نېمىلەرنى ئويلىدى؟ غورۇرلۇق ئۇيغۇر ئەركەكلىرى نېمىلەرنى ئويلىدى؟ ئېپارخاندەك غورۇرلۇق ئۇيغۇر قىزلىرى، ئىچكىرى خىتاينىڭ قايسى ئۆلكىلىرىدە، قايسى سەھرالىرىدا خىتايلار تەرىپىدىن خورلاندى؟ تۈرمىلەردە فالۇنگۇڭچى خىتايلارنىڭ بۆرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، دوللارغا ئايلاندۇرغان، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خوردار بولۇپ كەتكەن خىتاي قاسساپلىرى، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بالىياتقۇسىنى چىقىرىۋېلىپ دورا ياساپ ساتمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ خىتاي يەنە خىتاينىڭ بۆرىكىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋالغان

يەردە، ختاي ئۇيغۇرنىڭ بۆرىكىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋالمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ ئىچكىرى ختايغا يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر ئەركەكلىرى، ئۇيغۇر قىزلىرى زادى قەيەردە؟ ئۇيغۇر قىزلىرى قايسى رېستۇرانغا سېتىۋېتىلگەن، قايسى مابەنزىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن؟ ئاتالمىش ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىچكىرى ختايغا يۆتكەپ كېتىش ختاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى بەلگىلىگەن سىياسەتمۇ ياكى «شىنجاڭ» ھەربىي رايونىنىڭ ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيىسىمۇ؟ ئېنىق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھازىر ئۇيغۇرىستان ئۇرۇشتىن ئاۋۋال تازىلاشقا تېگىشلىك ھەربىي ئىشلار رايونىغا ئوخشاپ قالدى. قىرغىزىستاندا ئامېرىكىنىڭ ھاۋا ئارمىيە بازىسى تۇرۇپتۇ. ئافغانىستاندا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ تىچلىق ساقلاش قىسىملىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرى نامىدا ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى ختايغا يۆتكەپ كېتىش بۇڭۇندىن باشلانغان. ئىش ئەمەس. 2001 – يىلى ئامېرىكا ئارمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنى يۆتكەپ كېتىش 2002 – يىللىرى باشلانغان ئىدى. ختاينىڭ ھەربىي قورال – ياراغلارنى تەشكىللەش بويىچە مۇتەخەسسىسى تېڭ جيەنچۈن 2 – ئاينىڭ 7 – كۈنى ئەگەر ئامېرىكا شىمالىي كورىيىگە ئۇرۇش ئاچىدىكەن، جۇڭگونىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتى، جۇڭگونى ئامېرىكا بىلەن ھەربىي توقۇنۇشقا زورلىشى مۇمكىن، دەپ كۆرسەتتى. ختاي ھۆكۈمىتى ھازىر تەيۋەن بوغىزىدا خەلقئارا جەمئىيەتكە شەپە بېرىپ، ھەربىي قىسىملارنى، ساقچى قىسىملارنى «شىنجاڭغا»يۆتكەپ، بۇ ئۆلكىدە جىددىيلىك پەيدا قىلدى. 1 – ئاينىڭ 5 – كۈنى 18 نەپەر ئۇيغۇرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئېتىشىشتا ئۆلگەن ساقچىغا ماتەم تۇتۇپ خۇددى ھەربىي ئىشلارغا سەپەرۋەرلىك قىلغاندەك بىر ئىشلارنى قىلغان ئىدى. ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش، دەپ چىرايلىق نام بىلەن ئاتالغان بۇ ھەرىكەت ئەمەلىيەتتە قورال تۇتالايدىغان، ئۇرۇش قىلالايدىغان ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى ختايغا

يۈتكەپ كېتىش، دېگەنلىكتۇر. 1950 – يىلى كورىيە ئۇرۇشى باشلىنىشىنىڭ ھارپىسىدا ستالىن بىلەن ماۋ زېدۇڭ بىرلىشىپ يەنبىيەن، چاڭبەيشەن تاغلىرى ئەتراپىدا ياشايدىغان كورىيانلارنى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىياغا يۆتكەپ كەلگەن. ھازىر ئۇيغۇرىستاندا ختاي ھەربىي تەرەپ بەلكى شۇنداق ھەرىكەتنى باشلىۋەتتى. ئۇرۇش دەۋرىدە گىتلېرمۇ جۇيىشلارنى جازا لاگىرلىرىغا يۆتكەپ كەتكەنتى. ئاتالمىش ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىچكىرى ختايغا يۆتكەش ھەرىكىتىنى بۇنىڭدىن ئۆزگىچە چۈشەندۈرۈش مۇمكىنمۇ؟

2007 – يىلى 2 – ئاينىڭ 6 – كۈنى

2007 – يىلى 2 – ئاينىڭ 12 – كۈنى

**«شۇملۇقنىڭ بېشارىتى»**

1 – ئاينىڭ 14 – كۈنى ئەنگلىيىنىڭ (قوغداش گېزىتى)، (ھوقۇق، چىرىكلىشىش ۋە سەپسەتە) سەرلەۋھە ئاستىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيىلىك مەخسۇس ستون يازغۇچى ۋېل خاتۇنىنىڭ (شۇملۇقنىڭ بېشارىتى) ماۋزۇلۇق يېڭى ئېلان قىلىنغان كىتابىنى تونۇشتۇرغان ئىدى. ۋېل خاتۇن : «غەرب دۇنياسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا جۇڭگو ھەقىقەتەن ئىقتىساد دۆلىتى بولۇپ قالدى. بىراق، غەرب دۇنياسىنىڭ جۇڭگولۇقلارنى چۈشىنىشى مۇبالىغە قىلىپ ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنالمىدى، جۇڭگولۇقلارنىڭ تەھدىتىگە نىسبەتەن كۆزقاراشلاردا مۇجىمەللىك بىلەن ئېنىقلىق ئارىلىشىپ كەتتى، شۇنداق كېتىۋەرسە ئاقىۋەت ئەندىشە پەيدا قىلىدۇ» دېگەنتى.

«غەرب دۇنياسى – جۇڭگولۇقلار كومىنىزىمدىن ۋاز كېچىپ كاپىتالىزىم يولىنى تاللىۋالغاچقا، ئىقتىساد تېز تەرەققىي قىلدى، دەپ خاتا چۈشىنىپ قېلىشتى، جۇڭگولۇقلار بۇ يولنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يولى، دەپ ئاتاشقا باشلىدى. تەدرىجى كۆزەتسەك، دەپ يازدى ۋېلخاتۇن:

ختاي كوممۇنىستلىرىنىڭ باشتىن – ئاخىر سىياسەتنى كونترول قىلىپلا قالماي ئەمەلىيەتتە ئىقتىساد تەرەققىيات جەريانىنىمۇ قاتتىق كونترول قىلغانلىقىنى بايقايمىز. كاپىتالىزىم ئۇقۇمىغا ئەگىشىپ كېلىدىغان ئەركىن مۇلۇكچىلىك ھوقۇقى ۋە شىركەتلەر مۇلۇكچىلىك ھوقۇقى جۇڭگو بۇ دۆلەتتە ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس» دەپ كۆرسەتتى. ۋېل خاتۇن، ئەمەلىيەتنىڭ ھەقىقى قىياپىتى، دەپ داۋاملاشتۇرۇپ ۋېل خاتۇن: «جۇڭگودا يولغا قويۇلغان سىياسەت ختاي كوممۇنىستلىرى ئۆزلىرى ئېيتقاندەك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىمۇ ئەمەس ياكى غەربلىكلەر ئاشۇرۇۋەتكەندەك كاپىتالىستىك ئىقتىساد ئىگىلىكىمۇ ئەمەس، پەقەت لېنىنىزىمچە كوللېكتىۋىزىملىق سىياسەت ۋە لېنىنىزىمچە ئىقتىساد سىياسىتىدۇر» دەپ خۇلاسە چىقاردى. «جۇڭنەنخەي سىياسەت، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت مەنبەلىرىنى مونوپول قىلىپ ئورتاق تەقسىم قىلىدۇ. مۇتلەق ھوقۇق مۇتلەق چىرىكلىشىشنى كەلتۇرۇپ چىقارغانلىقتىن، پۈتكۈل تۈزۈم مۇقىمسىز، مۇۋەزىنەتسىز، ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن، چىرىكلەشكەن بولغاچقا كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتى يىمىرىلىدۇ، پارچىلىنىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلدى، ۋېل خاتۇن.

«كوممۇنىستلار يىمىرىلىدۇ، جۇڭگو پارچىلىنىدۇ. تارىخى نۆۋەتلەردە مەسىلەن 1910 – يىللاردىن ، 1920 – يىللارغىچە مىللەتارىستلار بۆلۈپ – بۆلۈپ ئىدارە قىلغاندەك، ھەرقايسى ئۆلكە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى جۇڭگودا يېڭى بىرياۋۇز ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا چىقىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى كونترول قىلىپ ئېچىۋېتىش سىياستىنى، ئىقتىسادى ئىسلاھات سىياستىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى مۇمكىن، بۇ ياۋۇز ھاكىمىيەت پۇقرالارنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خەلقئارادا ئۇرۇش يەنى تەيەنگە ھۇجۇم قىلىشتەك ئۇرۇش قوزغىشى مۇمكىن» دەپ يازغان ئىدى، مەخسۇس ستون يازغۇچى ۋېل خاتۇن.

تارىخ تەكرارلىنامدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ 30 – 40 – يىللاردا قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق ئىككى قېتىم مۇستەقىللىق جاكارلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ

مۇستەقىللىق تەلەپلىرى، ئېھتىياج ۋە زۆرۈرىيەتكە ماسلاشقان ھەرىكەتچان تەلەپلىرى تەكرارلانمايد، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ شىڭشىسەي ئەينى چاغدا خەلقئارا ۋە ئىچكى سىياسى شەرتلەرنى تەييارلاپ ئۆزىنى شىڭ دۇبەن، دەپ جاكارلىغاندەك، ۋاڭ لېچۈەنمۇ ئىچكى – تاشقى شەرتلەرنى تەييارلاپ ئۇيغۇرستاندا ئۆزىنى ۋاڭ دۇبەن، دەپ جاكارلىشى مۇمكىنمۇ؟ تارىخى ئەمەلىيەتكە ئاساسلانساق ئەينى چاغدا شىڭ شىسەي ستالىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، ئامما، ئىچكى جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ قوراللىق كۈرىشىگە دۇچ كەلگەندە شىڭ شىسەي ئۇيغۇرستاندا مۇستەملىككە ئۇرۇشى قوزغاشقا مەجبۇر بولۇپ، گومىنداڭ خىتايلىرى شىڭ شىسەينىڭ سىياسى جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇرستاندا مۇستەملىككە ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئومۇمى ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ قالماقچى بولغان، ئەپسۇسكى بوداق – بوداققا كەلمىگەن، ستالىن ۋە باشقىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇيغۇرستاننى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قوشۇپ بەرگەن ئىدى.

يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ئەگەر خىتاي ئۆتكۈرلەشكەن ئىچكى زىددىيەتلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەپ، خەلقئارادا ئۇرۇش قوزغىماقچى بولسا، تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىنمۇ ياكى ئۇيغۇرستاندا مۇستەملىككە ئۇرۇشى قوزغىشى مۇمكىنمۇ؟

2007 – يىلى 2 – ئاينىڭ 12 – كۈنى

2007 – يىلى 2 – ئاينىڭ 14 – كۈنى

## كىم تېررورىست

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى، خىتاي دۆلەتلىك ھەربىي قورال – ياراغ ئىشلەپچىقىرىش شىركەتلىرى، ئىراق تېررورىستلىرىغا سېتىپ بەرگەن، ھەربىي قورال – ياراغ مالتا ئارىلى ئارقىلىق لىۋىيەگە، لىۋىيە ئارقىلىق ئىراققا يېتىپ بېرىشتىن ئاۋۋال ئىتالىيە ساقچىلىرى تەرىپىدىن بايقىلىپ قېلىپ، ھۆججەتلەر ۋە

توختاملار خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قولىغا چۈشتى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەپتى بەشىرىسى يەنى خەلقئارا تېررورىستلارنى قوللايدىغان، جاھاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنى قوللايدىغان، قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقان سۇداندەك دۆلەتلەرنى قوللايدىغان ئەپتى بەشىرىسى خەلقئالەم ئالدىدا پاش بولدى.
خىتايدا ياسالغان 500 مىڭ دانە ئاپتومات، 1 مىليون پاي ئوقنى سودىلاشقان توختام قولىغا چۈشتى. بۇ خەۋەر ئامېرىكىنىڭ سىملىق تېلېۋىزىيىسىدە كۆرسىتىلدى. ئامېرىكا — جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدە مۆتىدىللىكنى تەكىتلەيدىغان ئامېرىكىنىڭ سىياسىئونلىرى نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇر، شۇ تاپتا! ئامېرىكىدا، جۇڭگو — ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ياخشىلاندى دېگۈچىلەر نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ، شۇ تاپتا! چاقىرىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتە مەسئۇلىيەتچان دۆلەتكە ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلغان ئايرىم سىياسىئونلار نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ، شۇ تاپتا!
2002 — يىلى ئۇيغۇرنىڭ ئايرىم تەشكىلاتلىرىنى تېررورىست، دەپ تىزىمغا ئالغان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بۇ ۋەقەگە قانداق مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن؟
خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بۇ قىلمىشىغا بىخەتەرلىك كومىتېتىغا ئەزا بولغان يەنە باشقا تۆت چوڭ دۆلەت قانداق مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن؟
تېررورىست كىم، زادى كىم تېررورىست؟ تېررورىستلارنى قوللىغان، تىنچلىقنىڭ ئەۋرەت لاتىسى بىلەن دۆلەت تېررورىزىمىنى نىقاپلىغان خىتاي كوممۇنىستلىرى تېررورىست بولماي يەنە كىم تېررورىست بولاتتى؟ ئۆزىنىڭ ئەپتى — بەشىرىسىنى يوشۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى تېررورىست ئاتاپ كەلگەن خىتاي كوممۇنىستلىرى، ئۇيغۇرلار تېررورىستمۇ ياكى خىتاي كوممۇنىستلىرى تېررورىستمۇ، دەيدىغان سۇئالغا ئەقلى جاۋاب بېرىدىغان ۋاقىتقا دۈچ كەلدى. تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى سۈرەتلەشكە توغرا كەلسە، 1945 — يىلى يالتا يىغىنى، موسكۋا يىغىنى

ئېچىلغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇر – خىتاي مۇناسىۋەتلىرى، ئۇيغۇرلار بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە مۇناسىۋەتلىرى ئۇرۇش ھالىتى مۇناسىۋەتلىرىگە تەئەللۇق مۇناسىۋەتلەر ئىدى. مەن بۇ يەردە ئۇرۇش تەرغىباتى ئېلىپ باردىممۇ؟ ياق! پەقەت رېئاللىق بىلەن تارىخى ئەمەلىيەت ئۈستىدە توختالدىم. ھەرخىل شەكىللىك زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش بۈگۈن ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ شۇئارى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرىستاندا ئايرىم گۇرۇپپىلار ۋە ئايرىم تەشكىلاتلار ئېلىپ بارغان قوراللىق كۈرەشلەرنى باھانە قىلىپ، جەينىماز ئۈستىدە ناماز ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنى، ئاتا – ئانىسىنىڭ مازىرىغا قىرائەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى، ئۈسسۈل بىلەن غۇسۇلغا مەشغۇل بولۇپ يۈرگەن ئۇيغۇرلارنى، لېكىن ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىقتىن ئەسلا ۋاز كەچمىگەن ئۇيغۇرلارنى قار ا-قۇيۇق تېررورىست، دەپ قارىلاش ئەقلىغا سىغمايدىغان ئىش ئىدى، ئالەم قوبۇل قىلالمايدىغان تۆھمەت ئىدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى بۈگۈن خەلقئالەم ئالدىدا، پۈتۈن دۇنيا تېررورىستلارغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان پەيتلەردە، تېررورىست گۇرۇپپىلارنى ھەرخىل قورال – ياراغ بىلەن تەمىنلەيدىغان لۈكچەك دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى.

تېررورىزىم، پاشىزىم، كوممۇنىزىمنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋۇجۇدىغا ئوخشاش جەملىگەن خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ، گىزى كەلگەندە فاشىست، گىزى تېررورىست، گىزى كەلگەندە كوممۇنىزىمچى بولالايدىغانلىقىنى، پاش بولۇپ قالغان پاكىتلار مۇنازىرەسىز ئىسپاتلاپ بەردى.

لىۋاندا ھىزبۇللاچىلار ئىشلەتكەن راكىتا، گىرىتسىيىدە ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا ئېتىلغان راكىتا، ئەينى چاغدا تالىبانلار ئىشلەتكەن راكىتالار خىتايدا ياسالغان راكىتالار بولۇپ چىقتى.

بۈگۈن خىتاي ئىراقلىق ئۇرۇش قىلىۋاتقان تېررورىستلارغا قورال – ياراغ يەتكۈزۈپ بېرىپ ئوتتۇرا شەرىقتە زادى نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى؟ ھىندىستانلىق يازغۇچى راجىندېر پورى (دۆلەت ئەربابى) نامىلىق گېزىتكە

(كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئۇرۇش) سەرلەۋىلىك ماقالە ئېلان قىلىپ: خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 1949 – يىلىدىن باشلاپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تېررورىستلارنى ھەرخىل شەكىللەر بىلەن قوللاپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى بايان قىلغان ئىدى. بۈگۈن ئىتالىيە ساقچىلىرى، خىتاينىڭ تېررورىستلارغا قورال – ياراغ يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

2007 – يىلى 2- ئاينىڭ 14 – كۈنى

2007 – يىلى 2 – ئاينىڭ 17 – كۈنى

## باللارنى ئېلىپ كېتىپ خىتاي تىلىدا تەربىيىلەشنىڭ ماھىيىتى نېمە؟

خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى ئىچكىرى خىتايدا ئوقۇتۇش پىلانىنى 2002 – يىللاردا ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. باشلانغۇچ مائارىپتىن ئالىي مائارىپقىچە خىتاي تىلىدا ئوقۇتۇشنى، 2003 – يىلى 9 – ئايدىن باشلاپ خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا يولغا قويدى. 1987 – يىلىدىن باشلاپ پىلانلىق تۇغۇت سىياستى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئانىلارنىڭ تۇغۇتىغا چەك قويدى، ئۇيغۇرغا ئالالاھ بەرگەن، ئۇيغۇرنىڭ تەبىئى كۆپىيىش ھوقۇقلىرىنى چەكلىدى. 2002 – يىللاردىن باشلاپ، ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش دەيدىغان چىرايلىق نام ئاستىدا ئۇيغۇرنىڭ ئوغۇل – قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەشكە باشلىدى. تۈزۈلگەن ھۆججەتلەر، بەلگىلەنگەن سىياسەتلەر خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ساندۇقلىرىغا مىخلىنىپ قالمىدى بەلكى سىياسەت ئاشكارا زورلاۋانلىقتا بالا – چاقىسىنى ئىچكىرى خىتايغا ئەۋەتىشكە كۆنمىگەن ئۇيغۇر ئاتا – ئانىلارغا قارىتىلغان زوراانلىق، ئاتا – ئانىلارنى قولغا ئېلىش، كۆتۈرە بېرىلگەن يەرنى تارتىۋېلىش، سۇ ۋە خىمىيىۋى

ئوغۇت بىلەن تەمىنلىمەسلىك قاتارلىق بېسىم ۋە ساقچى كۈچى زوراۋانلىقىنى پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىگە قاراتتى.

مەسىلەن، 2005 – يىلى بىر يىلدا، خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا قولغا ئېلىنغان، بىر دەقىقىدە سىياسىي مەھبۇسقا ئايلىنىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 18 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ كىشىلەر سىياسىي نارازىلىقىنى تىنچ يول بىلەن ئىپادىلىگەن كىشىلەر، بۇ كىشىلەر ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەرنى ئىچكىرى خىتايغا ئېلىپ كېتىشكە قارشى تۇرغان كىشىلەر، بۇ كىشىلەر ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىشكە قارشى تۇرغان كىشىلەر ئىدى. ئۇيغۇر بۇ مىللەتنىڭ گۇناھى نېمە؟ مېنىڭچە ئۇيغۇر بۇ مىللەتنىڭ خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھى بولسا باردۇركى، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇر ئادەمنىڭ، ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەتنىڭ ھېچقانداق گۇناھى يوق ئىدى.

ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەرنى ئىچكىرى خىتايغا ئېلىپ كېتىپ ئوقۇتۇش پىلانىنى خىتاينىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى تۈزگەن ئىمىش. ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بىلەن جاڭسۇ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى بىرلىشىپ بۇ پىلاننى ئىجرا قىلار ئىمىش. ئۇيغۇر باللار، ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت، ئەنئەنىسىدىن، ئۇيغۇرنىڭ تۇرمۇش ئەنئەنىسىدىن، ئۇيغۇرنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەنئەنىسىدىن، قىسقىسى ئۇيغۇرنىڭ ھايات كەچۈرۈش ئەنئەنىسىدىن ئايرىلىپ خىتاينىڭ مىللى تۇرمۇشى ئىچىگە كىرىپ كەتسە، بۇ باللارنى، ئۇيغۇر دېيىشتىن كۆرە بىر يولى خىتاي دېيىش تۈزۈكرەك بولىدۇ. بۇ باللارنىڭ روھى قۇرۇلمىسى ئۆزگۈرۈپ كېتىدۇ، بۇ باللار ئاتا – ئانىسىنى تونۇمايدىغان، مىللىتىنى تونۇمايدىغان ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ماڭقۇرۇتلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ بىر زوراۋانلىق! ئۇيغۇرلارنى يوقاتماقچى بولغان خىتاي زوراۋانلىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلى.

ئۇيغۇر بۇ مىللەتنى يوقۇتۇش مەخسەتلىرىنى خىتاي كوممۇنىستلىرى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى، نېمە قىلىش كېرەك؟! دېگەن سۇئال قويۇلسا بۇ سۇئالنى ئاۋۋال ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى قويۇشلىرى كېرەك. پاسىق قەۋمنى، پاسىق مىللەتنى ئاللاھ ھەم كەچۈرمەيدۇ! يۇۋاشلىق، بوشاڭلىق، ھورۇنلۇق، ئاڭسىزلىق، قاششاقلىقنى، جاھىللىقنى، پىكىرسىز، تەلەپسىز روھى قۇللۇقنى ھازىرقى زامان قوبۇل قىلالمايدۇ، بۇنداق مىللەتنى زامان شاللاپ قاتاردىن چىقىرىۋېتىدۇ! بىر مىللەتنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئاۋۋال بۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى يوقۇتۇش، يوقۇتۇش نىشان قىلىنغان مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرىستانەك رايونلارغا خىتاي پۇقرالىرىنى كۆچۈرۈش، دەيدىغان سىياسەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھۆكۈمىتى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئامېرىكا بۇ دۆلەت بىلەن جۇڭگو ئۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى مەنپەئەتلىرى بىر – بىرگە باغلىنىپ قالغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئامېرىكا بۇ دۆلەتنىڭ تاشقى سىياستى، ئىراقتا مەركەزلەشكەندىن كېيىن، ئىستراتېگىيىلىك دەستەككە، پۇرسەتكە، ئاساسقا ئىگە بولغان خىتاي مۇستەملىكچىلىرى خىتايچە شوۋىنىزىملىق – چوڭ خىتايچىلىق سىياستىنى تەپ تارتماي توغرىدىن – توغرا ئۇيغۇر بۇ مىللەتكە قاراتتى .

ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىپ يوقۇتۇش، ئۇيغۇرلارنى شەھەرلەردىن سەھرالارغا قوغلاپ چىقىرىپ يوقۇتۇش، ئۇيغۇرلارنى قولغا ئېلىپ، يىغىۋېلىش لاگىرلىرىنى قۇرۇپ مەخپى ئۆلتۈرۈپ يوقۇتۇش، ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئۆلتۈرۈپ يوقۇتۇش قىسقىسى ئۇيغۇر بۇ مىللەتنى پۈتۈنسېرى مىللەت سۈپىتىدە ئېتنىك يوقۇتۇش بۇ سىياسەت خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ مۇددىئاسىدۇ. ئۇيغۇرنى يىلتىزىدىن مەخسەتلىك يوقۇتۇشنىڭ باشلىنىشىدۇر. مەن يوقۇتۇش دېگەن پېئىلنى ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەتتىم، خىتاي تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلار بۇ سۆزنى چۈشىنەمدۇ، - يوق؟ بىلمەيمەن. ئاللاھتىن ئۇيغۇرغا ئىنساپ

تىلەيمەن، ئۇيغۇرغا نۇسرەت تىلەيمەن، ھۆببۇل ۋەتەن مىنەل ئىمان يەنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىمانىنىڭ جۈملىسىدۇر.
2007 – يىلى 2 – ئاينىڭ 17 – كۈنى

2009 – يىلى 3 – ئاينىڭ 19 – كۈنى
**ۋاڭ لېچۈەن مۇستەقىللىق جاكارلاشقا تەييارلىق قىلىپ بولدىمۇ؟**

2009 – يىلى 3 – ئاينىڭ 14 – كۈنى «جۇڭگوغا نەزەر» تور بېتىدە «ۋاڭ لېچۈەن خۇ جىنتاۋنىڭ نوپۇزىغا خىرىس قىلىپ شىنجاڭنى مۇستەقىل پادىشاھلىققا ئايلاندۇرۇش غەرىزىدە بولدى» سەرلەۋھىلىك ماقالە بېسىلدى. بۇ يىل 8 – يانۋار نۇر بەكرى «ئۈچ خىل كۈچلەر»گە زەربە بېرىمىز، ئۇلارنىڭ پائالىيەت ماكانىنى تارايتىمىز دېگەن. ئەمما خۇ جىنتاۋ ھورۇنلۇق قىلمايمىز، تەۋرەنمەيمىز، ھەرىكەت قوزغىمايمىز، دېگەن تۇرسا بۇنىڭ ئەكسىچە ۋاڭ لېچۈەن، نۇر بەكرى «باش كۆتەرگەننى ئۇرىمىز، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىمىز، ئاۋۋال زەربە بېرىمىز» دېيىش ئارقىلىق خۇ جىنتاۋنىڭ نوپۇزىغا خىرىس قىلىشقا باشلىدى. ئادەتتە جۇڭنەنخەي كۆز قاراشلىرى ھۆكۈمەتنىڭ كۆزقاراشلىرىغ ئوخشىمايدىغان كىشىلەرگە زەربە بېرەتتى. ۋاڭ لېچۈەن بىلەن نۇر بەكرىلەر بولسا، «ئۈچ خىل كۈچلەر»گە زەربە بەرگەندىن باشقا، ۋاڭ لېچۈەن بىلەن نۇر بەكرىلەرنىڭ تىزگىنلەش ھوقۇقىغا تەسىر كۆرسەتكەن ھەرقانداق كۈچكە، پارتىيە ئىچىدىكى غەيرى كۈچلەرگىمۇ زەربە بېرىشنى يولغا قويدى. ۋاڭ لېچۈەننىڭ نەزىرىدە يەنە بىر خىل «ئۈچ خىل كۈچ» بار ئىدى، بۇ كۈچلەر قايسى كۈچلەر ئىدى؟ ئوخشىمىغان تەرەپتىن «شىنجاڭنىڭ» ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان، مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزھەپلەرنىڭ كۈچى، يەرلىك پارتكومنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان ئوخشاش بولمىغان كۈچلەر، كۆزقاراشلىرى ھۆكۈمەتنىڭ كۆزقاراشلىرىغا مۇخالىپ

بولغان جەمئىيەتتىكى كۈچلەر نامدا «ئۈچ خىل كۈچ» ئەمەلىيەتتە «ئالتە خىل كۈچ»كە زەربە بېرىپ ۋاڭ لېچۈەن، شىنجاڭنى [مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان] مۇستەقىل پادىشاھلىقتا ئايلاندۇرماقچى بولدى. ئۆزى ئۆستۈرگەن، كۈچەدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنى باستۇرغان جاڭ شۇ مىڭنى ساقچى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن ئېلىپ تاشلاپ، سىياسى كېڭەشكە مۇئاۋىن رەئىسلىك ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى. خۇ جىنتاۋ ئۆزىنىڭ مۇرتى خۇۋى دېگەن كىشىنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ئەۋەتىپ مۇئاۋىن رەئىسلىككە ئورۇنلاشتۇرغان بولسا، بۇ كىشى ۋاڭ لېچۈەننىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە زەربە بېرىشكە ئۇچرىدى. ئەمەلىيەتتە، - دەيدۇ جۇڭگوغا نەزەر تور بېتى، ازىر ۋاڭ لېچۈەن شىنجاڭدا [مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان]دا يەرلىك خاقانغا ئايلىنىپ بولدى، ئۇ قاچان مۇستەقىللىق جاكارلايدۇ ۋاقتىنى بىلگىلى بولمايدۇ.
ئەينى چاغدا شىڭ شىسەي مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئۆزىنى شىڭ دۇبەن دەپ جاكارلىغاندا جۈرئەتنى نەدىن ئالغان ئىدى؟ ستالىن موسكىۋاغا ئېلىپ بېرىپ، شىڭ شىسەينى پولشۋىكلار پارتىيىسىگە ئەزالىققا قوبۇل قىلغاندىن باشلاپ، شىڭ شىسەي ئۇيغۇرلارنى قاپ يۈرەكلىك بىلەن باستۇرغان ئىدى. ماۋ زېدۇڭ، ستالىن، شىڭ شىسەي ئۈچ تەرەپ بىرلىشىپ ئەينى چاغدا ئۇيغۇرىستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە ھەربىي مەكتەپ قۇرغان، شىڭ شىسەي شۇڭا قاپ يۈرەك بولۇپ كەتكەن، ۋاڭ لېچۈەنچۇ؟ ئۈرۈمچىنىڭ بېقىنىدا مىچۈەن ناھىيىسىدە روسىيە فېدىراتسىيىسى بىلەن بىرلىشىپ ساقچى مەكتىپى قۇردى. ۋىلادىمىر پۇتىن يۈرەك ئاتا قىلغانمۇ ۋاڭ لېچۈەنگە؟ لېكىن ستالىن ئەينى چاغدا شىڭ شىسەينى مۇستەقىللىق جاكارلاشقا كۈشكۈرتمىگەن. تارىخ قايسى ۋاقىتلاردا ئوخشاش بولىدۇ، يەنە قايسى ۋاقىتلاردا پەرقلىق بولىدۇ؟ ئەگەر ۋاڭ لېچۈەن بۇ زېمىندا مۇستەقىللىق جاكارلىسا جۈرئەتنى قەيەردىن ئالغان بولىدۇ؟ ئۇيغۇرلارنى كۆزگە ئىلمىغان بولامدۇ؟ خەلقئارا

قوللاشقا، ئېتراپ قىلىشقا ئېرىشەلەمدۇ؟ ۋاڭ لېچۈەن مۇستەقىللىق جاكارلىسا ئۇيغۇرلارنىڭ قوللاپ – قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرەلەمدۇ؟

ھۆرمەتلىك مىكى خانىم
2007 – يىلى 2 – ئاينىڭ 23 – كۈنى ئۈرۈمچىدىن قىزىمىز روشەنگۈل تېلېفون قىلدى. تۈرمىدە جىنايەتچىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالايدىغان بىر خىتاي دوختۇر قىزىمىز روشەنگۈلگە: ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنىڭ ئۈستىدىن مەخپىي سوت ئېچىلدى، ھازىر ھۆكۈمنامىنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ، ھۆكۈمنامىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ساقچىلار ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنى يۆتكەپ كەتمەكچى، دەپتۇ. لېكىن قەيەرگە يۆتكەپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ، شۇنداقلا قايسى تۈرمىدە، قايسى سوت مەھكىمىسى سوت قىلدى بۇ توغرىدا بىر نەرسە دېمەپتۇ.
2007 – يىلى 2 – ئاينىڭ 26 – كۈنى ئوغلىمىز قاھار ئابدۇرېھىم ئۈرۈمچىدىن، ۋاشىنگتۇن ۋاقتى ئەتىگەن سائەت توققۇزدا تېلېفون بەردى: يەنە يۇقىرىقى خىتاي دوختۇر، ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنىڭ يۈرەك كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتتى، تۈرمىدە داۋالاش ئۈنۈم بەرمىدى، ئامال قىلىڭلار، دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.
2006 – يىلى 6 – ئاينىڭ 1 – كۈنى خىتاي ساقچىلار ئۈچ نەپەر بالىمىزنى ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ سىرتىغا، ئۇلانبايغا ئالداپ ئېلىپ چىقىپ قولغا ئالغاندا، ساقچىلار ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەن. دۈم ياتقۇزۇپ دۈمبىسىگە دەسسىگەن، نەخ مەيداننى قىزىمىز روشەنگۈل كۆرۈپ تۇرغان ئىدى، ئېھتىمال ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنىڭ يۈرەك قىسمى شۇ چاغدا زەخمى يىگەن بولۇشى مۇمكىن.
خىتاي كوممۇنىستلىرى خەلقئارا ۋەزىيەتتىن ۋە ھازىرقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئابلىكىمنىڭ ئۈستىدىن مەخپىي سوت ئاچقان بولسا، نېمە جىنايەتكە ئاساسلاندى؟ چۈشىنەلمىدۇق. ئابلىكىم ئابدۇرېھىم ياكى تەشكىلات قۇرمىسا، ياكى تامغا شۇئار چاپلىمىسا ياكى ئىقتىسادى

ئشلارغا ئاربلاشمسا بىز ئويلىنىپ قالدۇق. بۇنداق سوت قىلىش رابىيە قادىردىن ئۆچ ئېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.
رابىيە قادىر، سىدىقهاجى روزى
2007 – يىلى 2 – ئاينىڭ 26 – كۈنى

2007 – يىلى 2 – ئاينىڭ 24 – كۈنى

## ختاي مۇستەملىكچىلىرى ئۇيغۇرىستاندا ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتامدۇ؟

گېرمانىيىدە نەشر قىلىنىدىغان [ئەينەك] ژۇرنىلى «ختاينىڭ يىراق غەربىدىكى چىڭقى چۈش» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىپ، ختاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قورالىق توقۇنۇش يۈز بېرىشتىن ئەنسىرەپ، مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان بۇ رايونغا كۆپلەپ قوشۇن يۆتكەۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. خەۋەرنىڭ مەزمۇنىغا زېھىن سالساق ختاي مۇستەملىكچىلىرى، ئۇيغۇرىستاندا قورالىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ قالسا، ئىقتىساد تەرەققىيات پىلانىمىز ئاۋارىچىلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن، دەپ ئەنسىرەيدىكەن. ختاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرىستانغا تارتىلغان تۆمۈر يولنى قوش رىلىسقا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، قازاقىستاننىڭ ئالمائاتا شەھرىگە تۇتاشتۇرۇپ، تۆمۈريول سودىسىدا كۆزلىگەن مەخسەتكە يېتەلمىسمۇ، كېيىن تاشيولنى تاشقى مۇڭغۇلىيىگە تۇتاشتۇرماقچى، يېڭى تاشيولنى قىرغىزىستانغا تۇتاشتۇرغاندىن باشقا يەنە تۆمۈر يولنى ئوتتۇرا ئاسياد باشقا دۆلەتلەرگە تۇتاشتۇرماقچى بولدى، ختاينىڭ مەخستى نېمە؟ 2000 – يىللاردا تۆمۈر يولنىڭ بىر ئۇچىنى قەشقەر شەھرىگە ئېلىپ كېلىپ ئەمدى هازىر پاكىستاننىڭ كاراچى شەھرىگە تۇتاشتۇرماقچى بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا تۆمۈر يولنى ئىلى ئويمانلىقىدىكى غۇلجا شەھرىگە ئېلىپ بارماقچى بولدى. ختاينىڭ مەخستى زادى نېمە؟ يېقىندا ۋاڭ لې چۈەن قەشقەر شەھرىدىن

خوتەنگە تۆمۈريول تارتماقچى، كورلىدىن خوتەنگىچە تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئىككىنچى تاشيول ياسىماقچى بولدى.
بۇ تۈرلەرگە ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسى، دۇنيا بانكىسى قەرز ئاجرىتىپ بېرىدىغان بولدى. كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك ئۈچۈر – قاتناش تەرەققىيات پىلانى، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرغۇدەك غەربنى ئېچىش پىلانى، ئۇيغۇرلارغا بالايىئاپەت لېكىن، خىتاي كۆچمەنلىرىگە پايدا – ئامەت ئېلىپ كېلىدىغان ئىقتىساد تەرەققىيات پىلانى «شىنجاڭ»دا يولغا قويۇلدى، ئىجرا قىلىندى، ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم! سىلەر راستىنلا، ئىقتىساد تەرەققىيات تەلەپلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈنلا، خىتاي كوممۇنىستلىرى مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستانغا تۆمۈر يول تارتىشقا ھەپىلەشتى، تاشيول ياساشقا ھەپىلەشتى، دەپ ئويلامسىلەر؟ خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ھەقىقى مەخسىتى زادى نېمە؟ تۆمۈر يولنىمۇ، تاشيولنىمۇ ھەربىيلەر بىر كېچىدە كونترول قىلالايدۇ. ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا خىتاي كۆچمەنلىرىنى توشۇپ كېلىۋاتقان تۆمۈر يول، گىزى كەلگەندە، ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا خىتاينىڭ ھەربىي قوشۇنلىرىنىمۇ توشۇپ كېلەلەيدۇ. توشۇپ كېلەلەيدىغانلىقىنى [ئەينەك] ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالە بىزگە ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.
كۈنەس ناھىيىسىنىڭ نارات يايلىقىنى ياخشى بىلىسىلەر، نارات يايلىقى ئەسلىدە يورۇق دۇنيانىڭ جەننىتى ئىدى. كۆچمەن، كەلگىندى خىتايلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا بۇلغانغان نارات يايلىقى ئەمدى بۈگۈن خىتاي ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي بازىسىغا ئايلاندى، ھەربىي ئايرودۇرۇم سېلىندى. ئۆتكەن يىلى 5 – ئايدا ۋاڭ سېكرىتار نارات يايلىقىدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملاردىن ھال سورىدى ۋە ھەربىي ئايرۇدۇرۇمنى تەكشۈرۈپ كەلدى. مەزكۇر رادىئونىڭ 06 – 7 – ئاينىڭ 16 – كۈنى تارقاتقان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي كوممۇنىستلىرى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان 8371 نەپەر خىتاي ھەربىي

ئوفېستىرىنى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا يۆتكەپ كېلىپ، پارتىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى، خىتاينىڭ مەخسىتى زادى نېمە؟ ناتو ھەربىي قىسىملىرىنىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشى، ئامېرىكا ھەربىي قىسىملىرىنىڭ قىرغىزىستاندا تۇرۇشى تۈپەيلى نېرۋىسى جىددىيلىشىپ كەتكەن، خىتاي ھەربىي تەرەپىنىڭ ۋە خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ، ئافغانىستان، قىرغىزىستانغا چېگراداش مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا ھەربىي ۋە سىياسى جەھەتتە نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئامېرىكا ھەربىي تەرەپىنىڭ ۋە ئامېرىكا سىياسىئونلىرىنىڭ بىلمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ 21 – ئەسىردە ئۆز ۋەتىنىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىشىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى، ئامېرىكا كۆڭگىرىسىدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغان كۈندىلىك سىياسەتلەر قاتارىغا قويۇلمىدى. 06 – يىلى ئېلان قىلىنغان چارەك مەزگىللىك مۇداپىئە دوكلاتىدا، خىتاي ئامېرىكىنىڭ يوشۇرۇن رىقابەتچىسى، دەپ تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن، ئامېرىكىدا ھە دېسىلا تەيۋەن بوغىزىنىڭ ۋەزىيىتىلا تىلغا ئېلىنىپ كەلدى. مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا خىتاينىڭ ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ياساش بويىچە، ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش بويىچە ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەربىي ھەرىكەتلىرى زادىلا تىلغا ئېلىنمىدى. ئامېرىكىلىقلار كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تەيۋەن 500 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ھەربىي قوشۇنغا ئىگە تەيۋەن ئىدى. ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا بەش پاي ئوقمۇ يوق ئىدى. 20 مىليون تەيۋەنلىك ئۆزىنى – ئۆزى مۇداپىئە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسا، 20 مىليون ئۇيغۇر مۇستەملىكە ھالاكىتىگە يۈزلەنگەن مىللەت ئىدى. 20 – ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا زامان، تەيۋەننى ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياستىدە قانداق مۇھىم ئورۇنغا قويغان بولسا، ئامېرىكىنىڭ يەرشارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك سىياستى 21 – ئەسىرنىڭ تۈنجى ھەپتىسىدىلا ئوتتۇرا ئاسىيانى جۈملىدىن ئۇيغۇرىستاننى ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياستىدە شۇنداق مۇھىم ئورۇنغا

قويۇشى كېرەك ئىدى. 06 – يىلى 7 – ئاينىڭ 26 – كۈنى كوڭگىرىستا ئوتتۇرا ئاسىيا تېمىسىدا ئىسپات بېرىش يىغىنى ئېچىلغاندا، ئاۋام پالاتا ئەزاسى گەرى ئېكىرمەن: ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرقنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش شۇئارىنى توۋلاۋاتقاندا، بىز ئوتتۇرا ئاسىيانى كۆزۈتۈشكە، ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆڭۈل بۆلۈشكە سەل قارىدۇق، - دېگەن ئىدى. بۈگۈن گېرمانىيىنىڭ ئەينەك ژۇرنىلى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا ھەربىي قوشۇن يۆتكەۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

2007 – يىلى 2 – ئاينىڭ 27 – كۈنى

## ۋىن جياباۋ سياسەت بەلگىلىدىمۇ ياكى جۆيلىدىمۇ؟

ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسىنىڭ خىتايچە تور بېتىدە 2 – ئاينىڭ 27 – كۈنى جۇڭگونىڭ ۋەزىرى ۋىن جيا باۋنىڭ [سوتسىيالىزىمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تارىخى ۋەزىپىلەر ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى سىياستىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا] ماۋزۇلۇق ماقالىسى قىسقارتىپ ئېلان قىلىندى. ماقالىدا ۋەزىر ۋىن جاباۋ: كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كەلگۈسى 100 يىل ئىچىدە دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش پىلانى يوق، بىز سوتسىيالىزىمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى – ئاساسلىق باش يول نەزىرىيىسىدە 100 يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىمىز ۋەھاكازا دېگەندەك بولدى.

خوش، ۋەزىر ۋىن جاباۋ ئەپەندى. ئاساسلىق باش يول دېگەن نېمە؟ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشمۇ، شۇنداقمۇ؟ ھازىر دۇنيا ئىقتىسادى بىر گەۋدىلەشكەندە خىتاينىڭ ئىقتىسادى دۇنياغا، دۇنيانىڭ ئىقتىسادى جۇڭگوغا باغلىنىپ قالغاندا، جۇڭگولۇقلار ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقاندەك، جۇڭگو غەرب دۇنياسىنىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا ئايلىنىپ قالغاندا، 100

يىلغىچە ئەخلەت ساندۇقى بولۇپ بەرگەندىمۇ، ۋىن جاباۋ ئەپەندى ئەخلەت ساندۇقىغا ھېمىشە بىر خىل ئەخلەت تۆكۈلۈۋەرمەيدىغۇ؟ ئەخلەتنىڭ سۈپىتىمۇ 100 كۈندە بىر قېتىم، ياكى 100 ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆزگۈرۈپ تۇرۇشى مۇمكىن .

سوتسىيالىزىمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى دېگەندىن كۆرە ۋىن جاباۋ كاپىتالىزىمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ياكى ئىپتىدائى كاپىتالىزىم دەۋرى دېگەن بولسا تۈزۈكرەك بولاتتى. دەۋر ياراتقان يېڭى ئۇقۇمنى، قېلىپلاشقان كونا ئۇقۇمنىڭ ئورنىغا قويماسلىقمۇ، تېشى پال – پال، ئىچى غال – غال بولۇپ قالغانلىقنىڭ ياكى كونىراپ كەتكەن رەڭۋازلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر. ئىپتىدائى كاپىتالىزىم دەۋرىدە، جۇڭگودا مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى ئوتتۇرىغا چىقتى، خۇسۇسى مۈلۈك پەيدا بولدى – يۇ، لېكىن ھازىرغىچە مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى ئايرىلمىدى. خىتاي جەمئىيىتى تەلەپچان بولۇپ قالدى، نېمىدە؟ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدە. ھازىرغىچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سوتسىيالىستىك ئىقتىساد نەزەرىيىسى يېڭىلىپ باقمىدى. جۇڭگومۇ بۇرژۇئازىيە ئىقتىساد ئىلمىگە تايىنىپ جان بېقىپ كەلدى. سوتسىيالىزىم پەيدا بولدى – يۇ، دۇنيادا يەنە ئوخشاشلا گۇمران بولدى. سوتسىيالىزىم ھەتتا جۇڭگودىمۇ گۇمران بولدى. پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئاغزىدا سوتسىيالىزىم خۇددى بۇتساتقۇنىڭ ئاغزىدا تەكرارلىنىپ تۇرغان ئەپسۇندەك تەكرارلىنىپ تۇردى. جۇڭگو تېخى بازار ئىگىلىكى دەۋرىگە كىرمىدى، جۇڭگونىڭ رەھبەرلىرى ئىدىئولوگىيە جەھەتتە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىشى كېرەك. جۇڭگودا ئەركىن رىقابەت تېخى باشلانمىدى، خىيانەتچىلەر ماددى بارلىقنى مونوپول قىلىدىغان دەۋر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خىتاي رەھبەرلىرى ئەركىن رىقابەتنىڭ تەلەپلىرىگە جاۋابكار بولۇشلىرى كېرەك. ئۆزگۈرۈۋاتقان جۇڭگونىڭ ئۆزگىرىش تەلەپلىرىگە ماسلىشىپ، جۇڭگونىڭ قانۇن سىستېمىسىدا ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇشى لازىم، شۇ قاتاردا ئاساسى قانۇن

ئۆزگەرتىلىشى كېرەك. جۇڭگونىڭ ھازىرقى سىياسى سىستېمىسىدا 100 يىل تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشقا، جۇڭگولۇقلار ماقۇل بولسىمۇ، تىبەتلەر ۋە ئۇيغۇرلارمۇ ماقۇل بولۇشى كېرەكمۇ؟ چەت ئەللىك كاپىتالىستلارمۇ ماقۇل دېيىشى كېرەكمۇ؟ جۇڭگوغا مەبلەغ سالغان، جۇڭەودا شىركەت قۇرغان چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرى، ساقچىنىڭ كالتىكى، ئارمىيىنىڭ ياردىمى بىلەنلا كاپالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەكمۇ؟ جۇڭگودا ھەممە نەرسە ئۆزگەرگەن تۇرۇقلۇق يەنە 100 يىلغىچە ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە نېمە، ئۇ؟ 50 – يىللاردا ماۋ زېدۇڭ لۇشۇنىنىڭ تەرجىمىھالى ماۋزۇلۇق كىنونى تەنقىد قىلىپ، بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىقىغا قارشى تۇرغان بولسا، دىڭ شىياۋپىڭ جۇڭگودا 80 – يىللاردىلا بۇرژۇئا ئىسلاھاتىنى باشلىۋەتتى. ماۋ زېدۇڭ پارتىيە ئىچىدە كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن بولسا، بۈگۈن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان پارتىيە بولۇپ قالدى. بۇ نېمە، ئۆزگىرىش ئەمەسمۇ؟ يەنە 100 يىلغىچە ئۆزگەرمەيدىغان نېمە، نەرسە، ئۇ؟ جۇڭگودا نېمىلەر ئۆزگىرىشى كېرەك، يەنە نېمىلەر ئۆزگەرمەسلىكى كېرەك؟

نېمىلەر ئۆزگەردى، ۋىن جاباۋ بۇ توغرىدا بىر نەرسە دېمىدى. 100 يىلغىچە دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش پىلانى يوق خىتاي كوممۇنىستلىرى، خىيانەتچى كوممۇنىستلارنىڭ يەنە 100 يىل دەۋران سۈرىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ بىر كونكرېت پىلاننى ئوتتۇرىغا قويمىدى. مېنىڭ قارىشىمچە ۋاقىت ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ھەرگىز خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىلكىدە ئەمەس. ۋاقىت دېگەنلىك، ۋاقىت ئىچىدە ھەممە نەرسە ئۆزگىرىدۇ، دېگەنلىكتۇر. بەلكى 100 يىل توشقادۇ بەلكى 50 يىل توشقاندۇ بەلكى بىر قەنە توشقاندۇ، بۇنى ۋىن جاباۋ نەدىن بىلىدۇ؟ شۇڭا ۋىن جاباۋنىڭ سۆزلىرىگە بۇددىزىملىق ۋاقىت قارشى بىلەنمۇ، ماتېرىيالىزىملىق ۋاقىت قارشى بىلەنمۇ ياكى مىتافىزىكىلىق ۋاقىت قارشى بىلەنمۇ جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ. پەقەت ۋاقىت ئىچىدە دۇنيا ھەم

ئۆزگىرىدۇ، جۇڭگو ھەم ئۆزگىرىدۇ، ۋىن جاباۋ ھەم ئۆزگىرىدۇ دېسەكلا كۇپايە قىلىدۇ.

2007 – يىل 3 – ئاينىڭ 3 – كۈنى

**ئامېرىكا، جۇڭگو، ياپونىيە ئۈچ دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تىل ئۇرۇشى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى**

ب ب س نىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە تەھلىلچىسى مۇھەممەت ئالى 2 – ئاينىڭ 28 – كۈنى يۇقىرىقى ئۈچ دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزگىرىۋاتقان مۇناسىۋەتلەرگە باھا بېرىپ ئۆتتى: «ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى دىك چېنى، جۇڭگونىڭ ھەربىي ئىشلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ۋە ئاتمۇسفېرادا تەھدىت پەيدا قىلغانلىقىنى تەنقىد قىلدى، يېقىندا ۋىن جاباۋ، تىنچ تەرەققىيات ۋە مۇداپىئە خاراكتېرلىك ھەربىي ئىشلار سىياستى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەندە، ئافغانىستاندا زىيارەتتە بولۇۋاتقان مۇئاۋىن پرېزىدېنت دىك چېنى ۋىن جاباۋنىڭ تەمسىلگە ئىنكاس قايتۇرمىدى». ىراق، ياپونىيە تاشقى ئىشلار نازارىتىنىڭ باياناتچىسى ئاغرىنىپ ئىنكاس قايتۇرۇپ: «جۇڭگونىڭ ھەددى – ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا توكيو تېخى كىشىنى قانائەتلەندۇرگۇدەك چۈشەندۈرۈشكە ئېرىشەلمىدى» دەپ كۆرسەتتى.

مۇھەممەت ئالى ئانالىزىنى داۋاملاشتۇرۇپ 2001 – يىلى 4 – ئاينىڭ 1 – كۈنى ئامېرىكىنىڭ رازۋېت ئايروپىلانى بىلەن خىتاينىڭ بىر دانە كۈرەشچى ئايروپىلانى، جۇڭگونىڭ جەنۇبىي دېڭىز تەۋەلىكىدە بىر – بىرىگە ئۇرۇلۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋاشىنگتون جۇڭگو ھەربىي تەرەپ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتتى. پىلان تۈزۈشكە، جۇڭگو بىلەن يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان توقۇنۇشقا تاقابىل تۇرۇش پىلانىنى تۈزۈشكە باشلىدى. 2004 – يىلى 6 – ئايدا ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت

مۇداپىئە مىنىستىرى رامىس فىلىت، سىنگاپوردا بىر يىغىندا: «جۇڭگونىڭ ھەربىي ئىشلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى، توغرىدىن – توغرا تەنقىد قىلىپ، تەييارلىق دېگۈدەك ئاخىرلاشقانلىقىدىن بىشارەت بەردى. ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياستى، ھەربىي ئىشلار مەنبەئەلىرى شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە باسقۇچمۇ – باسقۇچ، زور كۆلەملىك تەرتىپكە سېلىنىپ، ھەربىي ئىشلارنى يولغا قويۇش شۇنىڭ ئىچىدە بىر تەركىبى قىسىم بولۇپ قالدى. ئاسىيا – تىنچ ئوكيان رايونىدا كۈرەشچان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلغۇچى ئاۋئىا ماتكىلار گۇرۇپپىسى بىر ھەسسە كۆپەيتىلدى. ئاۋئىاماتكىا بىردىن تۆتكە كۆپەيتىلدى. ئامېرىكىنىڭ ھەربىي بازىسى گۇئامغا بىرنەچچە ھۇجۇمچى سۇ ئاستى پاراخوتى، راكېتا بىلەن زەربە بېرىدىغان بىرنەچچە قوغلىغۇچى سۇ ئاستى پاراخوتى ئەۋەتىلدى. ياپونىيە، تەيۋەن ھەمكارلاشقان ئەھۋالدا، راكېتادىن مۇداپىئە كۆرۈش سىستېمىسى قۇرماقچى، بۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ راكېتا تەھدىتىگە قارشى تەھدىت پەيدا قىلماقچى بولدى» دەپ كۆرسەتتى.

مۇھەممەت ئالى ئانالىزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ، جۇڭگونىڭ ھەربىي كۈچى توغرىسىدا تەييارلىغان دوكلادى ۋاشىنگتۇننىڭ ئەندىشىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، لېكىن جۇڭگو تەرەپ بۇ دوكلادنى ئەيىپلەپ: «بۇ دوكلادنى يازغان، ئامېرىكا، جۇڭگو دوستلۇقىغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان كىشىلەرنىڭ جۇڭگو تەھدىتى نەزەرىيىسىنى ياساپ چىققانلىقىدۇر» دېگەندەك بولدى. «ئامېرىكا تەرەپ، شىمالى كورىيىنىڭ يادرو قوراللارنى تەرەققى قىلدۇرۇش مەسىلىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئالتە تەرەپ سۆھبىتىدە جۇڭگونىڭ ئاكتىپ رول ئوينىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. لېكىن ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي ساھەسىدىكىلەر بىر – بىرنى ئۆزۈن مۇددەتلىك دۈشمەن، دەپ قاراپ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر – بىرىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ پىلانىنى تەييارلاپ بولدى» دېدى.

يېقىندىن بېرى ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ، تەيۋەن بوغىزى بىخەتەرلىكىدە تەيۋەننى كۆزدە تۇتتى، توكيو رەھبەرلىرىنىڭ مەيدانى قاتتىق، ئۆزگە ئىشەنگەن ئۇرۇشتىن كېيىنكى بىر ئەۋلاد مىللەتچىلەرنىڭ مەيدانىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن يوشۇرۇن ئاڭ ئىچىدە ئاسىيادا يۇقىرى قاتلامدا كۈچ تەڭپۇڭلۇقنى تالىشىش بارغانسېرى ھەربىي ئىشلار لىباسىنى كىيىشكە باشلىدى، دېدى مۇھەممەت ئالى. چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەسىرىگە يولۇققاندا، ئامېرىكا، تەيۋەن، ياپونىيە، جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك توقۇنۇشنىڭ يۈز بېرىشى ئانچە مۇمكىن ئەمەس. لېكىن ھەربىي كۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ تاماملىنىشىغا ئەگىشىپ، مۇمكىن بولماسلىقنىڭ سىرتىدىكى تاسادىپىلىق ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك زەربە پەيدا قىلىشى مۇمكىن، دەپ ئاخىرلاشتۇردى، ئانالىزچى مۇھەممەت ئالى .

2007 – يىلى 3 – ئاينىڭ 11 – كۈنى

## خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق قارشى ۋە ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قارشى

ئامېرىكىنىڭ قىممەت قاراشلىرى: ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ئامېرىكىدا قانۇننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن سىياسى ھادىسىلەردۇر. جۇڭگودا ئەركىنلىك جەمئىيەتكە ئۆزلەشمىگەن، جەمئىيەتتىن، ئادەملەرنىڭئالاقە مۇناسىۋەتلىرىدىن چىقىرىۋېتىلگەن، تەلەپ قىلغۇچىلار دىكتاتۇرىنىڭ باستۇرۇش ئوبېيكتىغا ئايلانغان ھادىسىدۇر. دېموكراتىيە، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە دېگەن ئۇقۇملار خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئاغزىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك تەكرارلىنىپ تۇرسىمۇ، جۇڭگودا دېموكراتىيە جەمئىيەتتىن، سىياسى ئىستىمالدىن چىقىرىۋېتىلگەن سىياسى ئۇقۇمدۇر.

جۇڭگولۇقلار كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى تەنقىدلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. خىتاينىڭ باياناتچىسى چىڭگاڭ: «بۇ دوكلاد، يېقىندا ئېلان قىلىنغان ئامېرىكا دۆلەت سوۋېتىنىڭ بىر يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلادىنى دېمەكچى؛ ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنى ھېس قىلىش، ئۆزىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى بىلىش شۇنداقلا باشقىلارغا باھا بېرىش سالاھىيىتىنىڭ بار – يوقلۇقىنى كۆرۈپ يېتىشتىكى بىر ئەينەك، دەپ، بىلجىرلىغاندەك بولدى. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ قانداق دۆلەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن دۆلەت، كىشىلىك ھوقۇق ئىگىلىك ھوقۇقتىن ئەلا، دەيدىغان دۇنياۋى پرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سادىر بولۇۋاتقان جۇملىدىن خىتايدا دەپسەندە قىلىشقا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا باھا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان دۆلەت شۇنداقلا ئامېرىكا خىتايىنى خىتايغا، خىتاي كوممۇنىستلىرىنى خىتاي پۇقرالىرىغا تونۇتۇپ قويۇش سالاھىيىتىنى تەييارلىغان دۆلەتتۇر. كىشىلىك ھوقۇق بويىچە ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ يەنە باشقا بىر دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە باھا بېرىشى خەلقئارا جەمئىيەتتە ئەقلى ۋە قانۇنى يۇسۇندا ئېتىراپ قىلىنغان ھوقۇقتۇر. شۇڭا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن جۇڭگو، پۇقرالار ھوقۇقىنىڭ مۇقەددەس ھوقۇق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەن جۇڭگو ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ بىر مۇستەملىكىچى دۆلەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن دۆلەتتۇر.

ئامېرىكا دۆلەت سوۋېتىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلادىدا ئۇيغۇرلارنىڭ دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە كۆپ سەھىپە ئاجرىتىلدى. خىتاي كۆچمەنلىرى مەسىلىسى، ئۇيغۇرىستاندا خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقسىز قالدۇرۇلغانلىقى، چەتكە قېقىلغانلىقى توغرىسىدا دوكلادتا ئەتراپلىق پىكىر قىلىندى. بىخەتەرلىك كومىتېتىغا ئەزا بولۇپ تۇرغان جۇڭگونىڭ، بىرلەشكەن

دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قانداق قانۇنلارنى، قانداق خىتاپنامىلارنى، قانداق نىزامنامىلارنى تۈزۈپ ئېلان قىلغانلىقىدىن خەۋىرى بارمىدۇ؟ تۆۋەندە ستاتا ئېلىنغان بىر ئابزاس سۆزنى ۋاڭ لېچۈەن ئەپەندىنىڭ، خۇ جىنتاۋ ئەپەندىنىڭ سەمگە سلىپ قويۇشنى راۋا كۆردۇم. 1960 – يىلى 12 – ئاينىڭ 14 – كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمى يىغىنىدا ماقۇللانغان [مۇستەملىكە ئەللەرگە مۇستەقىللىق بېرىش خىتاپنامىسى]نىڭ 1 – ماددىسىدا: «خەلىقلەرنى چەت دۆلەتلەرنىڭ بويسۇندۇرۇشىغا، ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ئېكسپولاتاتسىيە قىلىشىغا دۇچار قىلغان ئەھۋال، ئىنسانلىق ئاساسىي ھوقۇقنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسىغا خىلاپلىق قىلغانلىق، ھەمدە دۇنيا تىنچلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلغانلىقتۇر» دەپ كۆرسىتىلگەن. ئەگەر ئارىدا تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەت تارىخى مەۋجۇت بولمىغان بولسا، جۇڭگو بۇ دۆلەت بىلەن ئۇيغۇرىستان ئۇ دۆلەتنىڭ زادى نېمە ئالاقىسى بار ئىدى؟ ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ بويسۇندۇرۇشىغا، ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا دۇچار بولغان ئىكەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانلىق ئاساسىي ھوقۇقى ئىنكار قىلىنغان بولىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى قايسى يۈزى بىلەن ئىنسانلىق ھوقۇق توغرىسىدا ۋالاقشىدۇ؟ ئۆزىنىڭ دۈمبىسىگە قارا قازاننى يۈدۈۋېلىپ باشقىلارنىڭ يۈزىدىكى قارا خال توغرىسىدا گەپ قىلىش تولىمۇ بىمەنىلىكتۇر.

2007 – يىلى 3 – ئاينىڭ 21 – كۈنى

**بىر مىليون ئۇيغۇر ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلدى**

خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەن ئۈچ يوقۇتۇش سىياسىتىنى بىۋاستە ئېتىنىك مىللەت ئۇيغۇرلارغا قاراتتى. 1 – سىياسى جىنايەت ئارتىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈش؛ 2 – پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇغۇتىغا چەك قويۇپ ئۆلتۈرۈش؛

3 – ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغۇل – قىزلىرىنى ئىچكىرى ختايغا، ختايلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا يۆتكەپ كېتىپ يوقۇتۇش ياكى ئۆلتۇرۇش. بۈگۈن ئۇيغۇرلار مىللەت سوبيېكتى ياكى مىللەت ئوبيېكتى ئورنىدا ختاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئۈچ يوقۇتۇش سىياسىتىگە دۇچ كەلدى ختاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيتى ئۇيغۇر مائارىپىنى ختايلاشتۇرۇشنى قوشۇمچە قىلدى، ختاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيتى ئۇيغۇرلارنى ئىقتىساد ساھەسىدە گادايلاشتۇرۇشنى ئاساس قىلدى، ختاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيتى ئۇيغۇر بۇ مىللەتنى نادانلاشتۇرۇش، ئىگىسىزلاشتۇرۇش، قاششاقلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ۋاستە قىلدى. ختاي كۆچمەنلىرىنى ئۇيغۇرىستانغا يۆتكەپ كېلىپ، يەرلەشتۈرۈپ يەر بايلىقىنى، سۇ بايلىقىنى، ئورمان بايلىقىنى ختاي كۆچمەنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئەمدى بۈگۈن ئۈچ يوقۇتۇش سىياسىتىنى ئاشكارە يولغا قويدى.
شاۋۋىنىزىملىق ختاي مىللەتچىلىكى 57 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانىدا ئۇيغۇرلارنى ئەنئەنىۋى مىللەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئىدىئولوگىيىلىك قاراشلىرىنى ماركسىزىم بىلەن زويۇپ تازىلىماقچى بولغان ختاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيتى بۇ مەخسەتكە تامام ۋە تولۇق يەتكەن بولدى. ئۆزىنىڭ ئەمگىكى بىلەن ئۆزىنى باقالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئۇيغۇرلارنى ھەقىقەتەن قاراتۇرۇك ياكى قارا قورساق نادان مىللەتكە ئايلاندۇرماقچى بولدى. شۇ ئارقىلىق ختاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيتى ئۇيغۇر بۇ مىللەتنى قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىدىن ئايرىپ تاشلىماقچى بولدى.
ئۇيغۇرلار مەيلى بۇ مىللەتنىڭ دوكتورلىرى بولسۇن ياكى بۇ مىللەتنىڭ ئىگىسىز دېھقانلىرى بولسۇن، ختاي كۆچمەنلىرى سۇنئىي ياساپ چىققان ئەتراپىدىكى رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى، شۇ رېئاللىق پەيدا قىلغان مۇرەككەپ ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرنى ھەقىقەت دەپ قارىغانلىقى ئۇيغۇر بۇ مىللەتنىڭ ئەڭ زور بەختسىزلىكى ئىدى. ختاي تۈزگەن سىياسەتلەر ۋە ساختا قانۇنلار ختاي رەڭۋازلىقىنىڭ ئېنىق،

ئاشكارە ئىپادىسى بولۇپ تۇرسىمۇ، مەسىلەن نېمە، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، نېمە، ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىچكىرى خىتايدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش، نېمە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، نېمە، ئۇيغۇر غالچىلارنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە قوبۇل قىلىش دەيدىغان خىتاي تۈزگەن سىياسەتلەر ئاشكارا ئۇيغۇر مىللىتىگە ھەقىقەت بولۇپ كۆرۈنىۋەردى. ھالبۇكى، 57 يىلدىن بېرى خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زوراۋانلىقى، دىكتاتۇرىسى بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە يەنى خىتاي مىللىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زوراۋانلىقى، دىكتاتۇرىسى ئىدى. كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاي مىللىتىنىڭ پارتىيىسى ئىدى، كوممۇنىستىك ئارمىيە خىتاي مىللىتىنىڭ ئارمىيىسى ئىدى. خىتاي كۆچمەنلىرىدىن تەشكىللەنگەن ساقچى كۈچى، سىياسى مەمۇرى ۋاستىلار ئۇيغۇر بۇ مىللەتنى قانداق يوقۇتۇشقا تەشكىللەنگەن، تەييارلانغان ۋاستىلار ئىدى. ئەپسۇسكى ئۇيغۇرلار ھەممىنى، تەلتۆكۈس ھەممىنى ھەقىقەت دەپ قاراپ كېلىۋەردى. چۈنكى، ئۇيغۇرلار تېخى ئويغانمىغان ئىدى. مەن يېقىنغىچە ئاڭسىزلىق، قالاقلىق قاراملىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، قاراملىق ئىنقىلاپ تەييارلايدۇ، دەپ ئويلاپ كەلگەن ئىدىم، مەن بۈگۈن بۇ خىيالىمدىن ۋاز كەچتىم. ئىنقىلاپ، نامايىش ۋە قوزغىلاڭغا ئاڭلىق قوشۇن، ئاڭلىق مىللەت بولۇشى كېرەك، دەپمۇ ئويلايتتىم. مەن بۈگۈن بۇ كۆزقاراشىنىمۇ ۋاز كەچتىم. ئەگەر بىر مىللەت ئەخلاق بىلەن مىللى غۇرۇرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىسا ياكى مىللى غۇرۇر بىلەن ئەخلاقنى يېتىشتۈرىدىغان مەدەنىيەت مەنبەلىرىنى قوغداپ قالالمىسا بۇ مىللەت ھەرقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىكەن.

1911 – يىلى بىر نەپەر ئۇيغۇر قىزنىڭ مەلئۇن خىتاينىڭ ھاقارىتىگە ئۇچرىغانلىقى 1911 – يىلى پارتلىغان قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. 100 يىل يەنى بىر ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى، مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندىن ئۇيغۇر

قىزلىرىنى تۈركۈملەپ، مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ ئىچكىرى خىتايغا خىتايلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا مەجبۇرى يۆتكەپ كېتىۋاتىدۇ. 100 يىل بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار قانداق ئۇيغۇرلار ئىدى؟ بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار قانداق ئۇيغۇرلار بولۇپ قالدى؟ بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنى مەدەنىيەتلىك مىللەت دەپ، ئاتىغاندىن كۆرە مەدەنىيەتىمۇ، ئەخلاقىمۇ تونۇمايدىغان، بىلمەيدىغان ئىپتىدائى ئاھالىلەر كوللېكتىپى دەپ، ئاتاشقا توغرا كېلىپ قالدى. باتۇرلۇققا، مىللى ئاڭغا، مىللى ئەخلاققا تايىنىپ ھايات قېلىشنىڭ يولىنى ئىزلىمەي، قورقۇشقا تايىنىپ جان بېقىشنىڭ، ھايات قېلىشنىڭ يولىنى تاللىۋالغان مىللەت يەر شارىدىن غايىپ بولىدىغان، ئۆزۈل – كېسىل ھالاك بولىدىغان مىللەتتۇر. بۇنداق مىللەتنى خۇدامۇ نەزەرگە ئالمايدۇ.

2007 – يىلى 3 – ئاينىڭ 27 – كۈنى

## شىمالى قۇتۇپنىڭ ئاق ئېيىقى بىلەن قەغەز ئەجدىرھا موسكىۋادا ئېغىز – بۇرۇن يالاشتى

جۇڭگونىڭ رەئىسى خۇ جىنتاۋ 26 – مارتتىن 28 – مارتقىچە ئۈچ كۈن موسكىۋادا زىيارەتتە بولدى. ئۆتكەن يىلى بېيجىڭدە روسىيە بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن، بۇ يىل موسكىۋادا جۇڭگو يىلى ئۆتكۈزۈلدى.
شىمالى قۇتۇپنىڭ ئاق ئېيىقى بىلەن قەغەز ئەژدىرھار بېيجىڭدە قىزىل راۋاقتا ئېغىز – بۇرۇن يالاشقاندەك، بۇ قېتىم موسكىۋادا كىرىملدە ئېغىز – بۇرۇن يالاشتى. روسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىشلىق مۇناسىۋەتلەردە ئاپاق – چاپاق بولۇپ كېتىشىنىڭ سىرى ۋە تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى زادى نېمە؟ يېقىندىن بېرى ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسىنىڭ خىتاي تىلى تېلېۋىزىيە پروگراممىسىدا روسىيە، خىتاي مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇنازىرىلەرگە قاتناشقۇچىلار: ئېنېرگىيىگە ئېھتىياجى ئۆرلىگەنلىكتىن خىتاي، روسىيىنىڭ ئېنېرگىيە

بىلەن تەمىنلىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، دېيىشتى. يەنە بەزىلەر: خىتاي، روسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى ياخشىلاپ، خەلقئارا سەھنىدە ئامېرىكىغا قارشى تۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، دېيىشتى. يۇقىرىقى پىكىرلەر ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ بىر تەرىپى، بەلكى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرگە باغلىق نورمال بىر تەرىپى بولسا كېرەك. روسىيە – خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تارىخى ياكى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر تارىخىغا پۈتۈلگەن سىرلىق ۋەقەلەرنى ئاساس قىلغان، روسىيە خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ سىرلىق تەرەپلىرىگە، ئوچۇق ئېيتقاندا ئۇيغۇرىستانغا مۇناسىۋەتلىك سىرلىق تەرەپلىرىگە تەھلىلچىلەر هازىرغىچە پەقەت دىققەت قىلىشمىدى.

سۇنجۇڭسەن، 1912 – يىلى جۇڭگوغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۈچ مەسلەك سىياسىتىنىڭ تەركىبىدە، روسىيە بىلەن بىرلىشىش، دېگەن مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاتالمىش شىنجاڭنى چار روسىيىنىڭ قولى ئارقىلىق خىتاينىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا ئېلىشنى كۆزلىگەن بولسا كېرەك. 2 – دۇنيا ئۇرۇشى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەر خىل مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. 1945 – يىلى يالتا سىستېمىسىنىڭ رامكىسى ئىچىدە موسكۋا يىغىنى چاقىرىلىپ، ستالىن بىلەن خىتاينىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى [سوۋېت، جۇڭگو دوستلۇق ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى]، قوشۇمچە ئۇيغۇرىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەخپىي كېلىشىم ئىمزالاپ، ستالىن ئاتالمىش شىنجاڭنى گومىنداڭ خىتايلىرىغا قوشۇپ بەرگەن ياكى سېتىپ بەرگەن. 1949 – يىلى سوۋېتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مىكيان بېيجىڭ ئەتراپىدىكى شىبەيپۇ قىشلاغىدا ماۋ زېدۇڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ماۋ زېدۇڭ 1949 – يىلى 5 – ئايدا ئايالى جياڭچىڭنى، 9 – ئايدا رەئىس ليۇ شاۋچىنى موسكۋاغا ئەۋەتىپ ستالىن بىلەن نېمىلەرنى سۆزلەشكەن؟ بۇ مەخپىيەتلىك تېخى بىزگە نامەلۇم. 1950 – يىلى 2 – ئايدا ماۋ زېدۇڭ موسكۋاغا سەيپىدىننى بىرگە ئېلىپ كېلىپ ستالىن بىلەن [جۇڭگو، سوۋېت دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى]نى،

قوشۇمچە ئۇيغۇرستانغا مۇناسىۋەتلىك مەخپى كېلىشىم ئىمزالاپ، ستالىن ئاتالمىش شىنجاڭنى بۇ قېتىم ماۋ زېدۇڭغا سېتىپ بەرگەن. لېكىن سوۋېت جەريانىدا يازغۇچى جاڭرۇڭنىڭ يازمىلىرىغا ئاساسلانغاندا، ماۋ زېدۇڭ [شىنجاڭ] مۇستەملىكە، دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. 1954 – يىلى سوۋېتلەرنىڭ سېكرېتارى خرۇششېۋ شەرتنامىنىڭ ئۇيغۇرستانغا مۇناسىۋەتلىك مەخپى كېلىشىمنى ئۆز ئالدىغا بىكار قىلىپ ماۋ زېدۇڭغا خوشخەۋەر يەتكۈزگەن ئىدى. 1991 – يىلى كرېمىل ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن 12 – ئاينىڭ 27 – كۈنى جۇڭگونىڭ ۋەزىرى لى پىڭ تۆمۈر داۋامەتنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ موسكۋاغا بېرىپ: روسىيە ختاي سوۋېت خاتىرىسىنى يېزىپ، روسىيە بىلەن ختاينىڭ بۇرۇنقى مۇناسىۋەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدىمۇ، يەنى بۇرۇنقى شەرتنامىلەرنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭنى يەنە بىر قېتىم ختايغا مۇستەملىكە قىلىپ بېرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدىمۇ، ـ قانداق. دېمەك بۈگۈن روسىيە ختاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاپاق – چاپاق بولۇپ كېتىشىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ نىگىزلىك مەسىلە خەلقئارالاشقان ئۇيغۇرستان مەسىلىسىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىنى چەكلەش روسىيە ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم بولسا، ختاي مۇستەملىكچىلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بەتەر مۇھىم بولۇپ كەلدى.

سوۋېتلەرنىڭ يىمىرىلىشىنى يىلتىسىن تارىخى مۇقەررەرلىك، دەپ تەرىپلىگەندەك، ختاي ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشىمۇ تارىخى مۇقەررەرلىكتۇر. 2005 – يىلى 5 – ئاينىڭ 7 – كۈنى پرېزىدېنت بوش رىگا شەھرىدە: [«يالتا يىغىنى ئىنتايىن زور تارىخى خاتالىق بولغان ئىدى» دەپ، كۆرستىپ، شەرقىي ياۋرۇپا ئەللىرىدىن ئەپۇ سورىغان بولدى. يالتا يىغىنى، موسكۋا يىغىنى ئاسىياغا بولۇپمۇ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرغان ئۇيغۇرستانغا نېمە بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى؟ ئالاقدار

دۆلەتلەر تاكى هازىرغىچە بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچقىنى يوق. ئەمدى نۆۋەت دېموكراتىك روسىيىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىنغا كەلدى. 1939 – يىلى ئىمزالانغان سوۋېت، گېرمان شەرتنامىسى بالتىق دېڭىزى بويىدىكى دۆلەتلەرگە قانداق بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن بولسا، 1945 – يىلى ئىمزالانغان [جۇڭگو، سوۋېت شەرتنامىسى]مۇ، ئۇيغۇرىستانغا شۇنداق بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرىستاندا قۇرۇلغان يېڭى دۆلەت يۇقىرىقى شەرتنامە ئارقىلىق سېتىلغان ئىدى. ئەمدى ۋىلادىمىر پۇتىن خۇددى پرېزىدېنت بوشقا ئوخشاش جۈرئەتلىك بولۇپ [موسكۋا شەرتنامىسى] ئىنتايىن زور تارىخى خاتالىق بولغان ئىدى، دەپ جاكارلايدىغان چاغ يېتىپ كەلدى. شىمالىي قۇتۇپنىڭ ئاق ئېيىقى بىلەن قەغەز ئەجدىرھار ئېغىز – بۇرۇن يالىشىپ، خەلقئارالىشۋاتقان ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى چەكلەشكە تەرەددۇت قىلىپ، روسىيە، جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىنى قانچىلىك دەرىجىگە كۆتۈرۈشىدىن قەتئىينەزەر، سىرلىق ۋەقەلەرنى باغرىغا يوشۇرغان تارىخنىڭ ۋاقتى كەلگەندە مەخپى ۋەقەلەرنى ئاشكارىلايدىغان تارىخ ھەم ئىكەنلىكىنى پرېزىدېنت ۋىلادىمىر پۇتىن بىلەن رەئىس خۇ جىنتاۋنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇشنى زۆرۈر، دەپ بىلدۇق.

2007 – يىلى 3 – ئاينىڭ 30 – كۈنى

**ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا قۇل قىلىپ ساتتى**

يېقىندىن بېرى، رادئو ۋە تور بەتلىرىدىن 1 مىليون 150 مىڭ نەپەر ئۇيغۇر ئوغۇل – قىزلىرىنىڭ ئىچكىرى خىتايغا، خىتايلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا يۆتكەپ كېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق.

خىتاي مەركىزى ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا ئەۋەتكەن سېكرېتارى ۋاڭ لېچۇەن، ناھىيە، ۋىلايەت دەرىجىلىك ۋاڭ، جاڭ سېكرېتارلار، ئۆلسىمۇ ۋەتىنىدىن ئايرىلمايدىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى ۋەتىنىدىن تىرىك ئايرىپ، ئاتا – ئانىسىنىڭ باغرىدىن تىرىك ئايرىپ

چىقىپ ئىچكىرى خىتايغا، خىتاي شىركەتلىرىگە، خىتاي لاۋبەنلەرگە قۇل ئورنىدا ساتماقتا. خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندىكى ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى، ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا قۇل قىلىپ سېتىپ پۇل تېپىشنى، ئىچكىرى خىتايدا خىتاي شىركەتلىرى ئۇيغۇر ياشلىرىنى قۇلدەك ئىشلىتىپ پۇل تېپىشنى كۆزلىگەن بولسا، ئۇيغۇر ياشلىرىنى يۆتكەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئۇيغۇرىستانغا كۆچۈرۈپ كېلىش، مەركەزدە خۇ جىنتاۋ، ئاپتونوم رايوندا ۋاڭ لېچۇەن ۋە «شىنجاڭ» ھەربىي رايونى بەلگىلىگەن سىياسەتتۇر. بۇ ھەرىكەت ئۇيغۇر مىللىتىنى پۈتۈنلەي يوقۇتۇش سىياسىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلىشىدۇر.

خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ سېكرىتارى ۋاڭ لېچۇەن بىر ئائىلىدىن بىر ئۇيغۇرنى يۆتكەپ كېتىشنى قارار قىلدى، ئەتە، ئۆگۈن بارلىق ئۇيغۇرنى ئىچكىرى خىتايغا، خىتايلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا يۆتكەپ كېتىشنى سىياسەت قىلىپ بەلگىلىمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئېچىنىشلىق بىر مىسال: «شىنجاڭ» خەلق رادىئو ئىستانسىسى 3 – ئاينىڭ 19 – كۈنى مۇنداق خەۋەر قىلدى: «شىنجاڭ» ئەمگەك ۋە ئىجتىمائى كاپالەت نازارىتى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ۋۇ يۈن خىۋا، توققۇزاق ناھىيىسىدىن ئۇيغۇر ياشلىرىنى زور كۆلەمدە يۆتكەپ چىقىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا توختۇلۇپ: ئەمگەك كۈچلىرىدىن كىرگەن كىرىم 170 مىليون يۈەن بولدى، دەپ كۆرسەتتى. ئاڭسىز قاپاقباش ئۇيغۇر ئىچكىرى خىتايغا قۇل قىلىپ سېتىلدى، باشقارما باشلىقى ۋۇ يۈنخۇۋا قۇل سودىسىدىن 170 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى، دېگەن سۆز. ئازاتگۈل قۇربان ئىسىملىك بىر نەپەر ئۇيغۇر قىز، تيەنجىن شەھرى تيەنرۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىمىش. زاۋۇتنىڭ لاۋبەنى چىن گۈيرۇڭ بۇ قىزنى ياتاقنىڭ تازىلىقىنى قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ئىمىش. بۇ قىزغا بېرىدىغان ئايلىق مائاش 500 يۈەن ئىمىش. بۇ خەۋەر توقۇپ چىقىلغان ھېكايىمۇ ياكى ئەمەلىيەتمۇ؟ تاماق

پۇلغا قانچە پۇل خەجلەيدۇ بۇ قىزلار!ياتاق پۇلغا قانچە پۇل خەجلەيدۇ بۇ قىزلار؟! كېسەل بولۇپ قالسا داۋالاش خىراجىتىنى كىم بېرىدۇ، بۇ قىزلارغا! تەبىئىي گاز ئۇيغۇرىستاندىن تۇرۇبا ئارقىلىق ئىچكىرى خىتايغا ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ، خام نېفىت ۋاگۇنلارغا قاچىلىنىپ ئىچكىرى خىتايغا توشۇلۇۋاتىدۇ، بۇ ئىشنى كىم ئىشلەيدۇ؟ خىتاي كۆچمەنلىرى دېسەڭلارچۇ! نېمىشقا ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدە بۇ ئىشلارغا ئورۇنلاشتۇرمايدۇ؟ ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ بولۇپ، ئۇيغۇرىستاننى خىتاي كۆچمەنلىرى ئىگىلەش دېگەنلىك ئەمەسمۇ، بۇ؟
ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇرنىڭ ئوغۇل – قىزلىرى ئاتا – ئانىسىغا تېلېفون بېرىپ ئەھۋالنى خەۋەر قىلىشقا يول قويۇلمايدىكەن، بىر ئايلىق توختام تۈزۈپ ئىچكىرى خىتايغا يېتىپ كەلگەندە، توختام ئۈچ يىللىق توختامغا مەجبۇرى ئۆزگەرتىلىدىكەن، خىتاي لاۋبەنلەر بۇ قىزلارنى ئۇرىدىكەن، دەسلەيدىكەن. ۋەتەن ۋە ئانانىڭ چوڭ قىلغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى سېنىڭ ھالىڭ شۇمۇ، ئەمدى؟
قېنى سېنىڭ ئادەملىكىڭ؟ ئادەملىكىڭ بىلەن ھايۋانلىقىڭنىڭ پەرقى نەدە؟ بۈگۈن خىتاينىڭ قولى بىلەن خىتايغا قۇل بولۇپ سېتىلدىڭ. قىزلىرىڭ خىتايغا دېدەك ئورنىدا سېتىلدى.
بۇ مىللەت قاچان ئازاد بولىدۇ؟ قىزىق سۇئال، بۇ مىللەتنى كىم ئازاد قىلىدۇ؟ قىزىق سۇئال، بۇ مىللەتنى قۇل بولۇشتىن، قۇل بولۇپ قولدىن – قولغا سېتىلىشتىن كىم قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ؟
بۇ سۇئالغا بېرىلىدىغان جاۋابلار ئىنتايىن ئاددىيدۇر. ئۇيغۇر، ئۇيغۇرنى قۇتقۇزالايدۇ، ئەلۋەتتە ئۇيغۇر، ئۇيغۇرنى ئازاد قىلالايدۇ، شەرتلەر نېمە؟ ئۇيغۇر ئورنىدىن دەست تۇرۇپ مەن ئادەمغۇ، دېيىشى كېرەك. مەن ئادەمدەك ياشايمەنغۇ، دېيىشى كېرەك. جاسارەت بارمۇ، شۇنداق دېيىشكە، جۈرئەت بارمۇ، شۇنداق دېيىشكە؟ قۇللار قوزغىلاڭلىرى بولۇپ ئۆتكەن تارىخنى، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتكەن تارىخنى ئۇيغۇرلار بىلەمدىغاندۇ ياكى بىلمەمدىغاندۇ؟

2009 ـ يىلى 3 – ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

## خىتاي مۇستەملىكچىلىرى قەشقەر خەلقىنى پاراكەندە قىلىشقا باشلىدى

يېقىندىن بېرى قەشقەر خەلقى ۋە پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نارازىلىقى، ئېتىراز، قارشىلىق كۆرسىتىشلىرىگە قارىماي قەشقەر كونا شەھەرنى چېقىشقا باشلىغان خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ مەخسىتى نېمە ئىدى؟ خىتاي 1949 – يىلى ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، نېمە مەخسەتنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسا، مەسىلەن ئۇيغۇرلارنى يوقۇتۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن، ئەمما ئالدامچىلىقنى ئاشكارە ۋاستىغا ئايلاندۇرغان خىتاي 60 يىلدىن بېرى مەخسەت بىلەن ۋاستىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى قايسى تەرىقىدە يوقۇتۇپ كەلگەن بولسا ئەمدى ئۇيغۇرنى يوقۇتۇش تەدبىرلىرىنى جىددى يولغا قويۇشقا باشلىدى. بولۇپمۇ 2001 – يىلى غەربىنىڭ ئارمىيىسى ئافغانىستانغا يېتىپ كەلگەن كۈنلەردىن باشلاپ، خىتاي فۇ جيەن ئالدىنقى سېپىدىكى موتورلاشقان قىسىملىرىنى 15 كۈن ئىچىدە مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانىنىڭ قەشقەر شەھىرىگە يۆتكەپ كېلىپ، تەنتەربىيە سارىيىنى قوماندانلىق شتابىغا ئايلاندۇرغان، غەرب دۇنياسى بۇ ئىشقا دىققەت قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، بۇ ئەسكەرلىرىنى يەنە 15 كۈن ئىچىدە يۆتكەپ چىقىپ كەتكەن. 2002 – يىلدىن باشلاپ خىتاي مۇستەملىكچىلىرى قەشقەر ۋىلايىتىگە ئېغىر قول سالدى. ئۇيغۇر ياشلىرىنى قەشقەردىن يۆتكەپ چىقىپ كەتتى، ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كەتتى. تور بەتلىرىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا 300 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر قىز خىتاي شەھەرلىرىدە پاھىشە قىلىشقا زورلاندى. ئۇيغۇر ھەقسىز ھازارغا ھەيدەلدى، ئۇيغۇر يېڭى يېزا قۇرۇش ھەرىكىتىگە زورلاندى، قەشقەر پىلانلىق تۇغۇتنىڭ بېسىمىدا قالدى. قەشقەر دىنغا ئىشىنىش جەھەتتە

ئاتېزىملىق سىياسەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا قالدى، روزا – رامىزان تۇتقۇچىلار، ھېجاپلىق ئاياللار دىنسىزلارنىڭ زوراۋانلىقىغا دۇچ كەلدى. چۈۋۈپ توقۇغۇچىلار قەشقەردە بۈرت ماجراسى پەيدا قىلدى. ئەمدى نۆۋەت نېمىگە كەلدى؟ قەشقەر كونا شەھەرنى چېقىپ تاشلاش باشلاندى، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكىنى مۇجىماقچى بولدى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوقاتماقچى بولدى، قەشقەر شەھىرىنىڭ مىللى ئالاھىدىلىك قۇرۇلمىسىنى يوقاتماقچى بولدى. قەشقەر شەھەر ئادەملىرىنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ قولى ئىشقا بارمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ، كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكى پەيدا قىلىپ، ئويلاشقا پۈرسەت تاپالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ، نامايىش ئىسيان، قوزغىلاڭنىڭ ئالدىنى ئالماقچى، ئافغانىستان ئالدىنقى سېپى غەرب ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنقى سېپى ۋە خىتاي ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنقى سېپى بولغان قەشقەرنى پەقەت قەشقەر خەلقىگە پاراكەندىچىلىك سېلىش ئارقىلىقلا مۇقىملىققا ئىگە قىلماقچى بولدى. شۇڭا قەشقەر كونا شەھەرنى چېقىشقا باشلىدى. ۋاخان كارىدورىنى ئېچىپ بېرىش توغرىسىدا، ناتو خىتاي ھۆكۈمىتىگە تەلەپ قويغاندا، تېخى شارائىت پىشىپ يېتىلمىدى دەپ جاۋاب بەرگەن خىتاي ھۆكۈمىتى، نېمىنى كۆزدە تۇتقان ئىدى؟ ئۇيغۇرنى قەشقەردە تەلتۆكۈس يوقۇتۇپ بولالمىدۇق، خىتاي كۆچمەنلىرىنى قەشقەرگە تېخى كۆچۈرۈپ بولالمىدۇق، شۇڭا شارائىت پىشىپ يېتىلمىدى دېمەكچى ئىدى.

زامان يەنە زامانىنىڭ تەرتىپلىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرىدۇ، تەرتىپلەر ۋە زامان ئىچىدە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟ ئامېرىكىنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى ئىراقتىكى ئەسكەرلەرنى ئافغانىستانغا يۆتكەپ كەلمەكچى، ئافغانىستاننىڭ كەلگۈسىنى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھەمكارلىقى ئىچىدە بىر تەرەپ قىلماقچى بولدى. پۈتى كۆيگەن توخۇدەك كۈرۈكلاپ تۇرغان خىتاي ھۆكۈمىتى قارا قولىنى يەنىلا قەشقەرگە سالدى، خىتاي مۇستەملىكچىلىرى بەلگىلەنگەن پىلاننى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى، قەشقەر خەلقى قانداق تاقابىل تۇرىدۇ، قەشقەر خەلقى قانداق پىلان

تۈزدى؟ پەقەت يوقۇتۇشقا قارشى كۆتۈرۈلگەندە، قارشىلىق كۆرسەتكەندىلا ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ.

2009 – يىلى 3 – ئاينىڭ 25 – كۈنى

**خىتاينىڭ ئاتالمىش «ئۆتكۈنچى دەۋر ھۆكۈمىتى»نىڭ باياناتى**

2009 – يىلى 3 – ئاينىڭ 19 – كۈنى «جۇڭگوغا نەزەر تور بېتى» مۇنداق خەۋەر تارقاتتى: «ئۆتكۈنچى دەۋر ھۆكۈمىتى، جۇڭچىڭ شەھرىدە ئېتىلغان بىر پاي ئوق، خىتاي پۇقرالىرىنىڭ كوممۇنىست زوراۋانلارغا قوراللىق زەربە بېرىشىنىڭ پەردىسىنى ئاچتى» دەپ كۆرسەتتى. خىتاينىڭ ئۆتكۈنچى دەۋر ھۆكۈمىتى تىبەتلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى تەلەپلىرى مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئېنىق بىلدۈرمىگەنلىكتىن، تۈزۈپ تارقاتقان ئاساسى قانۇنىدا پەقەت «فېدىراتسىيە» ئۇقۇمىنىلا ئىشلەتكەنلىكتىن، كەمىنە ئوبزورچى، خىتاينىڭ ئۆتكۈنچى دەۋر ھۆكۈمىتىنى، خىتاينىڭ ئاتالمىش «ئۆتكۈنچى دەۋر ھۆكۈمىتى» دەپ ئاتاشنى لايىق تاپتىم. «ئۆتكۈنچى دەۋر ھۆكۈمىتى» 3 – ئاينىڭ 19 – كۈنى جۇڭچىڭدا يۈز بەرگەن ۋەقە توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك باياناتنى ئېلان قىلدى:

1 . ئۆلۈمدىن قورقمىغان ئادەمنى ئۆلۈم بىلەن قورقۇتقىلى بولامدۇ؟ كوممۇنىست زوراۋانلار خىتاي پۇقرالىرىنى ئىزچىل ئۆلۈم بىلەن قورقۇتۇپ كەلدى، كوممۇنىست خىتاينىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش تارىخى نۇرغۇنلىغان خىتاي پۇقرالىرىنىڭ قىزغىنلىقىنى سۇسلاشتۇرۇپ، قۇل بولۇشىنىڭ تەبىئەتلىشىشىگە يول ئېچىپ بەردى. جۇڭچىڭدا ئېتىلغان بىر پاي ئوق، خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ پارتىيىدىن چېكىنىشى ۋە ياش جىيا پالۋاننىڭ زوراۋانلىققا كۈچ بىلەن قارشى تۇرۇشى قاتارلىق ھادىسىلەر خىتاي پۇقرالىرىنىڭ كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتىنى يىمىرىپ تاشلاش ئۈچۈن

كېرەك بولغان يۈرەكلىك بولۇش، باتۇر بولۇشتىن ھالقىپ چىقىپ، خىتاي پ0ۇقرالىرىنىڭ زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش غەيرىتىگە ئىلھام بەردى.

2. ئەسكىرى ئادەملەر ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ پۇقرالارنى باستۇرماسلىقى، ئەسكەرلەرنى ئوق چىقىرىشقا مەجبۇرلىغان، كوممۇنىست ئەمەلدارلارنى ئېتىپ تاشلاپ، ۋاقىتقا توغرىلاپ ھەربىيلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى لازىم.

3 . ھەربىيلەردىن باشقا، كوممۇنىست خىتايلارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ساقچى، قوراللىق ساقچىلار، كوممۇنىستلارنىڭ كونتروللۇقىدىن تېز قۇتۇلۇپ، زوراۋان كوممۇنىستلارغا قول چۇماق بولۇشىدىن، ئاغدۇرۇلىدىغان كوممۇنىستلارغا ھەمدەپنە بولۇشتىن ساقلىنىپ قېلىشى لازىم.

4 . خىتاي پۇقرالىرى كوممۇنىستلارنى تىنچ يول بىلەن پارچىلاش، تىرىشچانلىقىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشى لازىم، ئۆتكۈنچى دەۋر ھۆكۈمىتى كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتىنى قوراللىق كۈچ بىلەن يىمىرىپ تاشلاشنىڭ رولىنى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، تىنچ يول بىلەن يىمىرىپ تاشلاشنى ئاساسلىق شەكلى قىلىشى لازىم دەپ كۆرسەتتى.

خىتاينىڭ ئۆتكۈنچى دەۋر ھۆكۈمىتى ئاخىرىدا مۇنداق كۆرسەتتى: تارىخ بۇرۇلۇش دەۋرىگە كىرىپ كەلدى. يېڭى ئەسىر ئالدىمىزدا تارىخنىڭ يېڭى بېتىنى ئاچىدۇ، ئورنىدىن دەست تۇرۇپ، كوممۇنىست خىتايلار ھۆكۈمرانلىقىنى يىمىرىپ تاشلاشقا قاتناشقان باتۇرلار تارىختىن ئورۇن ئالىدۇ، ئەۋلادلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ.

2007 – يىلى 4 – ئاينىڭ 4 – كۈنى

**پرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتى نېمىشقا جۇڭگوغا قاتتىق پوزىتسىيە تۇتتى**

دۆۋى تور بېتىنىڭ مۇخبىرى ۋۇۋى، ئامېرىكىدا نەشىردىن چىقىدىغان [خىرىستىئان رىسالىسى گېزىتى]نىڭ ئوبزورىدىن ستاتە كەلتۈرۈپ مۇنداق كۆرسەتتى: بازاردا ياكى بازار ئىگىلىكىدە ئىختىيارلىشىپ كەتكەن جۇڭگو، ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرى ۋە پۇل مۇئامىلە ساھەلىرىنى يەنىلا قاتتىق تىزگىنلەپ تۇرۇپتۇ. 3 – ئاينىڭ 30 – كۈنى ئامېرىكا، ماركسىزىمچى دۆلەت جۇڭگو تىزگىنلەپ تۇرغان ئىقتىسادنىڭ يادروسى يەنى ئېكسپورت قىلغان تاۋارلارغا تولۇقلىما مەبلەغ قوشۇپ بېرىشكە خىرىس ئېلان قىلدى.
[خىرىستىئان رىسالىسى گېزىتى] يېقىندا 4 – ئاينىڭ 2 – كۈنى بىر پارچە ئوبزور ئېلان قىلىپ: جۇڭگو بىلەن بولۇۋاتقان سودىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە سېلىشتۇرغاندا، پرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرىكىتى يېنىك – يەڭگىل بولسىمۇ، بەرىبىر جۇڭگونىڭ بىر خىل ئېكسپورت مەھسۇلاتى، مىس تاختا ماتېرىياللىرىنىڭ ئامېرىكا بازارلىرىغا كىرىشكە %10تىن %20 گىچە باج قويىدىغان بولدى دەپ، كۆرسەتتى. پەرەزلەرگە ئاساسلانغاندا بۇ ھەرىكەت، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىن ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلارغا تېخىمۇ كۆپ ھەرىكەت قوللىنىش مۇمكىنلىكىنىڭ باشلىنىشى ئىكەن. چۈنكى، ھۆكۈمەتنىڭ تولۇقلىما مەبلەغ قوشۇپ بېرىشىدىن بەھرىلەنگەن جۇڭگونىڭ نۇرغۇن شىركەتلىرى بۇنداق ئۈستۈنلۈكتىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ سانائىتىگە زەربە بېرىپ، نەتىجىدە ئامېرىكىلىقلار بىرنەچچە يۈز مىڭ ئىش ئورنى خىزمەت ئورنىنى يوقاتتى.
[خىرىستىئان رىسالىسى گېزىتى] ئوبزورىدا: بۇ كونكرېت تەدبىر، پرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزۈندىن بېرى جۇڭگونى غەيرى بازار ئىگىلىكى ئورنىدا تۇرغان دۆلەت دەپ قاراپ كەلگەن ۋە شۇ ئاساستا تۈزۈلگەن ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو سىياسىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. چۈنكى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادقا قول تىقىشى شۇ دەرىجىدە كۈچلۈك ھەمدە ئىقتىسادقا قول تىقىشنىڭ دائىرىسى ئېنىق بولمىغاچقا،

ھۆكۈمەتنىڭ ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلارغا توقۇلما مەبلەغ قوشۇپ بېرىشنى ھېسابلاپ چىقىش قىيىن بولدى دەپ، كۆرسەتتى. يېقىندىن بېرى جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۆلەت قەرىز بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىرنەچچە يۈزلىگەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرنى تىزگىنلەپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىساد ساھەسىدە ئوينىغان رولىنى تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ دۇنيا بازىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. جۇڭگونىڭ تولۇقلىما مەبلەغ قوشۇپ بېرىش سىياستى، شىركەتلەر ماتېرىيال، مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالغاندا پەقەت جۇڭگودا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشقا مەجبۇرلاش بىلەن خاراكتېرلەندى. بۇنداق ئەھۋالدا جۇڭگودا ئىشلەپچىقىرىلغان چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى جۇڭەو بازىرىدا چەتكە قېقىلدى.

پرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگودىن ئىمپورت قىلىنغان مىس تاختا قاتارلىق تاۋارلارغا باج قويۇپ قوللانغان دادىل ھەرىكىتى تېخىمۇ كۆپ سىياسى مەناغا ئىگە بولۇپ، بۇ سىياسەت ختاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادنى تىزگىنلەش ھوقۇقىغا ۋە كوممۇنىست پارتىيىنىڭ مونوپول قىلىشنى ساقلاپ قېلىش بويىچە ئەسەبىيلىك بىلەن ئۇرۇنۇشلىرىغا قارىتىلدى. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بۇنداق تىزگىنلىشى ئازايتىلغان ھامان بەلكى، جۇڭگودا تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر دېموكراتىك شەكىلدە ختاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىگە خىرىس قىلالايتتى.

[خىرىستىئان رىسالىسى گېزىتى] ئوبزورنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا: پرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتىنىڭ، تولۇقلىما مەبلەغكە ئېرىشكەن جۇڭگودىن ئىمپورت قىلىنغان مىس تاختا ماتېرىياللىرىغا جازالاش خاراكتېرلىك باج قويۇش ھەرىكىتى، جۇڭگونىڭ يېقىندا ۋەزىپىگە ئولتۇرىدىغان ياش رەھبەرلىرىنى، جۇڭگو تېخىمۇ كۆپ ئىقتىساد دېموكراتىيىسىگە، تېخىمۇ كۆپ سىياسى دېموكراتىيىسىگە موھتاج، دېگەن بىر ئېنىقلىمىغا ئىشەندۈرۈشكە ياردىمى بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. [خىرىستىئان رىسالىسى گېزىتى].

2007 – يىلى 4 – ئاينىڭ 7 – كۈنى

**زەيدىن يۈسۈپنى ئەسلەيمىز**

بارىن قوراللىق ئىنقىلابىنىڭ 17 – يىللىقى جاي – جايلاردا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەسرەت ئىچىدە داغ – دۇغۇلۇق خاتىرلەندى. بارىن ئىنقىلابى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ۋە ئۇيغۇر مىللى مۇستەقىللىق ئىنقىلابىنىڭ داۋامى ئىدى. ئۇيغۇر خەلقى قوراللىق ئىنقىلاب ئارقىلىق زامانىنى زاماندىن پەرىقلەندۈرۈپ كەلگەن، قوراللىق ئىنقىلاب ئارقىلىق زامانىنى – زامانغا، مىللى روھنى زامانغا ئۇلاپ كەلگەن خەلق ئىدى. بارىن ئىنقىلابچىلىرى شۇ دەۋرلەردە زوراۋانلىققا پەقەت زوراۋانلىق بىلەن قارشى تۇرۇشتىن باشقا يولنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. مىللى ئازادلىق ئىنقىلابى تارىختىن بېرى قوراللىق ئىنقىلاب ۋە تىنچ يول بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلاب شەكىللىرى ئىچىدە مەخسەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرغان ۋە تارىخى ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلغان ئىدى. بۇنداق شەكىللەر شۇڭا مىللى ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان خۇسۇسىيەتلەر بولۇپ تارىخ بەتلىرىگە يېزىلىپ كەلمەكتە.

زەيدىن يۈسۈپ، بىر ئىرادە، زەيدىن يۈسۈپ ئاۋۋال ئۆز – ئۆزىگە ئىگە بولالىغان ئىرادە ئىدى. زەيدىن يۈسۈپنى زامان ياراتتى، شۇڭا زەيدىن يۈسۈپ زامانىنىڭ زىكرىگە ئايلانغان ئىدى، زەيدىن يۈسۈپ بىر ئىرادە، شۇڭا ئۇ، بىر مىللەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلانغان ئىدى. شۇ ئىرادىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ زەيدىن يۈسۈپ بارىن خەلقىنى تەشكىللىدى، ئۆزىگە ئوخشاش ئادەملەرنى ئەتراپىغا توپلىيالىدى. زەيدىن يۈسۈپنىڭ ئادىمى ئالاھىدىلىكى نېمە؟ خۇددى ساڭا ئوخشاش، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەم ئىدى. بىراق زەيدىن يۈسۈپ ئەقىل بىلەن غايىنىڭ، ئەقىل بىلەن جاسارەتنىڭ، غايە بىلەن جاسارەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا ئۆتكەندە، زەيدىن يۈسۈپ ساڭا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ غايىسى مىللى ئازادلىق، دېگەن مۇشۇ تەييار ئۇقۇم . لېكىن

كونا ئۇقۇم، ھەربىر زامان مەزمۇنىنى داۋاملىق يېڭىلاپ تۇرىدىغان بۇ ئۇقۇم بىلەن غايە بىرلەشكەندە، زەيدىن يۈسۈپ غايىسىنى قۇرۇق خىيالغا ئايلاندۇرۇۋەتمىدى بەلكى مىللى ئىنقىلاب، مىللى كۈرەشنىڭ رېئاللىقىغا ئايلاندۇردى. بارىن ئىنقىلابى زەيدىن يۈسۈپ ياراتقان بىر رېئاللىق ۋە زەيدىن يۈسۈپ ياراتقان ئۆزگىچە بىر زامان ئىدى. ئۇنىڭ ئارزۇلىرى قاناتلىنىپ تۇردى، ئۇنىڭ ئەقلى ئۇنى بىر نىشانغا يېتەكلىدى، ئۇنىڭ جاسارىتى ئۇنى يەتمەكچى بولغان بىر نىشانغا يەتكۈزدى. [ئىنقىلابنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، ئىنقىلابنىڭ يوقۇلۇشى دېمەكتۇر؛ ئەمما، ئىنقىلابسىزلىق بولسا، مىللەتنىڭ يوقۇلۇشى دېمەكتۇر. پىشانىمىزگە يوقالغان مىللەت، دېگەن ھاقارەتلىك تامغا بېسىلىشتىن ئاۋۋال ئىنقىلابسىزلىققا قارشى قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك] . زەيدىن يۈسۈپ يۈقىرىقى ئىنقىلاب مەنتىقىسى ئارقىلىق مەزلۇم مىللەتنىڭ قورالى ئۆلۈم دېمەكچى بولدى. ئۇ شۇنداق دېدى، ئۇ شۇنداق ئىش قىلدى، ئۇ شۇنداق كۈرەش قىلدى، ئۇ شۇنداق ۋاپات بولدى، زەيدىن يۈسۈپ ئۇ شۇنداق شېھىت بولدى، زەيدىن يۈسۈپ مىللى ھاقارەتكە، مىللى خورلۇققا، مىللى زۇلۇمغا، مىللى كەمسىتىشكە قولىنى قويۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرمىدى، كۈرەش ئىچىدە قەھرىمانلارچە ئۆلۈش يولىنى تاللىۋالدى. 90 – يىللار پۈتۈن جاھاننىڭ ۋەزىيىتى تەۋرىنىپ تۇرغان يىللار ئىدى. شۇ ۋەزىيەتتە زەيدىن يۈسۈپ پۈتۈن دۇنياغا، ئىمتاس ئەمەس بۇ ماكان، دەپ جاكارلىدى. ئۇيغۇر تارىخىنىڭ بىر بېتىنى ئىسسىق قېنى – قىزىل قان، قۇتلۇق قان بىلەن يازدى. شۇ ۋاقىتتا ھەربىر ئۇيغۇ رمۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا بىر ئىسمنى، زەيدىن يۈسۈپ دېگەن بىر ئىسمنى تەكرارلايتتى. خىتايغا قارشى ئۇرۇش قىلغاندا ئۇنى قويىنغا ئالغان پامىر تاغلىرى، ئەكس سادا قايتۇراتتى. ئەكس سادانىڭ تەلەپلىرى نېمە ئىدى؟ بىر ئادەم ئۆزىنىڭ جېنى ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قايتا يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس ئىكەن، شۇڭا شۇ ئادەم ئۆزىنىڭ جېنىنى، شۇ مىللەت، مىللەتنىڭ ھاياتىنى ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ

ئىختىيارى بىر تەرەپ قىلىشقا تاشلاپ بېرەلمەيدۇ، دېگەن پەيلاسوپ جون لاكىنىڭ ئەقلىيىسگە جاۋاب بېرىش ئىدى. پامىر تاغلىرىدىن قايتقان ئەكس سادا زەيدىن يۇسۇپنىڭ پامىر تاغلىرىغا سىڭىپ كەتكەن ساداسىدۇر. بۇ سادا بىر ئىنقىلابچىنىڭ ساداسىدۇر، بۇ سادا بىر مىللى قەھرىمانىنىڭ ساداسىدۇر، بۇ سادا بىر ئۇلۇغ داھىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن چاقىرىقىدۇر!

2007 – يىلى 4 – ئاينىڭ 11 – كۈنى

**ئاناڭ كىم ئىدى قىرغىزىستان، ئاناڭ كىم ئىدى قىرغىزىستان**

2005 – يىلى 3 – ئايدىن تاكى ھازىرغىچە قىرغىزىستاندا رەڭلىك ئىنقىلاب داۋاملىشىپ كەلدى، ھەرگىز توختاپ قالمىدى دېسەك، كۆپتۈرۈۋەتكەنلىك ھېسابلانمايدۇ. قىرغىز خەلقى دېموكراتىك ئاڭغا ئىگە بولدى، بىراق ھەر قېتىملىق ئىنقىلاب ئاياغلاشقاندىن كېيىن، سايلانغان پرېزىدېنتلار قىرغىز خەلقىگە ۋەدە بەردى، - يۇ، لېكىن بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. نېمە ئۈچۈن؟ يېڭىدىن سايلانغان ھۆكۈمەت قىرغىزىستاندا ئۇزۇل – كېسىل دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، روسىيىنىڭ تەسىرىنى، كوممۇنىزىمنىڭ تەسىرىنى تازىلىمدى، ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىۋاتقان ختاي كوممۇنىستلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە چەك قويمىدى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ قەپىزىگە چۈشۈپ قالغان قىرغىزىستان، روسىيىنىڭ دان تاشلاپ بېرىشىگە، ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭىيىش نىيىتىدە بولۇۋاتقان سېرىق ئاپەت ختاينىڭ بىر تېمىم سۇ قويۇپ بېرىشىگە ھاجەتمەن بولۇپ قالدى. روسىيە ئۇ تەرەپتىن سىياسى مەسىلەر بويىچە قىرغىزىستانغا بېسىم ئىشلەتكەن بولسا، ختاي بۇ تەرەپتىن ئىقتىسادى، سىياسى مەسىلەر بويىچە قىرغىزىستانغا بېسىم ئىشلەتتى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار مەسىلىسى بويىچە، ختاي ھۆكۈمىتى ھەر قېتىم سايلانغان پرېزىدېنتلارنى ئىپادە

بىلدۈرۈشكە، ئاقايىپنى ھەم شۈنداق باقىيۈپنى ھەم شۈنداق ئىپادە بىلدۈرۈشكە مەجبۇرلاپ، ھەتتا ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا باستۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك، خىتاي، قىرغىزىستان كېلىشىمى ئىمزالاپ، ئەمدىلا قۇرۇلغان قىرغىزىستان بۇ ياش دۆلەتنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تاشقى سىياسەت بەلگىلىشىگە مۇمكىنلىك بەرمىدى. ھەتتا، خىتاي مۇستەبىتلىرى قىرغىزىستاننى ئۆزىنىڭ بىر ئۆلكىسىگە، بىر ئاپتونوم رايونىغا ئايلاندۇرماقچى بولدى. شىمالى قىرغىزىستانلىق پرېزىدېنت بولامدۇ ياكى جەنۇبى قىرغىزىستانلىق پرېزىدېنت بولامدۇ؟ ھەممىسى قىرغىز ئىدى – غۇ؟ كىم بولسا بىر ۋەتەنپەرۋەر قىرغىز پرېزىدېنت بولىدىغۇ؟ قىرغىزىستان خەلقىنىڭ ئىچىگە زىددىيەت سېلىش، قىرغىزىستان سىياسى ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچىگە زىددىيەت سېلىش، خىتاي رەھۋازلىرىنىڭ قولىدىن كېلەتتى. خىتاي نېمە مەخسەتكە يەتمەكچى ئىدى؟ قىرغىزىستان ھاكىمىيىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى، قىرغىزىستان بۇ دۆلەتنىڭ سىياسى ئەربابلىرىنى، خىتايغا بېقىنىدىغان گوماشتىغا ئايلاندۇرۇش بۇ، خىتاي كېڭەيمىچىلىرىنىڭ ئۇسۇلى ۋە ماھىيەتلىك مەخستى ئىدى. خىتاي دارپور خەلقىنى قىرغىن قىلىشقا سۇدان تېررورىستلار ھاكىمىيىتىنى كۇشكۇرتتى، ئىرانلىق مۇتىھەملەرنىڭ ئەنگلىيە دېڭىزچىلىرىنى سوراق قىلىشىغا خىتاي ئەقىل كۆرسەتتى. دۇنيانىڭ قەيىرىدە ئىنسانىيەتكە قارشى ھەرىكەتلا بولىدىكەن، شۇ يەردە خىتاي سېرىق ئاپەتنىڭ قولى بار دېسەك ھەرەىز خاتالاشمايمىز. قىرغىز خەلقىنىڭ نامايىشى تىنچ يول بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان نامايىش بولۇپ، نامايىشنىڭ خاراكتېرى قىرغىز خەلقىنىڭ ئەخلاقلىق خەلق، ئاڭلىق خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى.

ئۇيغۇرنىڭ سىياسى ئاكتىپلىرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنى قىرغىز خەلقىدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلىدۇ! ئۇيغۇرنىڭ سىياسى ئاكتىپلىرى، ئۇيغۇر خەلقىنى قىرغىز خەلقىدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلىدۇ! مۇبادا بۇ قېتىمقى نامايىشتا قىرغىز خەلقى يەنە بىر قېتىم غەلىبە قىلىپ، يېڭى

پرېزىدېنت سايلىنىدىغان بولسا، قىرغىزىستاندا ئەمىنلىكنى، تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئاسايىش تۈرمۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشدە بىردىنبىر يول – شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىن چېكىنىپ چىقىش، ئۆز ئالدىغا تاشقى سىياسەت بەلگىلەش، ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش، قولغا ئېلىش، سىياسى پائالىيەتچى ئۇيغۇرلارنى تۇتۇۋېلىپ خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش سىياستىنى بىكار قىلىش، بۇ ياش جۇمھۇرىيەت قىرغىزىستاننىڭ چىقىش يولىدۇر، - دېيىشتى ئۇيغۇر سىياسى ئاكتىپلىرى. قىرغىزنىڭ ئاڭلىق زىيالىيلىرى قىرغىزنىڭ سىياسىئونلىرى ئەگەر بىلسە، قىرغىزىستاننى ئوتتۇرا ئاسىيادا غەربكە ئېچىلغان دېرىزىگە ئايلاندۇرغان بولسا، روسىيمۇ داغدا قالاتتى، خىتاي سېرىق ئاپەتمۇ داغدا قالاتتى، بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېڭى ھاياتلىق يولى قىرغىزىستاندىن باشلانغان بولاتتى، - دېيىشتى ئۇيغۇرنىڭ سىياسى ئاكتىپلىرى. شۇنداق بولاتتى، ئاتاڭ كىم ئىدى قىرغىزىستان، تۇران! ئاناڭ كىم ئىدى قىرغىزىستان، يەنىلا تۇران ئىدى، قىرغىزىستان!

2007 – يىلى 4 – ئاينىڭ 15 – كۈنى

**دۇنيا تەۋرىمەكتە**

ئاۋۋال ئوكرائىنادا ئىچكى ئۆزگىرىش يۈز بەردى، پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىش ئاساسى قانۇنغا قارمۇقارشى بولۇپ قالدى، ئوكرائىنانىڭ ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ يەنە پەسكويىغا چۈشۈپ قالدى. ئارقىدىنلا قىرغىزىستاندا زور كۆلەملىك نامايىش پارتلاپ، بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. قىرغىز خەلقى باقىيېنى تەختىن چۈشۈشكە زورلىماقتا. روسىيەدە دېموكراتىيىنى بوغۇپ تاشلىغان، مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئاياغ – ئاستى قىلىپ، ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرگەن، روس خەلقىنىڭ يوللۇق نامايىشىنى قانۇنسىز، دەپ جاكارلىغان ۋىلادىمىر پۇتىن، ئۆكتىچى

پارتىيىلەر رەھبەرلىكىدىكى روس خەلقىنىڭ نامايىشىغا دۇچ كەلدى. ۋىلادىمىر پۇتىن، ئاساسىي قانۇننى ئۆزگەرتىپ ئۈچ قېتىم پرېزىدېنت بولۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ۋىلادىمىر پۇتىن ئەمەسمىدى؟ شۇنداق دېموكراتىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا روسىيىدە زور كۆلەملىك نامايىش، روس خەلقى پېتربورگ شەھرىدە يەنە شۇنداق نامايىشنى باشلىۋەتتى دېگۈدەك ئوخشاش بىر كۈندە خىتاينىڭ چۇڭچىڭ شەھرىدە ئىشچىلار زور كۆلەملىك نامايىش تەشكىللەپ، ساقچى ئىدارىسىنى قورشىۋېلىپ ئىشچىلارنىڭ ھوقۇق — مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ قولغا ئېلىنغان تاڭۇۋ خانىمنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ساقچىلارنىڭ باستۇرۇشىغا ھەرقانداق ئىز — نىشان قالدۇرمىغان ئالتە توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىشچىلىرى تەرتىپلىك ئامما، قەھرلىك، ئىنتىزامچان ئامما، شىددەتلىك نامايىش قىلدى. چۇڭچىڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىشچىلىرى ئىنتېرناتسىئونال مارشىنى يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىدى. ئىنتېرناتسىئونال مارشىنىڭ جۇڭگو تۇپرىقىدا ياڭرىشى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن زور ئەجەللىك مەسخىرە بولدى. كاپىتال بىلەن ئەمگەكنىڭ مۇناسىۋىتى ئوتتۇرىغا چىققاندەك بولدى. ئىشچىلار نامايىش ئارقىلىق كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئىنكار قىلغان بولدى، ئىشچىلار نامايىش ئارقىلىق كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىغاندەك بولدى. بىرنەچچە قېتىملىق ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ۋە يۇقىرالارنىڭ خەلق ھوقۇقىنى قوغداش ھەرىكەتلىرى يۈز بەرگەندىن كېيىن ئەمدى چۇڭچىڭ شەھرىدە ئىشچىلارنىڭ نامايىش تەشكىللىشى، يېڭى باشلىنىش، جۇڭگودا دېموكراتىك ھەرىكەتنىڭ قۇدرەتلىك سىنىپى كۈچكە، ئاڭلىق تەشكىللىك كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالدى.
4 – ئاينىڭ 14 – كۈنى تۈركىيىنىڭ ئەنقەرە شەھرىدە 150 مىڭ كىشىلىك ھور كۆلەملىك نامايىش پارتلاپ ۋەزىر ئەرتۇغاننىڭ پرېزىدېنت

بولۇپ سايلىنىشىغا قارشى چىقتى، دىن بىلەن سىياسەتنى بىرلەشتۈرۈشكە قارشى تۇردى. كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولغان 20 مىليون خىتايىنىڭ، كوممۇنىستىك پارتىيىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى تەبرىكلەپ نيورك شەھرىدە زور كۆلەملىك نامايىش بولۇپ ئۆتتى. تەيۋەندە سىياسى كۈچلەر توقۇنۇش ئىچىگە كىرىپ قالدى. بۇ نۇقتىنى قەيت قىلغان «دۇنيا گېزىتى» 4 – ئاينىڭ 15 – كۈنى تەيۋەننىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى داۋالغۇش ئىچىگە كىرىپ قالدى دەپ، كۆرسەتتى. يېڭى ئىرا تور بېتىنىڭ 4 – ئاينىڭ 15 – كۈندىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا: ئامېرىكىنىڭ دېڭىز ئارمىيە گېنىرالى تەيۋەن بوغىزىنىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئامېرىكىنىڭ گۇئامدىكى ھەربىي بازىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى. شۇنداق! ئۇيغۇرىستاندىن باشقا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى تەۋرەشكە باشلىدى. ئۇيغۇرنىڭ قىزلىرى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلدى، ئۇيغۇرنىڭ ئوغۇللىرى قۇل ئورنىدا ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلدى، ئاتا – ئانا بولغۇچى قېنى قىزلىرىم، قېنى ئوغۇللىرىم دېمىدى! پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتى قېنى باللىرىم قېنى قېرىنداشلىرىم دېمىدى! خىتاي كۆچمەنلىرى نېمىشقا ئۇيغۇرىستانغا كۆچۈپ كېلىدۇ؟ نېمىشقا ئۇيغۇرلارنى ئۇيغۇرىستاندىن ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىسەن، دېمىدى ئۇيغۇرلار! ئوبزورچى لىيۇ شاۋجۇ: ئەرىز – شىكايەت قىلغۇچى خىتاي پۇقرالىرىغا قارىتىپ: «ئەرىز – شىكايەت قىلىشتىمۇ چىڭ تۇرالمىساڭ، قولۇڭنى قويۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرىدىغان بولساڭ، ھايۋاندىن پەرقىڭ بولامدۇ؟ ھايۋاندەك قۇل بولۇشتىن پەرقىڭ بولامدۇ» دېدى. مەن نېمە دەيمەن؟ قىزلىرىم قېنى، باللىرىم قېنى، باللىرىمنى نەگە ئېلىپ كەتتىڭ ھوي، خىتاي دېيەلمىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى بار؟ ھايۋاندەك قۇل بولۇشتىن نېمە پەرقى بار؟! ئادەم بولۇپ تۇغۇلۇپ، ھايۋاندەك ئۆلۈشتىن نېمە پەرقى بار؟ ئەگەر ھاياتلىقنىڭ مەنىسى جاپا – مۇشەققەتكە، خورلۇق – ھاقارەتكە باراۋەر

بولۇپ قالدىغان بولسا، ئىنساننىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى يوللۇق، ئىدىغۇ؟ ئىنساننىڭ ئويغۇنىشى، ئورنىدىن دەست تۇرۇشى يوللۇق ئىدى، - غۇ؟

2007 – يىلى 4 – ئاينىڭ 24 – كۈنى

## جۇڭگو جەمئىيىتىگە يېتىپ كەلگەن سىياسى داۋالغۇش

«يېڭى ئەسىر خەۋەرلىرى» تور بېتى 4 – ئاينىڭ 22 – كۈنى مۇنداق خەۋەر قىلدى: يېقىندىن بېرى جۇڭگو جەمئىيىتى داۋالغۇش ئىچىگە كىرىپ قالدى، نامايىش، ئۇرۇپ چېقىش، ئىشسىزلىق، ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئېرىشەلمەسلىك، داۋالىنىشنىڭ قىيىن بولۇشى، پۇل تۆلەپ مەكتەپكە كىرىشنىڭ قىيىن بولۇشى، ئۆي – ئىمارەتلىرى چېقىۋېتىلگەن پۇقرالارنىڭ قارشىلىقى، يەرسىز قالغان دېھقانلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى، نامايىشلار، ساقچىلار بىلەن دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ زوراۋانلىق تۈسىگە ئىگە بولۇشى جۇڭگو جەمئىيىتىدە كۈنسايىن ئېغىرلاشتى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى 2005 – يىلى ئېلان قىلغان، كۆك تاشلىق كىتابتىن سىتاتا ئېلىپ، «يېڭى ئەسىر خەۋەرلىرى» تور بېتى 1993 – يىلدىن 2003 – يىلغىچە جۇڭگەودا يۈز بەرگەن ئاممىۋى خاراكتېرلىك داۋالغۇشنىڭ سانى 10 مىڭ قېتىمدىن 60 مىڭ قېتىمغا كۆپەيدى، قاتناشقان ئادەملەرنىڭ سانى 730 مىڭدىن، 3 مىليون 730 مىڭغا كۆپەيدى دەپ، كۆرسەتتى. قارىغاندا ساقچىلار ھۆكۈمەتنىڭ نامايىشلارنى باستۇرۇش قورالى ھېسابلانسا، ئىشچىلار، دېھقانلار، شەھەر ئاھالىسى قاتارلىق ئاجىز تەبەقەلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشلىرى، ھۆكۈمەتكە، تۈزۈمگە قارشى ئاممىۋى كۈچنىڭ پىششىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئەمدى كېلەيلۈق بۈگۈن جۇڭگو جەمئىيىتىدە نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ؟ «جۇڭگوغا نەزەر تور بېتى» 4 – ئاينىڭ 9 – كۈنى: چىڭداۋ شەھرىنىڭ خېشى كەنتىدە ئۆي – ئىمارىتى چېقىۋېتىلگەن بىر جۈپ ئەر

– ئايال ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغاندا ساقچىلار تۇتۇپ كەتتى دەپ، كۆرسەتتى. ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ مۇخبىرى شىمىڭ 4 – ئاينىڭ 11 – كۈنى سەندۇڭ، خۇنەن، گۇۋاڭشى قاتارلىق ئۆلكىلەردە، ھەربىي سەپتىن قايتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئەرىز شىكايەت قىلىشقا ئۆتكەنلىكىنى بولۇپمۇ خۇنەن، گۇۋاڭشى ئۆلكىلىرىدە بۇ ئەسكەرلەرنىڭ بىرلىشىپ كۈچ تەشكىللەۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. يەنە «جۇڭگوغا نەزەر تور بېتى» 4 – ئاينىڭ 18 – كۈنى، خېنەن ئۆلكىسى جىگجۇ شەھەرلىك توقۇمۇچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىشچىلىرى ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىدا پېنسىيە پۇلى تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلدى دەپ، كۆرسەتتى. يېڭى ئەسىر تور بېتىنىڭ مۇخبىرى لى جيەنجۈن، 4 – ئاينىڭ 20 – كۈنى 400 نەپەر ھەربىي سەپتىن قايتقان ئەسكىرى ئادەم خۇنەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىناسى ئالدىدا، نامايىش قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا، ھۆكۈمەتنىڭ كاپالەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى دەپ، كۆرسەتتى. يېڭى ئىرا تور بېتىنىڭ مۇخبىرى لى باۋ ۋىن 4 – ئاينىڭ 20 – كۈنى، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ كاڭ ياڭ شەھرىدە توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ 3 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچىسى ئىش تاشلاپ نامايىش قىلىپ مائاش ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى دەپ، كۆرسەتتى. يېڭى ئىرا تور بېتىنىڭ مۇخبىرى جاۋ زى فا 4 – ئاينىڭ 21 – كۈنى شەنشى ئۆلكىسى لۇ ياڭ پولات – تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى، 309 – نومۇرلۇق تاشيولنىڭ ئۈستىدە 89 سائەت يېتىۋېلىپ مائاش ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلدى، باستۇرۇشقا كەلگەن ساقچىلارنىڭ كۈچى يەتمىگەنلىكتىن، ھۆكۈمەت قوراللىق ساقچى قىسىملارنىڭ يۆتكەپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى دەپ، كۆرسەتتى. خىتاي كوممۇنىستلىرى مىللى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان «شىنجاڭ» دېگەن بىر يەر بار ئىدى، نېمە ئۈچۈن «شىنجاڭ» دېگەن بۇ ئۆلكە نامايىش قىلدى دەپ، مۇخبىرلارنىڭ قەلىمىگە ئېلىنمايدۇ؟ خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيتى ئۇيغۇر، دېگەن بۇ مىللەتنى مەھ شەت پاراغىتىگە ئىگە قىلغانمۇ، يە؟ مۇخبىرلار «شىنجاڭ» دېگەن بۇ ئۆلكىنى قانداق قەلەمگە

ئالدى؟ 18 – 14 ياشلىق چىرايلىق ئۇيغۇر قىزلىرى ئىچكىرى خىتايغا، خىتايلار ئولتۇراقلاشقان جىجاڭ، سەندۇڭ ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىلدى، دەپ قەلەمگە ئالدى. خىتاي پۇقرالىرى ئادالەتسىز سىياسەتكە قارشى، ئەمگەك ھەققىنى كەمەيتىشكە قارشى، جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىككە قارشى نامايىش قىلىۋاتىدۇ، قوزغىلاڭ قىلىۋاتىدۇ، ئەپسۇس ئۇيغۇرنىڭ قىزلىرىنى ئاتا – ئانىسىنىڭ قۇچىغىدىن يۇلۇپ چىقىپ ئىچكىرى خىتايغا ئېلىپ كېتىۋاتسا، ئۇيغۇرلارمۇ دېمەي كۆشەپ ياتىدۇ.

2007 – يىلى 4 – ئاينىڭ 25 – كۈنى

## كوممۇنىزىمنىڭ گوركاۋى يىلتىسىن

يىلتسىن توغرا يولنى، توغرا نىشاننى تاللىۋالغان سىياسىئون ئىدى. سابىق سوۋېتلەر كوممۇنىزىمنى، مۇستەبىت ئىمپېرىيىنى گۇمران قىلىش، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تارىخ روسىيىدە گورباچېپ بىلەن يىلتىسىننىڭ ۋۇجۇدىغا يۈكلىگەن ئىدى. پارتىيە ئىچىدىكى سىياسى كۈرەش تۈپەيلى گورباچېپ يىلتىسىننى پارتىيىدىن چىقىرىۋەتكەندە، كوممۇنىستىك پارتىيە ئىچىدىكى باشقا كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ يىلتسىن [دېموكراتىك پروگراممىچىلار] تەشكىلاتىنى قۇرۇپچىقتى. بۇنداق ئېيتقاندا يىلتسىن پارتىيە ئىچىدە ئىسلاھاتچىلىق يولىغا ماڭمىدى ياكى پارتىيە ئىچىدىكى ئىسلاھاتچىلارغا مۇراجىئەت قىلمىدى بەلكى تۈزۈم ۋە ھاكىمىيەتنىڭ سىرتىدىكى خەلقنىڭ ئىرادىسىگە تايىنىپ، سابىق سوۋېتلەر ھاكىمىيىتى بىلەن قارشىلىشىپ روس خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 1991 – يىلى 8 – ئاينىڭ 19 – كۈنى كونسېرۋاتىپ كوممۇنىستلار يەنى ياناپىچىلار سىياسى ئۆزگىرىش قوزغىغاندا، تاناك ۋە قوراللىق قىسىملارغا يۈز تۇرانە تۇرۇپ، ھەتتا تانكىنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ نۇتۇق سۆزلەپ

يىلتسىن، ۋەزىيەتنى بىر دەقىقدە ئۆزگەرتىۋەتكەن، ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنىڭ قايسى بىرىنى تاللاشقا دۇچ كەلگەن شۇنداق پەيتتە خەلقنىڭ تەلەپ ئارزۇلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ، سىياسى يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان روھنى بىرلەشتۈرۈپ قاراملىق بىلەن غەلىبە قىلىش، بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا مۆجىزە، بىر سىياسىئون ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەم مۆجىزە، تارىخ ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ ئەلۋەتتە بىر مۆجىزە ئىدى. باستۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىلگەن ئەسكىرى قىسىمنىڭ ئىچىدىن قايسى بىر تەنتەكنىڭ ئوق چىقارمايدىغانلىقىغا ئىشەنگىلى بولاتتىمۇ؟

سابىق سوۋېتلەرنىڭ كونتروللۇقىدىكى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشقا ئۆتكەندە يىلتسىن، ۋەزىيەتنى جىددى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى توغرا مۆلچەرلەپ ھەم مۇستەقىل تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇردى ھەم بۇ مىللەتلەر مۇستەقىللىق جاكارلاپ بولغاندىن كېيىن بۇ دۆلەتلەرنى مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىنىڭ شەكلى ئىچىگە ئېلىپ كىردى. يىلتسىن روس خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى دېموكراتىيىلەشتۈردى، بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇپ مۈلۈكچىلىكنى خۇسۇسىلاشتۇرۇپ ئىنتايىن مۇشلۇك ۋەزىپىنى يەنە ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق ئاخىرلاشتۇردى. ئۆزگىرىش دەۋرىدىكى بىر دەقىقە قالايمىقانچىلىقتىن، ئەبەدىيلىككە خاس بولغان دېموكراتىك تۈزۈمنى بەرپا قىلدى، شۇڭا خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن دېموكراتىيىنىڭ ئاتىسى، بۈيۈك تارىخى شەخس، دېگەن شان — شەرەپكە ئىگە بولدى. يىلتسىن كوممۇنىستىك تۈزۈمنى ئۆزىنىڭ دۆلىتىدە گۇمران قىلدى بىراق كوممۇنىزمنى پۈتۈن دۇنيادا گۇمران قىلىشقا تۈتۈش قىلمىدى. ستالىن قۇرۇپ بەرگەن، ستالىن جۇڭگودا ھاكىمىيەت بېشىغا ئېلىپ كەلگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇش جەھەتتە يىلتسىن ھېچقانداق رول ئوينىمىدى. شۇڭا، يىلتسىن خەلقئارا سەھنىدە تۆھپە ياراتقانمۇ ياكى

ئۆزىنىڭ دۆلىتى ئىچىدە تۆھپە ياراتقانمۇ، دەيدىغان جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان سوئاللار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، چېچەنىيە خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنى باستۇرغان كىشى يېلتسىن ئىدى. شۇڭا يېلتسىن سىياسى ئاجىزلىققا ۋە سىياسى باتۇرلۇققىمۇ ئىگە ئادەم ئىدى. يېلتسىن ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىدا سۆزلىگەن سۆزىدە روسىيىنىڭ يىمىرىلىشى تارىخى مۇقەررەرلىك ئىدى، دەپ كۆرسەتتى. ئۇنداقتا جۇڭگونىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشچۇ؟ پەيلاسوپ بەندىلەر تارىخى مۇقەررەرلىك، دەپ تەرىپلىگەن نەرسە، ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ ئىرادىسى بەلگىلىگەن نەرسىدۇر. جۇڭگونىڭ ئىمپېرىيىسىگە كەلسەك، كۆپچىلىك بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىدۇر، دېيىشمەكتە!

2007 – يىلى 4 – ئاينىڭ 27 – كۈنى

## ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇق

ئىنسانپەرۋەرلىك بولمىغان ياكى ئىنسانپەرۋەرلىك يوقالغان يەردە كىشىلىك ھوقۇقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. يېقىندا ئىرا تور بېتىنىڭ مۇخبىرى شۆلى خۇۋا 4 – ئاينىڭ 26 – كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى: 4 – ئاينىڭ 24 – كۈنى ئامېرىكا كوڭگىرىسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى، جۇڭگوغا قېچىپ كەلگەن شىمالى كورىيىلىك سىياسى مۇساپىرلارنىڭ جۇڭگودا تارتقان ئازاب – ئوقۇبەتلىرى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرىش، گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. بىرنەچچە نەپەر شىمالى كورىيىلىك مۇساپىر، يىغىندا گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ خىتاي كوممۇنىستلىرى بۇ مۇساپىرلارنى شىمالى كورىيىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەندە، جۇڭگودا ۋە شىمالى كورىيىدە تارتقان ئازاب – ئوقۇبەتلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى. كوممۇنىستىك شىمالى كورىيە ھاكىمىيىتى پەيدا قىلغان ئاچارچىلىق، سىياسى زىيانكەشلىكتىن قېچىپ نۇرغۇن كورىيىلىكلەر جۇڭگوغا كېلىپ ھاياتلىق

يولى ئىزدىگەن. بىراق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇساپىرلار ئەھدىنامىسىگە ئىمزا قويغان جۇڭگو، كورىيىلىك مۇساپىرلارغا سىياسى پاناھلىنىشقا بەرمىگەن ياكى ۋاقىتلىق قانۇنلۇق سالاھىيەتمۇ بەرمىگەن. خىتاي كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەھشىلىك، ياۋايىلىقنى بەلگە قىلغان سىياستى زامانىمىزدا ئەڭ قورقۇنچلۇق، قەبى تېررورلۇق كىشىلىك ھوقۇق تېراگېدىيىسىنى پەيدا قىلدى دەپ، كۆرسەتتى. يىغىنغا قاتناشقان، شىمالى كورىيە «ئەركىنلىك ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى سۆزىن خانىم. شىمالى كورىيىدىن جۇڭگوغا قېچىپ كەلگەن شىمالى كورىيىلىك ئايال مۇساپىرلارنىڭ 80% سېتىۋېتىلگەن، خىتايلارغا خوتۇن قىلىشقا سېتىپ بېرىلگەن، پاھىشە خانىلارغا سېتىپ بېرىلگەن، جىنسى قۇللۇققا سېتىپ بېرىلگەن. باشقا مۇساپىرلار قۇل بولۇپ ئىشلىگەن، باللار يېتىم بولغان ياكى تاشلىۋېتىلگەن. يىغىنغا قاتناشقان باك باستېر [دىنى] ئادەم مۇنداق كۆرسەتتى: «گەرچە جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى تەرەققى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ دۆلەت ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك دۆلەت ئەمەس. بۇ كىشى يەنە شىمالى كورىيىلىك بىر نەپەر مۇساپىر قىزنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىدا بىر ئائىلە، بەش جان ئاكا — ئۇكا خىتايلارغا سېتىپ بېرىلگەنلىكىنى تىلغا ئالدى. ئاكا — ئۇكا بەش نەپەر خىتاينىڭ كورىيىلىك بۇ مۇساپىر قىزنى خوتۇن قىلغانلىقىنى سۆزلىدى. شىمالى كورىيە كوممۇنىست خىتايلارنىڭ ئىستراتېگىيىلىك شاھمات تاختىسىدىكى بىر پېچكىسى ئىدى. شۇنداق يېقىن دۆلەتتىن قېچىپ ئۆتكەن كورىيىلىك مۇساپىرلارغا ياۋايىلىق، ۋەھشىلىكنى بەلگە قىلغان سىياسەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان خىتاي كوممۇنىسلىرى، مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندىن خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ كېلىنگەن. ئۇيغۇر قىزلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن؟ ۋەقەنى — ۋەقەگە سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلغىلى بولامدۇ؟ ۋەقەنى — ۋەقەگە ئۇلاپ سېنتىزلاپ لوگىكىلىق ھۆكۈم قىلغىلى بولامدۇ؟ ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلگەنئۇيغۇر قىزلىرىغا خىتاي كوممۇنىستلىرى «باقچا

ساراي فونتانى»نىڭ ئەتراپىغا داچا سېلىپ بېرەتتىمۇ؟ ئۇيغۇر قىزلىرى نەدە، قايسى بۇلۇڭ – پۇشقاقتا ئانا – دادا دەپ يىغلاۋاتىدۇ؟ ئۇيغۇرلار ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلگەن بالا – چاقىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالىدىمۇ؟ قىزلىرى قەيەردە ئادىرىسىنى بىلەمدۇ، خەت پۇچەك ئەۋەتىپ بېرەلىدىمۇ، تېلىفون ئۇرالىدىمۇ؟ ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرى نەدە، زادى نەدە؟ بىر نەپەر كورىيىلىك مۇساپىر قىزنى بەش نەپەر ئاكا – ئۇكا خىتايغا خوتۇنلۇققا سېتىپ بېرىپتۇ. ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ تەقدىرىچۇ؟ قېنى خىتاينىڭ ئادىمىلىك تەبىئىتى، قېنى خىتاينىڭ داۋراڭ قىلىپ يۈرگەن بەش مىڭيىللىق مەدەنىيىتى؟ قېنى خىتاينىڭ سەككىز نومۇس سەككىز شەرەپ مەدەنىيىتى؟ قېنى خىتاينىڭ پرولىتارىياتچە ئىنسانپەرۋەرلىكى؟ ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كەتكەن خىتاي، كوممۇنىست خىتايلار شۇ خىتايلار ئەمەسمۇ؟ قېنى ئۇيغۇر قىزلىرى، كورىيىلىك مۇساپىر قىزلارنىڭ ھالى شۇ بولسا، ئۇيغۇرىستاندىن خىتايلار ئولتۇراقلاشقان خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ھالى نىمە؟

2007 – يىلى 4 – ئاينىڭ 28 – كۈنى

**شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئەمگەك كۈچى بازىرى ۋە «شىنجاڭ» ئۆلكىسىنىڭ ئەمگەك كۈچى بازىرى**

«زامانىمىزنىڭ كۆڭۈل سورىغۇچى ئاياللىرى ۋە ياش قىزلارنىڭ خۇمدان زاۋۇتىدا جىنسى قۇل بولۇشى» يېڭى ئىرا تور بېتى 4 – ئاينىڭ 27 – كۈنى يۇقىرىقى ماۋزۇ ئاستىدا مۇنداق خەۋەر  تارقاتتى: 17 – 16 ياشلىق ئىككى نەپەر خىتاي قىزچاق، قارا قوللارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق خۇمدان زاۋۇتىغا ئىشچى بولۇپ كىرىپ، كۈندۈزى زاۋۇتتا ئات – ئېشەكتەك ئىشلىگەن، كېچىسى زاۋۇتقا ئىشچى بولۇپ كىرگەن ئىشچىلارغا جىنسى مۇلازىمەتچى بولۇپ بېرىشكە زورلانغان. جۇڭگودا

[دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق ژۇرنىلى]نىڭ 2006 – يىلى 23 – سانىدا [خېبى ئۆلكىسىنىڭ لىن شىلىياڭدا ئىش كۆتۈرە ئالغان مەجرۇھلار] ماۋزۇلۇق ماقالە، 2007 – يىلى يەنە شۇ ژۇرنالنىڭ 2 – سانىدا [باشەندىن كەلگەن قان ياشلىق ئەرىز – شىكايەت] ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، بۇ ئىككى پارچە ماقالىدا خېبى ئۆلكىسى لىنشى ۋاڭ جياڭ خۇمدان زاۋۇتى لاۋ بەننىڭ بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشچىلىرى بولۇپمۇ گاس – گاچا مەجرۇھ ئىشچىلارنى خورلىغانلىقىنى، ئاياغ – ئاستى قىلغانلىقىنى پاش قىلغاندىن كېيىن، ختاي جەمئىيىتىدە ئىنتايىن زور غۇلغۇلا پەيدا قىلغان ئىدى. [دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق ژۇرنىلى] مۇخبىرىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىنى ژىركەندۈرىدىغان ياۋۇز بىر جىنايەتنىڭ پەردىسى ئېچىلدى. لاۋبەن، ئىشچىلارنىڭ زاۋۇتتا تۇرۇشىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋە تېخىمۇ يۇقىرى پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بالاغەتكە يەتمىگەن ئىككى نەپەر قىزچاقنى يۇقىرى مائاش بېرىمەن دەپ ئالداپ زاۋۇتقا ئېلىپ كىرىپ، كۈندۈزى ئات –ئېشەكتەك ئىشلەتكەن، كېچىسى جىنسى مۇلازىمەت بىلەن خىزمەت قىلىشقا زورلىغان.

2004 – يىلى شەنشى ئۆلكىسى ئەنكاڭ شەھرى داباشەن رايونىدا ئەمگەك بازىرى قىزىپ كەتكەن ئىدى. دەللال پەن داشىن يەڭگە، مېيۋا ئىسىملىك قىزچاقنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئاتا – ئانىسىنى ئالداپ قىزچاق مېيۋانى ئۆيىدىن ئېلىپ چىقىپ، بىدىك شۈي فاجۇڭغا سېتىپ بېرىپ تونۇشتۇرۇش پۇلى ئالغان. بىدىك شۈي فاجۇڭ ئالداپ كەلگەن. ئىككى نەپەر ختاي قىز، مېيۋا ە شيۇ ۋا 16 ياشلىق ختاي قىزلىرىنى خۇمدان زاۋۇتىنىڭ لاۋبەنى ۋاڭگۇۋاڭ چېڭغا سېتىپ بەرگەن. بۇ قىزلار خۇمدان زاۋۇتىدا 16 سائەتلىك ئەمگەك، تىل – ھاقارەت كېچىسى ئىشچىلارغا جىنسى مۇلازىمەت قىلىشقا زورلانغان، ختاي قىزلىرى ياكى ئۆزىنىڭ ئىنسان ياكى ئۆزىنىڭ ھايۋان ئىكەنلىكىنى پەرىقلەندۈرەلمىگەن. بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان مېۋانىڭ تاغىسى، خۇمدان زاۋۇتىغا بېرىپ پۇل

بېرىپ قىزى مېۋانى قايتۇرۇپ كەلگەن. جۇڭگودا نەشر قىلىنىدىغان [دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق ژۇرنىلى] خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بىرەر پارچە ماقالە ئېلان قىلدىمۇ؟ ئەكسىچە «شىنجاڭ گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى» قانداق دەللاللىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ يۆتكەپ كېتىلىشىنى قانداق ماختاۋاتىدۇ؟ ئۇيغۇر قىزلىرى ئىچكىرى خىتايدا قايسى خوجىدان زاۋۇتلارغا سېتىلدى؟ ئۇيغۇر قىزلىرى ئىچكىرى خىتايدا قانداق ئەمەللىك خىتايغا جىنسى مۇلازىمەت قىلىۋاتىدۇ؟ «قۇشلار تونەشكە كەتتى جاڭگالغا، دەردۇ – ھالىنى بىلمەيدۇ ھېچكىم!»

سېكرىتار ۋاڭ لېچۇەننى، لاۋبەن ۋاڭ گۇاڭ چېڭغا ئوخشاتساق، رەئىس ئىسمايىل تىلىۋالدىنى ئادەم بىدىكى شۈي فاجۇڭغا ئوخشاتساق، مۇئاۋىن رەئىس نۇر بەكرىنى دەللال پەنداشىن يەڭگىگە ئوخشاتساق، يېزىلاردىكى دادۇيجاڭ ئەمەتنى، شاۋدۇيجاڭ سەمەتنى ئادەم بىدىكى شۈي فاجۇڭغا ئوخشاتساق ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئالدى – ساتتى قىلىۋاتقان ئۇرۇمچى، قەشقەر شەھەرلىرىدىكى ئەمگەك بازارلىرىنىڭ، شەنشى ئۆلكىسى، ئەنكاڭ شەھرى دابا شەۋن رايونىدىكى ئەمگەك بازىرىدىن نېمە پەرقى بار؟ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ، پارتىيىلىك كادىرلار باشلامچى بولۇش دەيدىغان بىر سىياستى بار ئىدى. ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىش ھەرىكىتى باشلانغاندا رەئىس ئىسمايىل تىلىۋالدى ئۆزىنىڭ قىزىنى ۋاڭ لېچۇەننىڭ يۇرتى شەندۇڭغا ئۇزۇتۇپ بەردىمۇ، يوق؟ مۇئاۋىن رەئىس نۇر بەكرى ئۆزىنىڭ قىزىنى خۇنەن ئۆلكىسگە ئۇزۇتۇپ بەرگەنمۇ، يوق؟ پارتىيىلىك كادىرلار باشلامچى بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟

2007 – يىلى 5 – ئاينىڭ 2 – كۈنى

**ئولىمپىك مۇراسىمى يېقىنلاپ كەلمەكتە، جۇڭگودا قوزغىلاڭ، نامايىش قىستاپ كەلمەكتە**

جۇڭگوغا نەزەر تور بېتى 4 – ئاينىڭ 26 – كۈنى مۇنداق خەۋەر قىلدى: «شىاڭگاڭلىقلار شىنجىندا قۇرغان كىيىم – كېچەك زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى ئىش تاشلاپ نامايىش قىلدى». بۇ خەۋەرنى ئوخشاشلا ۋاقىتتا خەۋەر قىلغان شىاڭگاڭ «دۇڭفاڭ رىباۋ گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى، زاۋۇتنىڭ 300 دىن ئارتۇق ئىشچىسى ئىش تاشلاپ كاپىتال تەرەپنىڭ توختامغا ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى، دەپ كۆرسەتتى. جۇڭگوغا نەزەر تور بېتى، شىاڭگاڭ «ئەينەك گېزىتى»نىڭ تور بېتىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، 4 – ئاينىڭ 27 – كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى: شەنشى ئۆلكىسى خۇنيۈەن ناھىيىسىنىڭ چىگيۈك كوچىسىدا پارتلاش يۈز بېرىپ يارىدار بولغانلارنىڭ سانى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى. پارتلاش 15 مىنۇت داۋاملاشتى. جۇڭگوغا نەزەر تور بېتى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ مۇخبىرى شىنئۇۋنىڭ خەۋىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ 4 – ئاينىڭ 27 – كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى: خۇنەن ئۆلكىسى لىن شۇي چاڭ شەھىرىدىن 300 دىن ئارتۇق ئىشچى چاڭسا شەھىرىگە كېلىپ نامايىش قىلىپ، زاۋۇت گۇمران بولغاندىن كېيىن ئىشچىلارنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. «يېڭى ئىرا تور بېتى» 4 – ئاينىڭ 27 – كۈنى مۇنداق خەۋەر قىلدى: «زاۋۇتتىن چىقىرىلغان پاسكىنا سۇ ۋە ئەخلەتلەر ئەتراپتىكى سۇ مەنبەلىرىنى بۇلغاپ رەسۋا قىلغانلىقتىن، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ چۈۋەنجو شەھىرىدە 8 مىڭ دېھقان تېرە – خۇرۇم زاۋۇتى ۋە خىمىيە زاۋۇتىغا بېسىپ كىردى. لېكىن ئاقىۋەتتىن تەپسىلى خەۋەر يوق». «بۇشۇن تور بېتى» 4 – ئاينىڭ 30 – كۈنى خەۋەر قىلدى: «چۇڭچىڭ شەھىرىدە خۇۋاچىڭ 1- توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىشچىلىرى ئىش تاشلاپ، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ، زاۋۇت رەھبەرلىكىنىڭ

چىرىكلىشىشىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى.
ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسىنىڭ مۇخبىرى 5 – ئاينىڭ 1 – كۈنى مۇنداق خەۋەر تارقاتتى" «خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى كۈنى، ئۈرۈمچى مەمۇرى رايونىدا ئالتە تەشكىلاتنىڭ تەشكىللىشى ئارقىلىق نامايىش قوزغالدى، نامايىشچىلار ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتنى ئۆزگەرتىشنى ۋە ئىشچىلارنىڭ ھوقۇق – مەنپەئەتلىرىگە كاپالەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى». ساقچىلار بىلەن نامايىشچىلار ئوتتۇرىسىدا خۇددى ئۆتكەن يىل توقۇنۇش يۈز بەرگەندەك بۇ يىل ھەم توقۇنۇش يۈز بەردى. نامايىشچىلار ئۈرۈمچى مەمۇرى رايونىنىڭ باشلىقى خېخۇ خىۋانىڭ تەختىن چۈشۈشنى تەلەپ قىلدى، ساقچىلار ئاسمانغا قارىتىپ ئالتە پاي ئوق چىقاردى.
«بوشۇن تور بېتى» 5 – ئاينىڭ 2 – كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى: «كاپىتال تەرەپ قوشۇمچە ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىغانلىقتىن، شىنجىن شەھرى چىۋەن پورتىنىڭ كىران بىلەن ئىشلەيدىغان 800 نەپەر ئىشچىسى ئىش تاشلاپ ئىش ھەققى تەلەپ قىلدى.
ئۈرۈمچى مەمۇرى رايون پالاتاسىنىڭ ئەزاسى جىنشىن ئەپەندى ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسىنىڭ مۇخبىرىغا 5 – ئاينىڭ 2 – كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى: «ئۈرۈمچىدا يۈز بەرگەن نامايىش بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم ئۈچۈن بىر سىناق». شياڭگاڭ «دۆڭفاڭ رىباۋ گېزىتى» مۇنداق كۆرسەتتى: «نامايىشچىلار تىغ ئۈچىنى مەمۇرىيەت باشلىقى خېخۇ خىۋاغا قاراتتى، نامايىشنىڭ كەينىدە گۇمانلىق بىر مەخسەت بار. «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دېگەن يەرنىڭ يەكەن ناھىيىسىدە، ياقا ئېرىق سايلىغىدا تەيۋەنلىك خىتاي سودىگەرگە 100 مىڭ ئۇيغۇر دېھقان ھاشاغا، بىكارغا ئىشلەپ بېرىۋاتىدۇ، ئۇيغۇر سىنىڭ ئەمگەك ھەققى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىڭ يوقمۇ؟ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئىچكىرى خىتايدا پاھىشە خانىغا سېتىلغانلىقى، ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنىڭ ئىچكىرى خىتايدا قۇللۇققا سېتىلغانلىقى پاش بولدى، ئاشكارە بولدى، ئۇيغۇر سىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىڭ يوقمۇ؟ ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇراسىمىنى

ئۆتكۈزىدىغان ۋاقىت يېقىنلاپ كەلدى، خىتاي پۇقرالىرى قوزغىلاڭ، نامايىش قىلىپ قىستاپ كەلدى، ئۇيغۇر سىنىك گېپىڭ يوقمۇ، ئۇيغۇرۇم سىنىڭ گېپىڭ يوقمۇ؟!

2007 – يىلى 5 – ئاينىڭ 6 – كۈنى

**مىللەتنىڭ ياشلىرى مىللەتنى قۇتقازغۇچىلاردۇر**

5 – ئاينىڭ 4 – كۈنى مەزكۇر رادىئونىڭ ئاڭلىتىش پروگراممىسىدا ئۇيغۇر ياشلىرى توغرىسىدا ياخشى سۆزلەر سۆزلەندى. پەخىرلىنىپ مەنمۇ ئىككى كەلىمە سۆزلەشنى نىيەت قىلدىم. ئۇيغۇر ياشلىرى ئويغاندى! مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاساسلىق قىسمى دېھقانچىلىق قىلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر مىللىتى ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى مۇھىتىدا ياشاپ كېلىۋاتقان مىللەتتۇر... ئۇيغۇرنىڭ مىللى مەدەنىيىتى زاماننىڭ بېسىمىغا، خىتاينىڭ مىللى ئاسسىمىلاتسىيىسىگە، مەدەنىيەت يوقۇتۇش ھەرىكىتىگە دۇچ كەلگەن مەدەنىيەتتۇر. ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى زامانىۋى مائارىپتىن يىراق، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ۋە ھازىرقى زامان سانائەت مەدەنىيىتىدىن يىراق، ھازىرقى زامان بىلىملىرى ۋە ھازىرقى زامان پەن – تېخنىكىسىدىن يىراق يېزىلاردا ياشايدۇ. مائارىپ پۇلغا باغلىنىپ قالغان بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر ياشلىرى يوقسىزلىق ۋەجىدىن ئوقۇشقا كىرەلمەيدۇ. ئاز بىر قىسىم دېھقان پەرزەنتلىرى مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرەلىسىمۇ، مۇستەملىكە مائارىپ، كوممۇنىستىك پارتىيە تارىخى، سوتسىيالىستىك سىياسەت دەرسى ئۆتكەندىن باشقا، ئۇيغۇر ياشلىرىغا ھېچقانداق بىلىم بەرمەيدۇ. بۇ ھال ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ مىللى ئويغۇنىشىغا ئىنتايىن سەلبى تەسىر كۆرسەتمەكتە. مىللەت قايغۇسى، مىللەتنىڭ دەردىگە بەدەل تۆلىگەن ئەجداتلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلاپ ئەقلى يەكۈن چىقىرىپ بۈيۈك نىشانغا ئىنتىلىشكە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ قادىر بولالىشى بۈياقتا تۇرسۇن

ھەتتا، ئۇيغۇر ياشلىرى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان رېئاللىقنىڭ تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلاپ ئەقلى يەكۈن چىقىرىش ئىمكانىيەتلىرىدىن تامامەن مەھرۇم بولغان ياشلاردۇر. ياشلار ئارىسىدا مىللى ئاڭنىڭ پەيدا بولۇشىنى، مىللى ئويغىنىشنىڭ باش كۆتۈرۈشىنى زامان چەكلىمەكتە. بۈگۈن ئۇيغۇرنىڭ ئەركەك ياشلىرى ئىچكىرى خىتايغا قۇل ئورنىدا سېتىلماقتا، ئۇيغۇرنىڭ ياش – ياش قىزلىرى ئىچكىرى خىتايدا پاھىشە خانىلارغا سېتىلماقتا. ئەپسۇسكى ئۇيغۇر ياشلىرى بىز نېمىشقا خىتايغا قۇل بولۇپ سېتىلىمىز، دەپ سوئال قويالمىدى، ئەپسۇسكى ئۇيغۇرنىڭ ياش قىزلىرى بىز نېمىشقا ئىچكىرى خىتايغا، پاھىشە خانىلارغا سېتىلىمىز، دەپ سوئال قويالمىدى. چۈنكى ئۇيغۇر ياشلىرى بىلىم ئېلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى، مىللى ئاڭغا كىرەك بولغان تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرەلمىدى. ياشلار ئارىسىدا بىر قىسىم كىشىلەر زاماننىڭ جاھاندارچىلىق پەلسەپىسىنى ياخشى ئۆگەنگەن ياشلار بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. بۇ زىيالىي ياشلار ۋەتەن ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، مىللەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئەستايىدىل ئويلاش ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا، خىيال قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ياشلاردۇر.

مەسىلەن، كىمدۇ بىرسىنى مەشھۇر يازغۇچى، مەشھۇر تەتقىقاتچى، دەپ تەرىپلەيدىغان، يەنە كىمدۇر بىرسىنى [دۇنياۋى ئالىم] دەپ، سۈپەتلەيدىغان زاماننىڭ مۇدىرنىزىملىق رەڭۋازلىقى ۋەتەن ئىچىدە تور بەتلىرىدە يامراشقا باشلىدى. نېمە ئىجادىيەت، نېمە ئىقتىرا، نېمە كەشپىيات بىلەن دۇنياغا تونۇلغان ئالىم ئىكەن، بۇ؟ ۋەتەنگە، مىللەتكە نېمە ئىش قىلىپ بەرگەن دۇنياۋى ئالىملار ئىكەن، بۇ؟ خىتاي كوممۇنىستلار ھاكىمىيتى تور بەتلىرىنى قارا قۇيۇق چەكلىگىنى يوق. ئۇيغۇر ياشلىرىنى بىخۇتلاشتۇرىدىغان، ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئۈمىدسىزلىككە غەرق قىلىدىغان، مىللەتنىڭ دەردۇ – ئەلەملىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇيغۇر ياشلىرىنى جاھاندارچىلىق پەلسەپىسىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەيدىغان تور بەتلىرىنى بىخەتەرلىك باشقارمىسىنىڭ ئۇيغۇر

ياشلىرىغا ئېچىپ بەردى. چەت ئەل تور بەتلىرىگە سەزگۈر بولۇپ كەتكەن بىخەتەرلىك باشقارمىسى نېمىشقا بۇ خىل تور بەتلىرىنى ۋەتەن ئىچىگە ئېچىۋەتتى؟ ئۇيغۇر ياشلىرىنى سىياسى ئاڭدىن، مىللى ئاڭدىن يىراقلاشتۇرىدىغان تور بەتلىرىنى بىخەتەرلىك باشقارمىسى كىملەر بىلەن بىرلىشىپ باشقۇردى؟ ئەمما ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئويغاندى. مەسىلەن، گېرمانىيە، شىۋىتسىيە، شىۋىتسارىيە، نورۋېگىيە، تۈركىيە، دانىيە، گوللاندىيە، فرانسىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە سىياسى پانالىق تىلىگەن ئۇيغۇر ياشلىرى بىر تەرەپتىن مۇساپىرلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىشىلىك هوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، مىللەتپەرۋەر ياشلارنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى. ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم ياشلار مىللەتنىڭ سىياسى دەردى توغرىسىدا دىسسىرتاتسىيىلەر ياقىلاپ چىقتى. قىسقىسى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئويغاندى!

2007 – يىلى 5 – ئاينىڭ 9 – كۈنى

**ئامېرىكا، ياپونىيە مۇداپىئە هەمكارلىقى كۆرسەتكۈچى**

ئامېرىكا، ياپونىيە دۆلەتلىرىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىرى يىغىنى 5 – ئاينىڭ 2 – كۈنى ۋاشىنگىتۇندا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندىن كېيىن ئېلان قىلىنغان باياناتتا: [تەيۋەن بۇغىزى بىخەتەرلىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورتاق نىشان] دېگەن جۈملە قايتا تىلغا ئېلىنمىغاندىن كېيىن، جۇڭگو ۋە تەيۋەننىڭ جامائەت پىكرى تەيۋەن بۇغىزى قوغداش چەمبىرىكى ئىچىدىن چىقىرىۋېتىلدى، دەپ غۇلغۇلا قىلىشتى. بۇ توغرىدا يازغۇچى لو شاۋرەن 5 – ئاينىڭ 5 – كۈنى «ئاسىيا ۋاقىت گېزىتى»گە مەخسۇس ماقالە يېزىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «يۇقىرىقى قاراشلار ئەمەلىيەتتە بى رخىل ئۇقۇشماسلىق. ئامېرىكا، ياپونىيە بۇ يىغىننى هەر يېرىم يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزىدۇ، يىغىندىن كېيىن ئېلان

قىلىنىدىغان بايانات، ئامېرىكا، ياپونىيە ئىتتىپاقىنىڭكەلگۈسى يېرىم يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى شەرھلىنىدۇ، بۇ قېتىم ئېلان قىلىنغان باياناتتا، تەيۋەن بوغىزى بىخەتەرلىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورتاق نىشانى، دېگەن جۈملىنىڭ تىلغا ئېلىنمىغانلىقى، بۇ جۈملىنىڭ شەرتنامىدىن چىقىرىۋېتىلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى 2005 – يىلى تەيۋەن بوغىزى بىخەتەرلىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورتاق نىشانى ئوتتۇرىغا چىققان كۈندىن باشلاپ، شەرتنامىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش مۇھاكىمە قىلىنغان ئىدى.
ئاپتور يەنە مۇنداق كۆرسەتتى: ئاخىرقى يىغىن ئۆتكەن يىلى 5 – ئايدا ئېچىلغان بولۇپ يىغىندا «ئامېرىكا، ياپونىيە مۇداپىئە ھەمكارلىق كۆرسەتكۈچى»نى ئۆزگەرتىش قارار قىلىنغان ۋە ئۆزگەرتىشنىڭ تەپسىلاتلىرى مۇھاكىمە قىلىنغان ئىدى. مۇھاكىمە قىلىنغان تەپسىلاتلار جۈملىدىن، ئامېرىكا، ياپونىيە ئىككى تەرەپنىڭ خەلقئارا تىنچلىق ساقلاشنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش مەسىلىسىنى ھەربىي ئاخباراتتىن ئورتاق پايدىلىنىش مەسىلىسىنى، قىرغۇچى قوراللار توغرىسىدا ئىستراتېگىيىلىك پىلان مەسىلىسىنى، كورىيە بىلەن تەيۋەن بوغىزىنى ياپونىيىنىڭ ئەتراپىدا دېگەن ئۇقۇم بويىچە ئايرىپ، بۇ رايونلاردا ئۇرۇش يۈز بەرسە، ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ قول سېلىشى كېرەكلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.
[ئامېرىكا، ياپونىيە مۇداپىئە ھەمكارلىقى كۆرسەتكۈچى 1978 – يىلى] ئىمزالانغان، 1997 – يىلى شەرتنامىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن. ئۈچ خىل ئوخشىمىغان ۋەزىيەتنى [ئامېرىكا، ياپونىيە مۇداپىئە ھەمكارلىقى كۆرسەتكۈچى]نىڭ كونكرېت رامكىسى قىلىپ بەلگىلىگەن. بۇ ئۈچ خىل ۋەزىيەت – تىنچلىق مەزگىلى، ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش يۈز بەرگەندە ياكى ياپونىيىنىڭ ئەتراپىدا ئۇرۇش يۈز بەرگەندە، دېگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. لېكىن ئىككى دۆلەت [ياپونىيىنىڭ ئەتراپىدا] دېگەن ئۇقۇمغا ھەرقانداق چۈشەندۈرۈش بەرمىگەن. يېقىندا ئۆزگەرتىش

ئارقىلىق كورىيە ۋە تەيۋەن بوغىزى [ياپونىيىنىڭ ئەتراپى] دېگەن ئۇقۇمغا ئايرىلغاندىن كېيىن جۇڭگولۇقنىڭ شىددەتلىك قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان ئىدى.
دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان تەرىپى شۇكى دەپ كۆرسەتتى ئاپتور: «ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىك يىغىنى ئامېرىكا، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە، ھىندىستان تۆت دۆلەت ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى، بەلكى كۈچەيتىشنى قارار قىلىش يىغىنىنىڭ قىزىق نۇقتىسى بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ ياپونىيە بىلەن ئاۋستىرالىيە بۇ يىل 3 – ئاينىڭ 27 – كۈنى ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە مۇداپىئە كېلىشىمى ئىمزالىدى، ھىندىستاننى جەلىپ قىلدى ۋە ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىدا ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى، ھەربىي ئىتتىپاقداشلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. كېلەيلۇق، قىزىقى شۇ يەردىكى، تەيۋەن بوغىزى [ئامېرىكا، ياپونىيە مۇداپىئە ھەمكارلىقى كۆرسەتكۈچى]نىڭ چەمبىرىكىدىن چىقىرىۋېتىلدىمۇ، دەيدىغان تەيۋەندە جامائەت پىكرىنىڭ ئەندىشىلىرى ياكى تەيۋەن بوغىزى [ئامېرىكا، ياپونىيە مۇداپىئە ھەمكارلىقى كۆرسەتكۈچى]نىڭ چەمبىرىكى ئاستىغا ئېلىندىمۇ، دەيدىغان جۇڭگودا جامائەت پىكرىنىڭ ئەندىشىلىرى، ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونى ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر سىياسى ئاكتىپلىرىنىڭ قىزىقىشىنى بېسىپ چۈشتى. بېسىپ چۈشۈش «تۆگە قانچە بولسا، يېغىرى شۇنچە بولىدۇ» دەيدىغان ئۇيغۇر تەمسىلىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

2007 – يىلى 5 – ئاينىڭ 13 – كۈنى

**جۇڭگودا داۋاملىشىۋاتقان سىياسى داۋالغۇش**

بوشۇن تور بېتىنىڭ مۇخبىرى 5 – ئاينىڭ 8 – كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى: خۇنەندە ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىيلەرنىڭ، خۇنەن ئۆلكىلىك

هۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا نامايىش قىلدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ھۆكۈمەت جىددىيلەشتى. ئۇلۇغ ئىرا تور بېتىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمى 5 – ئاينىڭ 8 – كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى: بېيجىڭ سوگو تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىدا، ئەنخۇيدىن كەلگەن خېرىدارلار سەۋەپسىز تاياق يېگەنلىكتىن، نارازى بولغان كىشىلەر پىلاكات كۆتۈرۈپ نامايىش قىلدى. «يېڭى ئىرا تور بېتى» 5 – ئاينىڭ 9 – كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى: گۇاڭدۇڭ شەنتۇ شەھرى گۇراۋ ۋىلايىتىدە زوراۋانلىق بىلەن يەر سېتىۋېلىش سىياستى يولغا قويۇلغانلىقتىن، دېھقانلار بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا زور كۆلەملىك توقۇنۇش يۈز بەردى. بىر ھەپتە داۋاملاشقان قوزغىلاڭ جەريانىدا دېھقانلار دادۈيجاڭ، شاۋدۈيجاڭلارنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۆي ماڭقۇلاتلىرىنى  بۇلاپ چىقىپ كەتتى. تېخىمۇ زور كۆلەملىك توقۇنۇش پارتلاش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. نۆۋەتتە پۈتكۈل گۇراۋ ۋىلايىتى تەۋرىنىش، داۋالغۇش ئىچىگە كىرىپ قالدى. بوشۇن تور بېتىنىڭ مۇخبىرى 5 – ئاينىڭ 11 – كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى: خېبى ئۆلكە ساڭجۇ ۋىلايىتىدە دۆلەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ئېرىتىش سېخىدا پارتلاش يۈز بېرىپ 60 ئادەم خەلق دوختۇرخانىسىغا، 20 ئادەم مەركىزى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلدى. يارىدار بولغانلارنىڭ سانى 100 گە يەتتى.

ب ب س 5 – ئاينىڭ 13 – كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگودا ماۋ زېدۇڭنىڭ سۈرىتىگە چېقىلغىلى بولمايدۇ. 5 – ئاينىڭ 12 – كۈنى كۆيدۈرگۈچى ماددا چېچىلغانلىقتىن، تۆۋەندىن سولغا ماۋ جۇشىنىڭ سۈرىتىگە ئوت تۇتاشتى، 100 نەپەر ساقچى ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدى.

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى خىتاي بۆلۈمىنىڭ مۇخبىرى ۋېيفۇ 5 – ئاينىڭ 10 – كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى: ۋەزىر ۋېنجاباۋ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلار كۆپەيگەنسېرى، ئەنسىرەيدىغان ئىشلارمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى، نېمىدىن ئەنسىرەيدۇ؟ جۇڭگودا پۇل – مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ گۇمران بولۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ۋېنجاباۋ يېقىندا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ

يغىنندا مۇنداق سۆزلىگەن: مەن ۋەزىر بولۇپ تۇرغاندا پۇل – مۇئامىلە ساھەسىدىكى مەسىلىلەرنىڭ جۇغلىنىپ قايسى كۈنگە يېتىپ بارىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيمەن. ئىچكى – تاشقى جەھەتتىكى مۇرەككەپلىك، تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشنىڭ ئامىللىرى، پۇل – مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ گۇمران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، سىياسى داۋالغۇشقا ئېلىپ بارىدىغان بولسا، ۋاقتى يەتكەندە جۇڭگونىڭ بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىدىغان بىر دۆلەت چىقمايدۇ. بۇ يەردە ۋىنجاباۋ نېمە دېمەكچى؟ جۇڭگودا سىياسى داۋالغۇشلار داۋاملاشماقتا. شەنتۇ شەھىرى ئەتراپىدىكى گۇراڭ ۋىلايىتىدە تۇرۇپ مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەن لىۇ ئەپەندى: ياق! ساقچىلار قولغا ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، قولغا ئالىدىغانلا بولسا بۇ يەردە قانلىق توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. پۇتكۇل گۇراڭ ۋىلايىتىدە 2 مىليون دېھقان ياشايدۇ، دېدى. سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلايلۇق، شەنتۇ شەھىرى گۇراڭ ۋىلايىتىدە 2 مىليون دېھقان ياشايدۇ. قەشقەر شەھىرى قەشقەر ۋىلايىتىدە 4 مىليوندەك ئۇيغۇر دېھقان ياشايدۇ. گۇراڭ ۋىلايىتىدە خىتاي دېھقانلىرى نامايىش ۋە قانۇن ئارقىلىق مەنپەئەت ھوقۇقلىرىنى قوغداپ قالدى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى نېمىشقا قانۇن ئارقىلىق مەنپەئەت ھوقۇقلىرىنى قوغداپ قالالمايدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پوسكام، يوپۇرغا ناھىيىلىرىدىن، توققۇزاق، يېڭىسار، پەيزىئاۋات ناھىيىلىرىدىن ئۇيغۇر قىزلىرى، ئۇيغۇر ئەركەكلىرى تۈركۈملەپ خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ كېتىلدى، يۆتكەپ كېتىش ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، دەپ چىرايلىق ئاتالدى. بۇ ئۇيغۇرلارنى ۋەتىنى ئۇيغۇرىستاندا خام نېفىت يۆتكەيدىغان ئورۇنلارغا، تەبىئى گاز ئاققۇزىدىغان، تۇرۇبا باشقۇرىدىغان ئورۇنلارغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولمامدىكەن؟ ئۇيغۇر دېھقانلىرى، جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسىنىڭ ئاساسى قانۇنىنى قولغا ئېلىشى كېرەك. بۇ قانۇنىنىڭ 35 – ماددىسىدا: پۇقرالارغا سۆز – مەتبۇئات ئەركىنلىكى ۋە تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش

ئەركىنلىكى بېرىلگەن. قانۇنلۇق كۈرەش قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلقى تايىنىدىغان قانۇن يوق. خىتايلار تۈزگەن ئاتالمىش «قانۇنلاردىن پايدىلانغاندا، خىتاي بىلەن زاكۇنلاشقاندا، شۇ قانۇنلارنىڭ ماددىلىرىدىن ئاز – تولا پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلار خىتاي بىلەن زۇكۇنلىشىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم. قىزلىرىم قېنى، ئوغۇللىرىم قېنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بەر، دېيىشى كېرەك بولدى. نېمشقا ئاققۇن خىتايلار ئۇيغۇرستانغا ئىختىيارى كۆچۈپ كېلىدۇ، ئىختىيارى ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ؟ نېمشقا ئۇيغۇر قىزلىرى، ئۇيغۇر ئەركەكلىرى مەجبۇرى يۆتكەپ كېتىلىدۇ؟

2007 – يىلى 5 – ئاينىڭ 14 – كۈنى

## تەيۋەن ئالىملىرى: ياپونىيىنىڭ دېڭىز پىلوتى كۈچى جۇڭگونى مەغلۇپ قىلىشقا يېتەرلىك، دېدى

ۋەنۋى «ئوقۇرمەنلەر تور بېتى» 5 – ئاينىڭ 4 – كۈنى [تەيۋەن ئالىملىرى: ياپونىيىنىڭ دېڭىز پىلوتى كۈچى جۇڭگونى مەغلۇپ قىلىشقا يېتەرلىك، دېدى] ماۋزۇلۇق سەرلەۋە ئاستىدا مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگونىڭ ۋەزىرى ۋىنجاباۋ ياپونىيە زىيارىتىنى باشلىغان كۈنى، ياپونىيە قوغدۇنۇش ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى جىيۇ ۋىن جاڭسىڭنىڭ، ھەربىي خىراجەتنى ئاشۇرغان جۇڭگونىڭ قىلمىشىنى تەنقىد قىلىپ: جىددى ۋەقەلەرگە دۇچار بولغاندا قايتارما ھۇجۇم قىلمىز دېگەنلىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

«ئەركىنلىك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى: بۇ سۆز ھەربىي كۈچىگە ئىشكەنگەن ياپونىيىنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلىشى، دەپ كۆرسەتتى. ئوقۇرمەنلەر تور بېتىنىڭ مۇخبىرى ياپونىيە نەنشى ھاۋا پىلوتىنىڭ سابىق گېنىرال مايورى زوتىڭ شۇۋىندىن، جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئۇرۇشۇپ قالسا قايسى تەرەپ غەلىبە قىلىدۇ، دەپ سوراپ كۆرگەندە، گېنىرال مايۇر

قەتئىلىك بىلەن: ھاۋا ئۇرۇشىدا ياپونىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى، جۇڭگونىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنى بىر كۈن ئىچىدە تەلتۆكۈس تارمار قىلىدۇ، ئىككى كۈن ئىچىدە جۇڭگونىڭ دېڭىز ئارمىيىسىنى تارمار قىلىدۇ، دەپ ئېيتىپ بەرگەن.

ياپونىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئەف 15 بەلگىلىك 203 دانە، ئەف 4 بەلگىلىك 91 دانە، ئەف 2 بەلگىلىك 94 دانە جەمئى 388 دانە كۈرەشچى ئايروپىلانى بار ئىكەن. جۇڭگو ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كەي 27 بەلگىلىك 150 دانە، كەي 30 بەلگىلىك 120دانە، جې 10 بەلگىلىك 60 دانە جەمئى 330 دانە كۈرەشچى ئايروپىلانى بار ئىكەن. ياپونىيە كۈرەشچى ئايروپىلانلىرىنىڭ ماتورىنى 8 مىڭ سائەت ئىشلەتكىلى بولىدىكەن، جۇڭگو كۈرەشچى ئايروپىلانلىرىنىڭ ماتورىنى 700 سائەتلا ئىشلەتكىلى بولىدىكەن. ئەف 15 بەلگىلىك كۈرەشچى ئايروپىلانىنىڭ ماخ سۈرئىتى 2500 كىلومېتىر، رادىئوسلۇق زەربە بېرىش سۈرئىتى 1780 كىلومېتىر ئىكەن، بۇ ئايروپىلان 2 مىڭ قاداقلىق شەيتان بەلگىلىك 4 دانە بومبا ئېلىپ يۈرەلەيدىكەن.

دېمەك، ياپونىيە ھاۋا ئۈستۈنلۈكى جەھەتتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئامېرىكا ياپونىيە ھاۋا پىلوتىنىنىڭ ئەسكەرلىرى يىلدا 230 سائەت ئۇچۇش مەشقى ئېلىپ بارىدىكەن، جۇڭگو ھاۋا پىلوتىنىڭ ئەسكەرلىرى يىلدا ئاران 40 سائەت ئۇچۇش مەشقى ئېلىپ بارىدىكەن.

دېڭىز ئارمىيىسى: ياپونىيىنىڭ قالقان بەلگىلىك 4 دانە پاراخوتى بار ئىكەن. بۇ پاراخوت ئامېرىكا بىلەن ياپونىيىدىن باشقا دۆلەتلەردە يوق ئىكەن. ياپونىيىنىڭ يەنە 53 دانە كۈرەشچى پاراخوتى، سۇ ئاستى پاراخوتى 16 دانە، راكىتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان پاراخوتى 9 دانە، دىزېل بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان پاراخوتى 16 دانە ئىكەن. دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كۈچى جەھەتتە ئامېرىكىدىن قالسىلا ياپونىيە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. جۇڭگونىڭ سۇ ئاستى پاراخوتى 20 دانە، يادرو ئېنېرگىيىلىك سۇ ئاستى پاراخوتى 22 دانە ئىكەن. ياپونىيە پاراخوتلىرىنىڭ سۇغا چۆكۈش

ئىقتىدارى 800 مېتىر، جىددى بولغاندا 1100 مېتىر چوڭقۇرلۇققا چۆكەلەيدىكەن. جۇڭگو پاراخوتلىرىنىڭ سۇغا چۆكۈش ئىقتىدارى 300 مېتىر، جىددى بولغاندا 600 مېتىر چوڭقۇرلۇققا چۆكەلەيدىكەن .
تەيۋەن ئالىملىرى: ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە [مۇداپىئە ھەمكارلىقى كۆرسەتكۈچى] شەرتنامىسىنى ئىمزالىغان بوگۈنكى كۈندە، جۇڭگو يېنىكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلسا بولمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.
يۇقىرىقى پىكىرلەرنى ئانالىز قىلساق، ئەگەر جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئۇرۇشۇپ قالىدىغان بولسا، جۇڭگونىڭ ئايروپىلانلىرى ئۇچۇپ ئاسمانغا چىقىدىكەن، ئەمما چۈشكەندە تۆمۈر – تەسەككە ئايلىنىپ يەرگە چۈشىدىكەن. 3 مىليوندىن ئارتۇق مۇنتىزىم ئارمىيە، 2 مىليوندىن ئارتۇق ساقچى قىسىم ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنى بېقىۋاتقان جۇڭنەنخەي، خەلقنىڭ قان – تەر بەدىلىگە جۇغلانغان دوللارنى خەجلەپ، روسىيىدىن قورال – ياراغ سېتىۋېلىپ شۇ ئارمىيىنى قوراللاندۇرۇۋاتقان جۇڭنەنخەي، نە ئىختىرا كۈچى، نە ئىجادى كۈچى، نە ئەخلاقى كۈچى يوق بىر مەدەنىيەتنىڭ پاسبانلىرى – جۇڭنەنخەي، جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ ھالى شۇ بولسا، ھەربىي كۈچنى تەرەققى قىلدۇرۇپ قايسى بىر دۆلەتكە تاقابىل تۇرىمەن دېگۈچە، جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ قورسىقىنى باقساڭلار بولمامدۇ؟

2007 – يىلى 5 – ئاينىڭ 18 – كۈنى

## دارفۇ قىرغىنچىلىقى ۋە ئۇيغۇرستاندا ئېتنىك يوقۇتۇش ھەرىكىتى

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ مۇخبىرى 5 – ئاينىڭ 18 – كۈنى: ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇش قىرغىنچىلىقى خاتىرە سارىيىدا پرېزىدېنت بوش نۇتۇق سۆزلىگەندە: دارفۇر خەلقىنى قىرغىن قىلىۋاتقان سۇدان ھۆكۈمىتىنىڭ قىرغىن قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرۇشى توغرىسىدا چاقىرىق قىلدى، دەپ

كۆرسەتتى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان دارفۇر خەلقى يۇرت – ماكانىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، قىرغىن قىلىندى، ئاياللار – قىزلار باسقۇنچىلىق قىلىشقا ئۇچرىدى. شۇنداق پەيتتە دۇنيا، ئىسلام تەشكىلاتى بۇ خىل قىرغىنچىلىققا پەرۋا قىلمىدى، دۇنيا ئەرەپلىرى ئىتتىپاقى بۇنداق قىرغىنچىلىققا پىسەنتمۇ قىلمىدى. چۈنكى، سۇدان ئەرەبلىرى ئېتىنىك دارفۇر خەلقىنى قىرغىن قىلىۋاتاتتى. دارفۇر قىرغىنچىلىقىغا يەنىلا غەرب دۇنياسى كۆڭۈل بۆلدى. بىخەتەرلىك كومىتېتىدا جۇڭگو، قارشى بېلەت تاشلىغانلىقتىن، دارفۇر مەسىلىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ھەرقانداق قورال – ياراغ سېتىپ بېرىپ، سۇدان ھاكىمىيتىنىڭ داراۋۇر خەلقىنى قىرغىن قىلىشنى قوللىدى، دەپ كۆرسەتتى. تەتقىقاتچى جاك جادۇن: جۇڭگو، سۇداننى بازارغا ئايلاندۇرماقچى ۋە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىدا جۇڭگوغا قوشۇلۇپ ئاۋاز بېرىدىغان دۆلەتكە ئايلاندۇرماقچى، دېدى. دارفۇر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھۆكۈمەتلەرنىڭ دىققەت قىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. جۇڭگو، تېررورىست سۇدان ھاكىمىيتىنى قوللىغانلىقتىن، 2008 – يىلى جۇڭگودا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك مۇراسىمىغا قاتنىشىش [نۇمۇس] دېيىشتى.

ئارتىست مىنا فاروۋۇ خانىم: جۇڭگو تەييارلىق قىلىۋاتقان ئولىمپىك مۇراسىمىنى [ئىرقى قىرغىنچىلىق ئولىمپىك مۇراسىمى] دەپ تەسۋىرلىدى. كىشىلىك ھوقۇق 1 – تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى جېل سەيۋىت ئەپەندى: [دارفۇرنىڭ ئولىمپىك چۈشى] پائالىيىتىنى تەشكىللىدى.

دارفۇر مەسىلىسىنى ئۇيغۇرستان مەسىلىسىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى. دارفۇر خەلقى سۇدان ھۆكۈمىتىدىن ئاپتونومىيە تەلەپ قىلدى، ئۇيغۇر خەلقى ئەسلى قۇرۇلغان دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. سۇدان ئەرەبلىرى دارفۇر خەلقىنى قورال ئىشلىتىپ، يۇرت – ماكانىدىن قوغلاپ چىقاردى. خىتاينىڭ بىڭتۈەنى ۋە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى 1962 – يىلى 5 – ئاينىڭ 29 – كۈنى ئۇيغۇرستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە

قوزغىلاڭ قىلغان. ئۇيغۇر خەلقىنى قىرغىن قىلدى. 100 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر – قازاق ھازىرقى قازاقىستانغا مەجبۇرى چىقىپ كەتتى. خىتاينىڭ ئارمىيىسى يەنە شۇ غۇلجا شەھرىدە 1997 – يىلى 2 – ئاينىڭ 5 – كۈنى نامايىش قىلىپ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغان ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلدى. [«دۇنيا گېزىتى»] 2003 – يىلى 2 – ئاينىڭ 5 – كۈنى مۇنداق خەۋەر قىلدى. غۇلجا ۋەقەسىدە 61 مىڭ كىشىنى قولغا ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 11 مىڭ كىشىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ئېلان قىلدى. 407 نەپەر ئۇيغۇرنى نەخ مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈردى، 8 مىڭ نەپەر ئۇيغۇر ئىز – دېرەكسىز يوقالدى. بۈگۈن خىتاي كۆچمەنلەر ھاكىمىيتى ئۇيغۇرلارنى ئۇيغۇرىستاندىن قوغلاپ چىقىرىشقا باشلىدى، بۇنداق قوغلاپ چىقىرىشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، دەپ چىرايلىق ئاتىۋالدى. تۈركۈم – تۈركۈم ئۇيغۇر قىزلىرى، تۈركۈم – تۈركۈم ئۇيغۇر ئەركەكلىرى ئىچكىرى خىتايغا مەجبۇرى يۆتكەپ كېتىلدى. يۆتكەپ كېتىشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش دېگەندىن كۆرە، ئۇيغۇرلارنى ۋەتىنى ئۇيغۇرىستاندىن [قوغلاپ چىقىرىش ھەرىكىتى] دەپ ئاتىغان تۈزۈكرەك بولاتتى. ئۇيغۇر سىياسى پائالىيەتچىلەر: ئۇيغۇر مەسىلىسىنى دارفۇر مەسىلىسگە ماسلاشتۇرۇپ، ئىچكىرى خىتايغا قوغلۇنۇپ كەتكەن ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنى، ماكانىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان دارفۇر خەلقىگە سېلىشتۇرۇپ، ئولىمپىك مۇراسىمىنى بايقۇت قىلىش پائالىيىتىنى تەشكىللىشى كېرەك، دېيىشتى. خىتاي كۆچمەنلىرىگە مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئىش بار، ئىكەنۇ؟ نېمىشقا يەرلىك ئۇيغۇرلارغا ئىش يوق ئىكەن؟ سۇدان دارفۇردا ئىرقى قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى يولغا قويغان بولسا، خۇجىنتاۋ، ۋاڭ لېچۇەن گۇرۇھى ئۇيغۇرىستاندا مىللى يوقۇتۇش سىياستىنى يولغا قويدى. دارفۇر خەلقىنىڭ قولىدا قورال بار، ئاجىز بولسىمۇ قارشىلىق كۆرستەلىدى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىغىمۇ يوق. ئىككى مىللەتنىڭ پەرقى ئەنە شۇ يەردىدۇر.

2007 – يىلى 5 – ئاينىڭ 28 – كۈنى

**ھۆكۈمەت پىلانلىغان ئادەم سېتىش ئەتكەسچىلىكى**

2001 – يىلى 10 –ئايدا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كېلىشىدىن چۆچۈپ كەتكەن خىتاي مۇستەملىكچىلىرى خۇددى تەگرىتاغ تور بېتىدە 2006 – يىلى 6 – ئاينىڭ 30 – كۈنى ئىقرار قىلغاندەك، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى زور كۆلەمدە يۆتكەپ كېتىش ئەمەلىيەتتە ئادەم سېتىش ئەتكەسچىلىكىنى 2002 – يىلىنىڭ ئالدى – كەينىدە باشلىغان ئىدى. خىتاينىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرىستان ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ قالغان بىر ئۆلكە ئىدى. چۈنكى ئۇيغۇرنىڭ مىللەت سۈپىتىدە بىر كۈچ بولۇپ تۇرغانلىقى خىتايغا زور تەھدىت ئىدى. خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرنىڭ 18 – 16 ياشلىق قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە يۆتكەشكە باشلىدى. راستىنى ئېيتقاندا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرنى يۆتكەپ كېتىش ئارقىلىق ئۇيغۇردىن كېلىدىغان تەھدىتنى ئازايتماقچى بولدى. مەزكۇر رادىئو 2007 – يىلى 1 – ئاينىڭ 17 – كۈنى پەيزىئاۋات ناھىيىسىنىڭ غولتوغراق يېزىسىدىن 400 نەپەر ئۇيغۇر قىزنىڭ تيەنجىنگە يۆتكەپ كېتىلگەنلىكى، يوپۇرغا ناھىيىسىدىن 2450 نەپەر ئۇيغۇر قىزنىڭ سەندۇڭ ئۆلكىسىگە يۆتكەپ كېتىلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. مەزكۇر رادىئو 2007 – يىلى 2 – ئاينىڭ 13 – كۈنى پىچان ناھىيىسىدىن 167 نەپەر قىزنىڭ يۆتكەپ كېتىلگەنلىكىنى، پويىز ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ گۈيتىڭنىڭ تۇرپان ۋىلايىتىدىن يۆتكەپ كېتىدىغان قىزلارنىڭ سانىنى 5 مىڭغا يەتكۈزىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. مەزكۇر رادىئو 2007 – يىلى 2 – ئاينىڭ 6 – كۈنى خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخباراتىغا ئاساسلىنىپ 2007 – يىلى 100 مىڭ نەپەر ئاتالمىش نامرات دېھقاننى خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئىشچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بېكىتتى، دەپ خەۋەر قىلدى.

مەزكۇر رادىئو 2007 – يىلى 3 – ئاينىڭ 13 – كۈنى پەيزىئاۋات ناھىيىسىدىن يەنە 120 نەپەر ئۇيغۇر ئوغۇل – قىزنىڭ ئۇرۇمچى ۋوگزالىدىن ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. 2006 – يىلى 8 – ئاينىڭ 8 – كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆستەڭ بويى كوچىسىدىن 30 نەپەر ئۇيغۇر قىز خىتاينىڭ سۇجۇ شەھىرىگە يۆتكەپ كېتىلدى.

ئادەم ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئادەم بىدىكلىرى ۋاڭ لېچۇەن، ئىسمايىل تىلىۋالدى، نۇر بەكرى، قەشقەر پارتكومىنىڭ سېكرېتارى شىداڭاڭ ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش باھانىسىدا ئىچكىرى خىتايغا خۇسۇسى شىركەتلەرگە سېتىپ بەردى. قىزلارنى سېتىۋالغان شىركەتلەرنىڭ ئادرېسى قېنى، خىتاي نېمىشقا ئاشكارىلىمايدۇ؟ مۇخبىرغا سۆزلەپ بەرگەن قىز، توختامنى شۇنداق تۈزۈپتىكەن دېدى، كىم بىلەن كىم توختام تۈزدى؟ ئۇيغۇر قىزلىرىنى سېتىپ بېرىش توغرىسىدا ۋاڭ لېچۇەن سەندۇڭ ئۆلكىسى بىلەن شۇنداق توختام تۈزگەنمۇ؟ ئۇيغۇر قىزلىرىنى سېتىپ بېرىش توغرىسىدا شىداڭاڭ جېجياڭ ئۆلكىسى بىلەن شۇنداق توختام تۈزگەنمۇ؟ ئۇيغۇر قىزلىرىنى دېدەكلىككە، ئىچكىرى خىتايدا پاھىشە خانىلاردا كۈتكۈچىلۈككە، ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنى قۇللۇققا سېتىپ بەردى. رادىئوغا يىغلاپ تۇرۇپ تېلېفون بەرگەن سودىگەر ئۇيغۇر قىز، ئۇيغۇر قىزلىرىنى قۇتقۇزۇڭلار دېدى. تيەنجىندە بىر زاۋۇتتا زۇجاڭ بولۇپ ئىشلەۋاتقان بىر ئۇيغۇر قىز سېكرېتارلىقىڭنى ئېلىۋېتىمەن، دەپ باشلىقلارنى زورلاپ، باشلىقلار بىزنى مەجبۇرلاپ ئىچكىرى خىتايغا ئېلىپ كەلدى، دېدى. مۇخبىر ئىچكىرلەپ ئەھۋالنى سورىغاندا، يەنە بىر ئۇيغۇر قىز دېگىلى بولمايدۇ، دېدى. ئىجتىھاتلىق مۇخبىرلىرىمىز بۇ قىزلارنىڭ بىر ئىككىسى بىلەنلا ئالاقە ئورنىتالىدى. يۇقىرىقى سانلار بويىچە سۈرۈشتە قىلغاندا يەنە باشقا قىزلار نەدە؟ ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنىڭ ئىچكىرى خىتايدا تۇرالغۇسى نەدە؟ مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان پەيزاۋاتلىق بىر ئۇيغۇر قىز:

[ھۆكۈمەت ئاربىلاشقاندىن كېيىن بەك قورقۇنچلۇق خىياللارنى قىلمىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئاڭلا قىزىم مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلا 2006 – يىلى 8 – ئاينىڭ 17 – كۈنى ب ب س [جۇڭگودا ئادەم ئېلىپ – سېتىش ئەتكەسچىلىكى] سەرلەۋلىك ماۋزۇ ئاستىدا مۇنداق خەۋەر تارقاتتى: ئىقتىسادى ئىسلاھاتقا ئەگىشىپ، جۇڭگودا ئادەم سېتىش ئەتكەسچىلىكى تېخىمۇ ئەۋج ئالدى، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا 2005 – يىلى ئادەم بىدىكلىرىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنغان ئاياللار ۋە باللارنىڭ سانى 3500 دىن ئېشىپ كەتتى. ب ب س رادىئوسىنىڭ مۇخبىرى ئادەم بىدىكچىلىكى ئەڭ ئېغىر بولغان يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ بىر يېزىسىنى زىيارەت قىلغاندا بىلدىكى، بۇ يېزىدىن نۇرغۇن قىزلار تايلانت دېگەن دۆلەتنىڭ پاھىشە خانىلىرىغا سېتىۋېتىلگەن. ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرى نەدە؟!

2007 – يىلى 5 – ئاينىڭ 30 – كۈنى

**شىڭشىسەي بىلەن ستالىن، ۋاڭ لېچۈەن ۋە ۋىلادېمىر پۇتىن**

مەزكۇر رادىئونىڭ 5 – ئاينىڭ 27 – كۈندىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستانغا تەيىنلىگەن سېكرىتارى ۋاڭ لېچۈەن موسكىۋانى زىيارەت قىلغان ئىمىش. بۇ كىشى موسكىۋادا روسىيە – خىتاي سىياسى پارتىيىلىرىنىڭ مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان ئىمىش. «دېموكراتىك بىرلىك پارتىيىسى» ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان روسىيىدە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىزىملىرىنى بازارغا سالغىلى بولمايتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ۋاڭ لېچۈەن بىرلىك پارتىيىسىگە لېكسىيە سۆزلىشى كېرەكمۇ ياكى ۋاڭ لېچۈەن دېموكراتىيە توغرىسىدا روسىيە «دېموكراتىك بىرلىك پارتىيىسى»نىڭ لېكسىيىسىنى ئاڭلىشى كېرەكمۇ؟ ۋاڭ لېچۈەننىڭ

روسىيەگە سەپەر قىلىشى قانداق ۋەزىيەتكە توغرا كېلىپ قالدى؟ جۇڭنەنخەينىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەتلەر كەسكىنلەشكەن ۋەزىيەتكە، جۇڭگودا ئىقتىسادنىڭ ھارۋىسى تورمۇز تۇتالمىغان ۋەزىيەتكە، ئەڭ مۇھىمى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ مەسىلىسى خەلقئارالاشقان ۋەزىيەتكە توغرا كېلىپ قالدى. «گاچىنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ!» ۋاڭ لىچۈەن، خۇ جىنتاۋ گۇرۇھىنىڭ نېمىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى روسىيە دۇماسى ھەممىدە پرېزىدېنت ۋىلادىمىر پۇتىن تازا ئوبدان بىلىدۇ. 1945 – يىلى ئىمزالانغان «سوۋېت – جۇڭگو شەرتنامىسى» جۈملىدىن ئۇيغۇرىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەخپىي كېلىشىمنىڭ، 1950 – يىلى ئىمزالانغان «جۇڭگو – سوۋېت موسكۋا شەرتنامىسى» جۈملىدىن ئۇيغۇرىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەخپىي كېلىشىمنىڭ مەزمۇنلىرى نېمە ئىدى؟ روسىيە دۇماسى بىلىدۇ، پرېزىدېنت ۋىلادىمىر پۇتىن تازا ئوبدان بىلىدۇ. ستالىن بۇ مەخپىي شەرتنامىلارنى گورىغا ئېلىپ كېتەلىگەن ئەمەس. شۇڭا ۋاڭ لىچۈەن، شىڭشىسەي تاشلاپ قاچقان يەلپۈگۈچنى قولىغا ئېلىپ ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى بويىچە پرېزىدېنت ۋىلادىمىر پۇتىننى سەگىتىپ قويۇش ياكى ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى يەنە بىر قېتىم پرېزىدېنت پۇتىننىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇش ئۈچۈن موسكۋاغا كەلگەن بولسا كېرەك. ۋاڭ لىچۈەننى موسكۋادا كىم قارشى ئالدى؟

[رەقىپلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار] ماۋزۇلۇق كىتابنىڭ ئامېرىكىلىق ئاپتورى جۇن گارۋېر ئەپەندى مۇنداق دېگەن ئىدى: «1938 – يىلى 8 – ئايدا شىڭشىسەي موسكۋاغا كەلدى، ئۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىنى مۇددەتسىز تۇتۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەكسىچە ئۇ، موسكۋاغا كەلگەندە داغدۇغۇلۇق قارشى ئېلىندى. ستالىن، مولوتوپ، ۋورشىلوپ قاتارلىقلار بىلەن كەڭ دائىرىلىك سۆھبەت ئۆتكۈزدى». مىللەتارىست شىڭ شىسەينى ستالىن قارشى ئالغان بولسا، سىياسى بىرونىڭ ئەزاسىمەن، دەپ يۈرگەن ۋاڭ لىچۈەننى پرېزىدېنت ۋىلادىمىر پۇتىن قارشى ئالمىغىنا بولسا ئەلەم بولدى. سەندۇڭلۇق كۆچمەن، خىتاي كۆچمەنلەر

ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا تەيىنلىگەن سېكرېتارى ۋاڭ لېچۇەنگە ئەلەم بولدى. شىڭ شىسەي شۇ قېتىملىق سەپىرىدە روسىيە بولشېۋىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرەەن، بۇ قېتىم ۋاڭ لېچۇەن «روسىيە دېموكراتىك بىرلىك پارتىيىسى» گە ئەزا بولۇپ كىردىمۇ، قانداق؟ ئەزا بولۇپ كىرمىگەن بولسا تۆۋەندىكى ئىشلار قانداق يۈز بەردى؟ مەزكۇر رادىئونىڭ 2007 – يىلى 5 – ئاينىڭ 21 – كۈنى ئاڭلاتقان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، پرېزىدېنت ۋىلادىمىر پۇتىن ئەپەندى يېقىندا ۋاڭ لېچۇەنگە مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانىنىڭ مىچۇەن ناھىيىسىدە [ئوتتۇرا ئاسىيا ساقچى ئىشلىرى ھەمكارلىق مەركىزى] قۇرۇپ بەردى. 1940 – يىلى ستالىن مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانىنىڭ غۇلجا شەھرىدە شىڭ شىسەيگە «يېڭى ھەربىي گازارما» قۇرۇپ بەرگەن ئىدى. روسىيىلىكلەرنىڭ مەخسىتى نېمە ئىدى؟ ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشقا شىڭ شىسەينىڭ كۈچى يەتمىگەندە ستالىن، «يېڭى ھەربىي گازارمى»دا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان روسىيىلىكلەر ئارقىلىق شىڭ شىسەيگە ياردەم بېرەتتى. ئەندىچۇ؟ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشقا ۋاڭ لېچۇەننىڭ كۈچى يەتمىگەندە پرېزىدېنت ۋىلادىمىر پۇتىن مىچۇەندە قۇرۇلغان [ساقچى ئىشلىرى ھەمكارلىق مەركىزى] ئارقىلىق ۋاڭ لېچۇەنگە ياردەم بېرەمدۇ، يوق؟ تارىخى ھادىسىلەر نېمىشقا بۇنداق ئوخشاشلىققا ئىگە؟ قىزىق بىر سېلىشتۇرما شۇ بولدىكى، ۋاڭ لېچۇەن موسكۋادا روسىيە دۇماسىغا ئاتالمىش تېررورىست ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي كۆچمەنلەر ھاكىمىيىتىگە ئارام بەرمىگەنلىكىدىن ئاغرىنىپ بەرگەن بولسا، ئۇيغۇرنىڭ چەت ئەللەردە پائالىيەت قىلىۋاتقان سىياسى ئاكتىپلىرى ئۇيغۇرنىڭ سىياسى تەلەپلىرىنى ئامېرىكا كوڭگىرىسىغا، ياۋرۇپا پارلامېنتىغا، ئاساسەن ياۋرۇپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر پارلامېنتىغا، كانادا پارلامېنتىغا ئېلىپ كىردى.

2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 1 – كۈنى

## ماجالو شىكايەتچىلەر مەھەللىسى قانغا بويالدى

بۇ قان ئۇيغۇرنىڭ قېنى ئىدى، بۇ قان ئۇيغۇر بۇ مىللەتنىڭ قېنى ئىدى. مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدىن ئەرز – شىكايەت قىلىپ بېيجىڭغا كەلگەن ئۇيغۇرلار، ماجالو مەھەللىسى يىغىۋېلىش لاگېرىغا قاماپ قويۇلدى. بۇ ئۇيغۇرلار تاماق، سۇ ئۇيغۇر تائامىلىرى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرۈش، خەنجەر سانجىپ ئۆلتۈرۈش، بېرىلگەن جاۋاب شۇ بولدى، بېرىلگەن تاماق شۇ بولدى. بۇ خىتايغا نېمە بولدى؟ ھاكىمىيەت تەۋرىنىپ قالدىمۇ، كوممۇنىست خىتايلار ھاكىمىيىتى تەۋرىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن غالجىرلاشتىمۇ؟ بۇ ئۇيغۇرلار بىر ۋاراق قەغەز كۆتۈرۈپ شىكايەت قىلىپ كەلگەن ئىدىغۇ؟ چىلبۆرىنىڭ ئۇستىدىن ئەجدىھارنىڭ ئالدىغا ئەرزۇھال ئېيتىپ كەلگەن، ئىدىغۇ؟ 100 نەپەردىن ئارتۇق ئەرزۇھال ئېيتقۇچى ئۇيغۇرنىڭ قانچىسى ئۆلتۈرۈلدى ھازىرغىچە مەلۇم بولمىدى.

مەن دېدىم: ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم 57 يىلدىن بېرى خىتاي يۈرگۈزگەن مۇستەملىكە سىياسەتنىڭ يىرىك مەخستى – ئۇيغۇرلارنى گادايلاشتۇرۇش، ئىقتىسادقا ئىگە قىلماسلىق، جىسمانى جەھەتتە ئاجىزلاشتۇرۇش، روھى جەھەتتە بىخۇتلاشتۇرۇش ئىدى. ئىقتىسادى ئىسلاھات خىتاي كۆچمەنلىرىگە پايدا – ئامەت ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇيغۇرلارغا بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى. ئازغىنا پۇل تاپقان ئۇيغۇرلارنى قانداق يوقۇتۇش بىخەتەرلىك باشقارمىسىنىڭ بىرىنچى پىلانىغا قويۇلدى. قىمارۋازلارنى تەربىيلەپ پۇل تاپقان سودىگەرلەرنى قاپقانغا چۈشۈردى. يوقۇلاڭ جىنايەتنى ئارتىپ پۇل تاپقان ئۇيغۇرلارنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. باج تۆلىمىدى، دەپ پۇل تاپقان ئۇيغۇرلارنىڭ مال – بىساتىنى مۇسادىرە قىلدى. ئەمدىلىكتە خىيانەتچىلىككە، پارىخورلۇققا، قاقتى – سوقتى قىلىشقا ئادەتلەنگەن خىتاينىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتلىرى بىخەتەرلىك

باشقارمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان پىلان بويىچە ئىلى ئۆلكىسىنىڭ غۇلجا شەھرىدە 2 مىڭدىن ئارتۇق يەككە ئۇيغۇر تىجارەتچىنىڭ پۇل – بىساتىنى كاززاپلىق بىلەنئالداپ بۇ ئۇيغۇرلارنى پۇلدىن ئايرىۋەتتى. ۋاڭ لېچۇەننىڭ كۆچمەنلەر ھاكىمىيىتى ئىلى خەلقىنىڭ، غۇلجا شەھەر خەلقىنىڭ قولىدا پۇل تۇرۇشنى خالىمايتتى. پۇل بۇ مىللەتنى ئىنقىلابقا يېتەكلەيدۇ، دەپ ئويلايتتى. خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى مىللى ئويغىنىش، مىللى ئىنقىلاب، قارشىلىق، نامايىش ھەرىكەتلىرىنى پۇلغا باغلاپ تەھلىل قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىكى پۇلغا شۇنداق مۇئامىلە قىلدى. پۇلدىن ئايرىلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆرۈپ يەتكەن ئۇيغۇر يەككە تىجارەتچىلەر، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خوردار بولۇپ كەتكەن ھاكىمىيەتنىڭ ئوردىسى بېيجىڭغا شىكايەت قىلىپ كەلگەندە قولغا ئېلىندى، ماجالو مەھەللىسىدە يىغىۋېلىش لاگېرىدا نەيزىلەپ ئۆلتۈرۈلدى. مەن نېمە، دەيمەن ئۇيغۇر خەلقى! سەن بۇ ئىشقا نېمە دەيسەن ئۇيغۇر خەلقى! ئەلەكمۇلللا دېيىش كېرەكمۇ، قولنى قويۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟

كوسوۋۇ خەلقى قولغا قورال ئالدى، كۈچى يەتمىگەندە يەرگە تىرىك كۆمۈلدى ئاندىن خەلقئارا جەمئىيەت ئارىلاشتى. بۈگۈن كوسوۋۇنىڭ مۇستەقىللىق مەسلىسى ئامېرىكا، روسىيە قاتارلىق چوڭ دۆلەتلەرنىڭ مۇھاكىمىسىگە، ياۋرۇپا پارلامېنتى ۋە بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇلدى. قارشىلىق بولمىغان يەردە باستۇرۇش چېكىدىن ئاشقان بولىدۇ، نارازىلىق بولمىغان يەردە بوزەك قىلىش چېكىدىن ئاشقان بولىدۇ. خىتاينىڭ ماجالو مەھەللىسى ئۇيغۇرنىڭ قىزىل قېنىغا بويالدى، ئەمما 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر خىتاي ساقچىلىرىغا قارشى قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشتى ئۇيغۇرنىڭ مىللى روھى، ئۇيغۇرنىڭ ھوقۇق ئۈچۈن قارشىلىق كۆرسىتىش ئىرادىسى بۇ مىللەتنىڭ قايسى مىللەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا پۈتۈن دۇنياغا يەنە بىر قېتىم سىگنال تارقاتتى.

2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 6 – كۈنى

## پرېزىدېنت بوش پىراگادا ئۇيغۇرنىڭ ۋەكىلىنى قوبۇل قىلدى

تەبرىكلەيمەن ئۇيغۇرۇم، كىرپىككىدە توختاپ قالغان ياشلىرىڭنى تەبرىكلەيمەن ئۇيغۇرۇم، كۆلكە يۈگۈرگەن چىرايىڭنى تەبرىكلەيمەن ئۇيغۇرۇم! ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتى جورجى بوش، 2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 5 – كۈنى پىراگادا خەلقئارا دېموكراتىيە يىغىنىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى رابىيە قادىرنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك هوقۇقى، دېموكراتىيىسىگە داۋاملىق كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى. لورا بوش خانىم رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك هوقۇقى توغرىسىدا رابىيە قادىرنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. بۇ خەۋەر مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا يېتىپ بارغاندا ئۇيغۇرلار نېمىلەرنى ئويلىغاندۇ؟ ئۇيغۇرلار چۆچۈپ ئويغاندىمۇ، ئازادلىق تاڭ نۇرىنىڭ قايسى تەرەپتىن ئېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇيغۇرلار هېس قىلىشتىمۇ، شۇ تاپتا ئۇيغۇرنىڭ خەلقئارادا مىللەتلەر قاتارىغا قوشۇلغانلىقىنى ئۇيغۇرلار چۈشەندىمۇ؟ قانچىلىغان ئۇيغۇرلار ئېسەدەشتى، قانچىلىغان ئۇيغۇرلار كۆز يېشى قىلىشتى، قانچىلىغان ئۇيغۇرلار يېنىك تىن ئالدى، قانچىلىغان ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ كىچىك تىندى؟ قانچىلىغان ئۇيغۇرلار بۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى بار ئىكەن، بۇ ئۇيغۇرنىڭ ئىگىسى بار ئىكەن دېيىشتى؟ ئوغۇللىرىمىز ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنىڭ، ئالىم ئابدۇرېھىمنىڭ باشقا ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇسلارنىڭ ئۇرۇق – تۇغقانلىرى قانچىلىك كۆز يېشى قىلىشتى؟ بىلمەيمەن ۋەتەنداشلىرىم.

بەش بۇرجەكلىك بىنا ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي كۈچى توغرىسىدا پاكىتلىق سۆز ئىبارىلەر بىلەن يىللىق دوكلاد ئېلان قىلغاندا، روسىيىدە پرېزىدېنت ۋىلادىمىر پۇتىن ئامېرىكىغا قارشى سۆز – ئىبارىلىرىنى كۈچەيتىشكە باشلىغاندا، جۇڭگودا مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندىن ئۇيغۇر

قىزلىرىنى، ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىۋاتقاندا، گېرمانىيىدە سەككىز دۆلەت يىغىنى ئېچىلىشىنىڭ ھارپىسىدا خەلقئارا دېموكراتىيە يىغىنى چىخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ پىراگا شەھرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇ يىغىندا پرېزىدېنت بۇش ئۇيغۇرنىڭ ۋەكىلى رابىيە قادىرنى قوبۇل قىلدى.

پولشا، چىخ جۇمھۇرىيەتلىرى ئەينى چاغدا كوممۇنىزىمغا قارشى دېموكراتىك ھەرىكەتلەرنىڭ ئۇچىغى بولغان ئىدى. شەرقىي ياۋرۇپانىڭ كوممۇنىزىم ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشى، سابىق سوۋېتلەرنىڭ تۆمۈر تاپىنىدىن ئازاد بولۇشى ئەمەلىيەتتە يالتا سىستېمىسىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىدىن دېرەك بەرگەنتى. بىراق، يالتا سىستېمىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك يىراق شەرق ئىستراتېگىيىسى تېخى يىمىرىلمىدى. 2005 – يىلى 5 – ئاينىڭ 7 – كۈنى پرېزىدېنت بۇش لاتۋىيىنىڭ رىگا شەھرىدە: يالتا يىغىنى ئىنتايىن زور تارىخى خاتالىق ئىدى، دەپ كۆرسەتكەن ۋە شەرقىي ياۋرۇپا ئەللىرىدىن ئەپۇ سورىغان. ئەمما، ۋىلادىمىر پۇتىن ئەپۇ سورىمايمەن، ئەپۇ سوراپ بولدۇم، دەپ ئېتىراز بىلدۈرگەن. بۇ قېتىم پرېزىدېنت بۇشنىڭ ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلىشى پرېزىدېنت ۋىلادىمىر پۇتىنغا بېرىلگەن سىگنالمۇ، قانداق؟ ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيىسى بويىچە «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» بويىچە جۇڭنەنخەيگە بېرىلگەن سىگنالمۇ، قانداق؟ شۇنداقلا سەككىز دۆلەت يىغىنىغا يوللىغان ئەڭ يېڭى ئۇچۇرىمۇ، قاندقا؟ سوئاللار چەكسىز. پرېزىدېنت بۇش ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ ئىككىنچى قېتىم سايلىنىپ بۇگۈنگىچە دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى تەكىتلەپ كەلدى. رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى ۋە بۈگۈن رابىيە قادىرنى پىراگادا پرېزىدېنت بۇشنىڭ قوبۇل قىلىشى ئامېرىكا بۇ دۆلەت تاشقى سىياستىنىڭ بىر غەلىبىسى بولدى. كەچۈرۈم تەشكىلاتى باشچىلىقىدىكى بارلىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى غەلىبە قىلدى، چەت ئەللەردە سىياسى ائالىيەت قىلىپ ئۇيغۇرلار غەلىبە قىلدى. بۈگۈن

20 مىليون ئۇيغۇر خەلقى غەلىبە قىلدى. بۈگۈن ئۇيغۇرنىڭ سىياسى غايىسى بىلەن ئۇيغۇر ئەقلىنىڭ بىرلىكى غەلىبە قىلدى. بۈگۈن ئادالەت جاھالەتنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستانغا داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلىشى بۈگۈن تەساۋۋۇرىمىزدا گويا غەلىتە بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. دېموكراتىيە مۇستەبىتىزىم ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ئامېرىكا خەلقىنىڭ دېموكراتىيە،كىشىلىك ھوقۇق قىممەت قاراشلىرى بۈگۈن ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك غەلىبە قىلدى. ھاقارەت بىلەن يېزىلغان ئۇيغۇر تارىخىنىڭ بەتلىرىدە خىتايچە تەلەپپۇزلار سۇسلىشىشقا باشلىدى، ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرى بۈگۈندىن باشلاپ تارىخى بۇرۇلۇش دەۋرىگە كىردى. بۈگۈن ئۇيغۇرلار مىللى مەۋجۇتلۇقىنى قوغداپ قېلىشقا ھوقۇقلۇق، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق، يالتا سىستېمىسىنى ۋە موسكىۋا شەرتنامىسىنى ئاسىيادا ئىنكار قىلىشقا ھوقۇقلۇق مىللەت بولۇپ قالدى. ئاللاھ، ساڭا يار بولسۇن ئامېرىكا! ئاللاھ، ساڭا يار بولسۇن پرېزىدېنت بوش! مەن شائىر ئەمەس، لېكىن ئىككى مىسرا تۈزۈشۈمگە رۇخسەت قىلىڭلار!

ئاسىيانىڭ مەركىزىدە بىر نىشانە ئىكەنسەن، ئۇيغۇرىستانىم!

ئوڭ ئىكەنۇ، تالىيىڭ نۇر پىشانە ئىكەنسەن، ئۇيغۇرىستانىم!

2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 8 – كۈنى

## دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق خەلقئارا يىغىنى پىراگادا چاقىرىلدى

2005 – يىلى 9 – ئاينىڭ 16 – كۈنى پرېزىدېنت بوش بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرلەش يىغىنىدا مۇنداق نۇتۇق سۆزلىگەن ئىدى: ھازىرقى دۇنيا بىر – بىرىگە چىڭ باغلىنىپ بولدى، ھەرقانداق بىر بۇلۇڭ – پۇچقاق ياكى قايسى بىر خەلق

بۇنداق باغلىنىشنىڭ سىرتىدا رىيازەت چېكىپ تۇرۇۋەرمەيدۇ، ئەگەر مەلۇم بىر دۆلەت ياكى رايوندا خەلق ئۇمىدسىزلەنگەن، غەزەپ – نەپرىتى تولۇپ – تاشقان ياكى زوراۋانلىقتا، تاجاۋۇزچىلىقتا قارشىلىق كۆرسىتىشكە قوربى يەتمىگەن بولسا، بۇ جايدىكى خەلق ئۇچرىغان تەھدىت چوقۇم دۆلەت چېگرىسىدىن، ھەتتا ئوكيانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، باشقا دۆلەتتىكى تىنچلىقپەرۋەر خەلقلەرگە تەھدىت بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

پرېزىدېنت بوش پىراگادا چاقىرىلغان دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق خەلقئارا يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق كۆرسەتتى: رابىيە قادىر بۇ يەردە مەن كۆرۈشىدىغان غەيرى سىياسى قاراشقا ئىگە زاتتۇر، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى تۈرمىگە سولاپ قويۇش قىلمىشلىرى ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىدىن ئۆچ ئېلىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. شۇنداق خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىشى بۆگۈن چېگرا ئاتلاپ، ئوكيانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ تىنچلىقپەرۋەر ئامېرىكا خەلقىنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا تەھدىت ئېلىپ كەلدى. خىتايلاردىن كەلگەن زوراۋانلىققا، تاجاۋۇزچىلىققا قارشىلىق كۆرسىتىشكە قوربى يەتمىگەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسى ئاكتىپلىرى كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى ئامېرىكا خەلقىگە، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك تەلەپلىرىنى ئامېرىكا كوڭگرېسىغا سۆزلەپ يەتكۈزدى. ئامېرىكا خەلقى، ئامېرىكا كوڭگرېسى، پرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق داۋا – دەردىگە كۆڭۈل بۆلدى.

پىراگادا چاقىرىلغان خەلقئارا يىغىنغا كىشىلىك ھوقۇق جەڭچىلىرى، سىياسەت ساھەسىدىكى ئەربابلار قاتناشتى. يىغىن ئېلان قىلغان ئاخباراتتا: بارلىق ئەركىن دۇنيا ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقلىرى بىر قاتار كونكرېت ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ، يەر شارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دېموكراتىيە ۋە ئەركىن جەمئىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان ئەربابلارغا ياردەم بېرىش چاقىرىق قىلىندى. پىراگا يىغىنىدا پرېزىدېنت بوش كاتتا نۇتۇق سۆزلىدى. پرېزىدېنت بوشنىڭ

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقى بىلەن بۇ قېتىم پىراگادا سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ ماھىيىتى بىردەك، شەكلى ئوخشاش بولدى. ئاۋۋالقى نۇتۇق نەزىرىيىلەشكەن بولسا بۇ قېتىم سۆزلەنگەن نۇتۇق ئەمەلىيەتچان ياكى ئاۋۋالقى نۇتۇقنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن نۇتۇق بولدى. پرېزىدېنت بوش ئاۋۋال رابىيە قادىرنى خىتايىنىڭ تۈرمىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان بولسا، ئەمدى پىراگا يىغىنى ئارىلىقىدا قارشىلىق كۆرسىتىشكە قۇربى يەتمىگەن مىللەت ئۇيغۇرنىڭ ۋەكىلى رابىيە قادىرنى قوبۇل قىلدى. لورا بوش خانىم رابىيە قادىرنىڭ ئاغزىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى ئاڭلىدى. يىغىندا خەلقئارا بىخەتەرلىك تەتقىقاتى ئورنىنىڭ مۇدىرى جېرى سكانېدېر ئەپەندى: «ھەربىر دەۋرنىڭ، ئادەملىرى ئۆزىنىڭ تارىخىنى يارىتىش مەسئۇلىيىتىگە ئىگە» دەپ، كۆرسەتتى. شۇنداق ئۇيغۇرنىڭ سىياسى ئاكتىپلىرى جۈملىدىن رابىيە قادىر مەسئۇلىيەتنى دەۋرنىڭ روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۇيغۇر بۇ مىللەتنىڭ يېڭى زامان تارىخىنى يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. ئۇيغۇرنىڭ يېڭى زامان تارىخى «ئامېرىكا» دېگەن ئىسىم بىلەن باشلاندى. بۇ تارىخنىڭ بىرىنچى بېتى بۈگۈن پرېزىدېنت بوشنىڭ قەلىمى بىلەن يېزىلدى. شۇ تاپتا مېنىڭ ھېسسىياتىم ئەقلىمنى تەڭشىيەلمىدى ياكى ئەقلىم ھېسسىياتىمنى تەڭشىيەلمىدى. ئىنسانمەن ھاياجان پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالدى. بۈگۈن ئامېرىكا خەلقىنىڭ قىممەت قاراشلىرى غەلبە قىلدى، ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تاشقى سىياستى غەلبە قىلدى، كەچۈرۈم تەشكىلاتى باشچىلىقىدىكى بارلىق خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى غەلبە قىلدى. ئامېرىكىدا، ياۋرۇپادا ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىگە باغلىق ئادالەت خىتايچە جاھالەتنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلدى. شۇ تاپتا ئۇيغۇرىستان نېمىگە ئوخشاپ قالدى؟ بۇرۇخلاپ قايناپ تۇرغان لاۋىغا ياكى بۇلدۇقلاپ قايناپ تۇرغىنا لېكىن تۇۋاق ھەم يېپىلغان قازانغا ئوخشاپ قالدى. ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ چىرايىدا كۈلكە كىرىپكى نەم، كەلگۈسىگە،

ئىستىقبالىغا ئىشەنگەن ئۇيغۇر ئادەملەر بىر – بىرىگە خۇشخەۋەر يەتكۈزمەكتە. 2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 5 – كۈنى تارىخقا شۇنداق يېزىلدى. بۇ كۈندىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرى جىددى بۇرۇلۇش دەۋرىگە كىردى پىراگا، پىراگا! مەن شائىر ئەمەس، لېكىن ئىككى مىسرا تۈزۈشۈمگە رۇخسەت قىلىڭلار!

ئاسىيانىڭ مەركىزىدە بىر نىشانە ئىكەنسەن، ئۇيغۇرىستانىم!

ئوڭ ئىكە – نۇ تالىيىڭ نۇر پىشانە ئىكەنسەن، ئۇيغۇرىستانىم!

2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 9 – كۈنى

## پىراگا يىغىنى ۋە پىراگا ھۆججىتى

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى ۋە دېموكراتىك ھەرىكەت پائالىيەتچىلىرى 2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 5 – كۈنى چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ پىراگا شەھرىگە توپلىنىپ ئىككى كۈنلۈك كاتتا يىغىن تەشكىللىدى. پرېزىدېنت بوش بۇ يىغىندا كاتتا نۇتۇق سۆزلىدى. كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە پىراگا يىغىنى ماقۇللىغان ھۆججەتتە مۇنداق كۆرسىتىلدى: تېخى دېموكراتىيىلەشمىگەن دۆلەتلەر ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ زوراۋانلىق ئىشلەتمەي، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان سىياسى مەھبۇسلارنى دەرھال تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى تەلەپ قىلىندى؛ دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ، تېخى دېموكراتىيىلەشمىگەن دۆلەتلەردە تۇرۇشلۇق دىپلوماتلىرىنى پائال ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ھەمدە ئاشكارە پۇرسەت تېپىپ زوراۋانلىق ئىشلەتمەي، ئەركىن جەمئىيەت قۇرۇشنى ئۈمىد قىلغان، كۆزقاراشلىرى ھۆكۈمەتنىڭ كۆز قارشى بىلەن ئوخشاش بولمىغان مەھبۇسلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇشى، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى تېخى دېموكراتىيىلەشمىگەن دۆلەت ئەمەلدارلىرى بىلەن

سۆھبەتلىشىدىغان، مۇزاكىرەلىشىدىغان ماۋزۇغا ئايلاندۇرۇشى تەلەپ قىلىندى، تىنچ، دىپلوماتىك يوللار ۋە سىياسى، ئىقتىسادى ۋاستىلەر ئارقىلىق كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەتلىمەيدىغان بارلىق ھۆكۈمەتلەر ۋە گۇرۇپپىلارغا بېسىم ئىشلىتىش ھەمدە زوراۋانلىق، پوپۇزا ئىشلىتىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق تىنچلىق، دېموكراتىيە سادالىرىنى باستۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەتلەر ۋە گۇرۇپپىلارنى يېتىم قالدۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

دۇنياۋى كۈچ – كىشىلىك ھوقۇقنى تەكىتلەش، دېموكراتىيىنى تەكىتلەش كۈچلىرى تۈزۈپ بەرگەن شەرتلىك جۈمللەر ئاساسىدا شەرتلىك پىكىر قىلىشقا توغرا كەلسە مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا قولغا ئېلىنغان، ھەرقانداق ئەھۋالدا زوراۋانلىق ۋاستىلىرىنى ئىشلەتمىگەن، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك تەلەپ قىلغان توختى مۇزات، نۇرمەمەت ياسىن، ئابلىكىم ئابدۇرېھىم، ئالىمجان ئابدۇرېھىم، ھۆسەنجان جېلىل قاتارلىق ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇسلارنى يەنە باشقا بارلىق سىياسى مەھبۇسلارنى ۋاك لېچۇەن، خۇ جىنتاۋ گۇرۇھى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى كېرەك بولدى. خۇ جىنتاۋ، ئۇيغۇر ئەرىز – شىكايەت قىلغۇچىلار قاماپ قويۇلغان، ماجالو يىغىۋېلىش لاگىرى پاجىئەسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلدى؟ ئۆزىنىڭ ئەمگىكى بىلەن ئۆزىنىڭ جېنىنى بېقىۋاتقان ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىپ، خىتاي شىركەتلىرىگە قۇللۇققا سېتىپ بەرگەن ۋاك لېچۇەن، ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئۆز ۋەتىنىدىن يۆتكەپ چىقىپ خىتاي شىركەتلەرگە ئەرزان ئەمگەك كۈچى ئورنىدا سېتىپ بەرگەن، ھەتتا ئۇيغۇر قىزلىرىنى پاھىشەخانىلارغا سېتىپ بەرگەن ۋاك لېچۇەن بۇ قىلمىشنى، ئۇيغۇرنىڭ مىللى غۇرۇرىنى ھاقارەت قىلىدىغان قىلمىشنى توختۇتىشى كېرەكمۇ ، - يوق؟ ۋاك لېچۇەن، خۇ جىنتاۋ گۇرۇھى دۇنيانىڭ تىنچلىق سادالىرىغا قۇلاق سېلىشى لازىم ئىدى. كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە قاتارلىق دۇنيانىڭ ھەممە جايىغا باب كېلىدىغان قىممەت قاراشلارغا قۇلاق سېلىشى لازىم ئىدى. بىكىن ۋاك لېچۇەن خۇ جىنتاۋ گۇرۇھى ئولىمپىك مۇراسىمىنى ئۆتكۈزىدىغان پەيتلەر يېقىنلاپ

كەلگەنسېرى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا باستۇرۇشنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى. سىياسىي تۈزۈم جەھەتتە پۈقرالارنىڭ سۆز — مەتبۇئات ئەركىنلىكى، ھەددى — ھەرىكەت ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە بولىدىكەن، تايىنىدىغان قانۇن بولىدىكەن، ئۆكتىچى پارتىيىلەرنىڭ سادالىرىنى ئاڭلىغىلى بولىدىكەن، دېموكراتىك جەمئىيەت قۇرۇش قىيىنغا توختىمايدۇ. تۈزۈم جەھەتتە شۇنداق قۇرۇلمىنىڭ بولۇشى مەسىلىنىڭ تۈگۈنىدۇر، دەپ كۆرسەتتى، پىراگا يىغىنىغا قاتناشقان جېرى سكانېدىر ئەپەندى. خىتاي ھۆكۈمىتى دۇنياۋى مچاقىرىققا قانداق مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن؟ مېنىڭچە جۇڭگو بۇ دۆلەت ئاكتىپ مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن چۈنكى جۇڭگو خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن ئالىلقاچان خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوينىغا كىرىپ بولدى. دۇنياۋى جەمئىيەتكە ئاكتىپ جاۋاب قايتۇرۇش جۇڭگو ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىلا بولۇپ قالدى، خالاس!

2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 14 – كۈنى

## ئۇرۇش غالجىرلىقى ۋە مىللەتچىلىك كۆرەڭلىكى

يېقىندا بەش بۇرجەكلىك بىنا جۇڭگونىڭ ھەربىي كۈچى توغرىسىدا دوكلات ئېلان قىلغاندا، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى روبېرت گەيتىس ئەپەندى: ھەربىي كۈچلەرنى كېڭەيتىش بىلەن مۇددىئانى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك دەپ، كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇنداقتا جۇڭگو بۇ دۆلەتنىڭ مۇددىئايى زادى نېمە؟ نەزەرىيىچى ئۇيەن «جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ھەربىي كۈچنى كېڭەيتىشى ۋە ئامېرىكىنىڭ بۇنداق كېڭەيتىشنى پۈتۈن سەپ بويىچە تىزگىنلىشى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا، جۇڭگونىڭ ھەربىي ئادىمى چى خاۋتيەننىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈردى. چىخاۋتيەن مۇنداق دېگەن ئىمىش؛ كۆپچۈلۈككە مەلۇم كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىسا، جۇڭگونىڭ

ھېچنەرسسى بولمايتتى. شۇڭا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى ئەبەدى قوغداش بىزنىڭ باش نىشانىمىز. تيەنئەنمىن ۋەقەسىدىن كېيىن، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش تەرەققىياتىنى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتتۇق، شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئە سىياستىدە 180 گرادۇسلۇق ئۆزگىرىش ياساپ، قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتنى ئۇرۇش تەييارلىقىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراتتۇق.
چىخاۋتيەن مۇنداق دېدى: يادرو ئۇرۇشى قىلىشقا... بىز 3 – دۇنيا ئۇرۇشى قوزغاشتىنمۇ تەپ تارتمايمىز... پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى كاپالەتكە ئىگە قىلمى.ز كوممۇنىستىك پارتىيە تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقمايدۇ... پۈتكۈل دۇنيا، ھەتتا پۈتكۈل يەر شارىنىڭ ھايات – ماماتى پارتىيىمىزنىڭ ھايات – ماماتىغا باغلىنىپى قالغاندىمۇ، كوممۇنىستىك پارتىيە تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقمايدۇ.... ھازىر قانداقتۇر يادرو قوراللىرىغا باغلىنىپ قېلىش نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا چىقمىدىمۇ؟ پۈتۈن دۇنيانىڭ بىخەتەرلىكى يادرو قوراللىرىغا باغلىنىپ قالغان بولسا، ھالاك بولغاندىمۇ يەر شارى بىلەن بىللە ھالاك بولىمىز... بۇنداق باغلىنىپ قېلىشتىن باشقا يەنە بىر خىل باغلىنىپ قېلىشمۇ بار. ئۇ بولسىم، كوممۇنىستىك پارتىيىمىزنىڭ تەقدىرى بىلەن يەر شارىنىڭ تەقدىرى باغلىنىپ قالدى. ئەگەر پارتىيىمىز ھالاك بولىدىكەن، جۇڭگو ھالاك بولىدۇ؛ يەر شارى ھەم ھالاك بولىدۇ. خوش، چىخاۋتيەن ئەپەندى، گېتلېر ئەينى چاغدا شۇنداق چوڭ سۆزلەرنى سۆزلىگەنمۇ، يوق؟ سابىق سوۋېتلەر ئەينى چاغدا شۇنداق چوڭ سۆزلەرنى سۆزلىگەنمۇ، يوق؟ گېتلېر قېنى، ئۇنىڭ ناتسىلار پارتىيىسى، قۇدرەتلىك ئارمىيىسى قېنى؟ ستالىن قېنى، بېرىژنېپ ۋە ئۇنىڭ بولشېۋىستىك پارتىيىسى، قۇدرەتلىك ئارمىيىسى ۋە قۇدرەتلىك يادرو قوراللىرى قېنى؟ چىخاۋتيەن ئەپەندى قېنى بۇ قۇدرەتلىك كۈچلەر؟!

دۇنيا ئۆز ئوقۇدا ئايلىنىپ تۇرۇۋېتىۇ. شاللايدىغاننى شاللاپ تۇرۇۋېتىۇ، تاللايدىغاننى تاللاپ تۇرۇۋېتىۇ، بۇ دۇنيا! كوممۇنىزىم، فاشىزىمنى شاللىۋەتكەن دۇنيا، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇقنى تاللىۋالغان، ئىنسانىيەتنىڭ ۋەيرانچىلىقىنى ئەمەس ئىنسانىيەتنىڭ بەخت سائادىتىنى تاللىۋالغان دۇنيادۇ. چىخاۋتىيەن راست ئېيتىدۇ، ئۇزۇمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، كونا پالازغا يۆگىنىپ مىڭ كۈن يېتىپتىمەن، دەيدۇ. چىخاۋتىيەن نېمىشقا يەر شارىنى ھالاك قىلماقچى، نېمىشقا جۇڭگونىمۇ يەر شارىغا قوشۇپ ھالاك قىلماقچى؟ چىخاۋتىيەنىنىڭ ئالدىدا ئىككى يول تۇرۇۋېتىۇ. ياكى چىخاۋتىيەن دېگەندەك «يەر شارىنى ھالاك قىلىش» ياكى چىخاۋتىيەن كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن قوشۇلۇپ بىللە ھالاك بولۇش. جۇڭگونىڭ كېيىنكى ئەۋلادى، خۇددى ستالىنىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىغا ئوخشاش ئامېرىكىدىن ياردەم ئېلىپ يادرو قوراللىرىنى، ئاتوم قوراللىرىنى كۆيدۈرۈش. مېنىڭچە ئاخىرقى يول جۇڭگو رەھبەرلىرى مۇقەررەر تاللىۋالىدىغان يولدۇر. جۇڭگودا بىر مىليارد ئادەم ياشايدۇ، يەر شارىدا ئالتە مىليارد ئادەم ياشايدۇ، جۇڭگو يەر شارىنى ھالاك قىلغۇچە باشقىلار قاراپ تۇرىدىغان ئىشمۇ بارمىدى دۇنيادا؟!

2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 14 – كۈنى

2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 16 – كۈنى

## خىتايدا ئادەم ئەتكەسچىلىكى

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى 2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 11 – كۈنى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئادەم ئەتكەسچىلىكى سودىسى ھەققىدە دوكلاد ئېلان قىلىپ خىتايدا ھەر يىلى 100 مىڭدىن 200 مىڭغىچە ئادەم ئېلىپ سېتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە خىتايدا ئادەم

ئەتكەسچىلىك سودىسى ئېغىر بولغانلىقتىن 2 – دەرىجىلىك كۆزۈتۈلىدىغان دۆلەتلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.
كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىچە، ئاخىرقى يىللاردا خىتايدا ئادەم ئەتكەسچىلىرىنىڭ نەزىرى ئۇيغۇر باللار ۋە ئاياللارغا چۈشكەن، دەپ كۆرسەتتى. ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ مۇخبىرى
2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 13 – كۈنى.

پەقەت بىرلا ساننى 2006 – يىلى بىر يىل ئىچىدە يوپۇرغا ناھىيىسىدىن خىتايلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا يۆتكەپ كېتىلگەن 2450 نەپەر ئۇيغۇر قىز، ئۇيغۇر ئەركەكنى مىسالغا ئالساق، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەيەرگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ۋاڭ لېچۇەن، خۇجىنتاۋ گۇرۇھى بۇ ئۇيغۇرلارنى سەندۇڭ ئۆلكىسىگە ئېلىپ بېرىپ ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇپ بەرمەكچىمۇ؟ تەساۋۋۇردىن يىراق خام – خىيالغۇ، بۇ! لېكىن كىشلەر رېئاللىقا سادىر بولۇۋاتقان بۇ خىل پاجىئەگە، ئۇيغۇرلارنى ۋەتىنىدىن يۆتكەپ كېتىپ يوقۇتۇش پاجىئەسىگە خام – خىيال ياكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، دەپ ئاتلىق تەساۋۋۇر بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلمەكتە. قىياس قىلايلۇق، خىتاي ئەتكەسچىلىرىنىڭ 2450 نەپەر ئۇيغۇرنى بىرلا يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇمكىنمىدى؟ ئۇلارغا قايسى بىر رايوندا ياكى خىتاي ۋىلايەتلىرىدە زاۋۇت قۇرۇپ بېرىشى مۇمكىنمىدى؟ مۇمكىن بولسا نېمىشقا ئۇيغۇرلارغا ئۆزىنىڭ ۋەتىنى ئۇيغۇرىستاندا زاۋۇت قۇرۇپ بەرمىدى؟ بىرنەچچە ئۇيغۇر قىزنى تىيەنجىندە بىر زاۋۇتقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىر ئۆلكە، باشقا ئۇيغۇرلارنى ئالداش ئۈچۈن سۇئىقەست بىلەن تەشكىللەنگەن بىر ئۆلكە. تىيەنجىندە شۇ قىز مۇخبىرغا «تېخنىكا ئۆگىنىپ، شىنجاڭنى گۈللەندۇرۇپ» دېدى. ساڭا كىم ئۆگىتىپ قويدى بۇ گەپنى، كىم ساڭا تېخنىكا ئۆگەتمەكچى، سەن قايسى شىنجاڭنى گۈللەندۈرمەكچى؟ سەن ھازىر نەدە بۇ سوئالغا جاۋاب بەر ئۇيغۇر قىز! پويىزغا ئولتۇرۇپ شىڭشىڭشادىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇيغۇر ئەركەكلەر بىردىن – بىردىن قايسى خىتاي شودۇيلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

ئۇيغۇر قىزلىرى بىردىن – بىردىن قايسى خىتاي ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى؟ بۇ ئۇيغۇر قىزلارنىڭ قانچىسى بېدىكىلەرگە، قانچىسى قارا خۇمدانلارغا، ئەركەكلەرنىڭ قانچىسى كۆمۈر خاڭلارغا يەنە قانچىسى ئاچچىق سۇ كۆلچەكلىرىدە ئىشلەشكە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى؟ بۇ قىزلارنىڭ قانچىسى مەجبۇرى خوتۇن بولۇشقا زورلاندى، قانچىسى ئىپپەت نومۇسىنى سېتىشقا زورلاندى؟ قېنى بۇ قىزلار، قېنى بۇ ئۇيغۇر ئەكەكلىرى؟! ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ دوكلاتىدا «خىتاي، ئادەم ئەتكەسچىلىك سودىسىنىڭ ئۆتكىلى بولۇپلا قالماي بەلكى يەنە مۇڭغۇلىيە، بېرما، شىمالىي كورىيە، ۋېتنام ۋە روسىيىلىك ئاياللار سېتىلىدىغان ياكى پاھىشىلىككە سېلىنىدىغان ئادەم ئەتكەسچىلىك سودىسىنىڭ ئاخىرقى بېكەتلىرىدىن بىرى» دەپ كۆرسىتىلدى. ئۇيغۇر قىزلىرى قېنى، قەيەردە كىمگە، قايسى دۆلەتكە سېتىلدى، دەپ سوئال قويۇش ھەققىمىز بارمىكەن ياكى يوقمىكەن بىزنىڭ؟ «2000 – يىلى ئىمزالانغان ئادەم ئەتكەسچىلىكىگە زەربە بېرىش خەلقئارا كېلىشىمى»گە ئىمزا قويمىغان جۇڭگونىڭ قورسىقىدا غۇمى بار جۇڭگو ئىدى. شۇڭا خىتاي مۇستەملىكچىلىرى 2002 – يىلىدىن باشلاپ مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندىن ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەشكە باشلىدى.

2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 16 – كۈنى «شياگاڭ دۇڭفاڭ رىباۋ» گېزىتىنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسلانغاندا، قارا خۇمدان پاجىئەسىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا خۇجىنتاۋ، ۋېنجياباۋ، ۋۇگۇۋەنجېڭ، لىچاڭچۈن قاتارلىق جۇڭنەنخەيىنىڭ بەگلىرى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ باشلىقلىرىغا قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىمىش. خۇجىنتاۋ ئوخشاش بۇيرۇقنى ۋاڭ لېچۈەن، شىداگاڭ گۇرۇھىغا چۈشۈرۈپ خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلدىمۇ، يوق؟ خۇجىنتاۋ ئەپەندى سۈرۈشتە قىلمىدى.

2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 21 – كۈنى

**ھالاكەتكە دۇچ كەلگەن ئۇيغۇرلار نېمە قىلىشى كېرەك؟**

ختاي باللارنى قۇل ئورنىدا ئىشلەنگەن قارا خۇمدان ۋەقەسى پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى، ھەتتاختايىنىڭ كوممۇنىست مەتبۇئاتلىرىمۇ خەۋەر تارقاتتى. جۇڭخنەنخەيىنىڭ بەگلىرى ئىپادە بىلدۇرۇپ، ۋىنجاباۋ ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ يىپىدىن يىڭنىسىغىچە سۈرۈشتە قىلدى. بىراق، جۇڭخنەنخەيىنىڭ مۇستەملىككە سىياستى، مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا قارا خۇمدان ۋەقەسىدىن دەھشەتلىك، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىملىكىنى يوقۇتۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. لېكىن بۇ ۋەقەنى ھېچكىم سۈرۈشتە قىلمىدى، مەتبۇئاتلارمۇ پاش قىلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ختاي ياشلىرى قۇل بولۇپ قالسا ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر قىزلىرنى ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنى مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندىن ئىچكىرى ختايغا ئېلىپ كېلىپ قۇل قىلىش كېرەك دېگەنلىكمۇ؟ بۇ مۇستەملىكچى ختاي ھاكىمىيتى ماھىيتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ئەمەسمۇ؟

ۋاڭ لېچۈەن، شىداگاڭ، تاڭ، جاڭ قاتارلىق ختاي كۆچمەنلەر ھاكىمىيتىنىڭ ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئۇيغر يېزىلىرىدا ئۇيغۇر قىزلىرى ۋە ئەركەكلىرىنى قۇلغا ئايلاندۇرۇپ، ئىچكىرى ختايغا خۇسۇسى ختايلارغا، ختايىنىڭ يېزا قىشلاقلىرىغا قۇل ئورنىدا سېتىپ پۇل تاپماقتا. تور بېتىگە چاپلانغان ۋەتەندىن ئەۋەتىلگەن خەۋەرگە ئاساسلانغاندا يەكەن ناھىيسىدىن ئىچكىرى ختايغا سېتىۋېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرى ئىچكىرى ختايدا يەنە قولدىن – قولغا سېتىلدى، بۇ قىزلار مۇئاش تەلەپ قىلغاندا بىر موچەنلىك پۇلنى يۈزىگە چېچىپ ساڭا بېرىدىغان مۇئاشنى، سېنى بىزگە ساتقان ئادەمگە بېرىپ بولدۇق، دەپ جاۋاب بېرىلدى. 10 نەپەر پوسكام ناھىيىلىك قىزغا 18 دانە ھايۋان ختايىنىڭ باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى ئاشكارە بولدى. ئۇيغۇر قىزلىرى يەنە

داۋاملىق ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلمەكتە. ئۇيغۇر ئەركەكلىرى يەنە داۋاملىق ئىچكىرى خىتايغا قۇل ئورنىدا سېتىلماقتا. 2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 18 – كۈنى قەشقەر ئۆلكىسىنىڭ توققۇزاق ناھىيىسىدىن 1600 نەپەر ئۇيغۇر قىزنىڭ ئىچكىرى خىتايغا سېتىۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەرگە ئىگە بولدۇق. ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىسەم ئۇيغۇر چۈشىنەمدۇ، ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى، ئۇيغۇرنىڭ ھەسرىتىنى، ئۇيغۇرغا سۆزلەپ بەرسەم ئۇيغۇر چۈشىنەمدۇ؟ مەن ئويلايمەن ئۇيغۇر چۈشەنمىدى! ئايۇپ شاڭجاڭ ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى دەيدۇ، سايۇم دادايجاڭ جاڭ سېكرىتارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى دەيدۇ. قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇر قىزلىرى ئۆز يۇرتىغا قايتالمايدۇ، قىزلىرىنى سېتىپ بېرىشكە كۆنمىگەن ئاتا – ئانىلارنى تۈرمىلەرگە تاشلايدۇ. ھەي، ئۇيغۇر تاڭ، ۋاڭ ئىسىملىك بۇ مەخلۇقلار خىتايغۇ، خىتايغۇ، بەربىر خىتايغۇ! تېخىچە ئۇنىڭ خىتاي ئىكەنلىكىنى بىلمىدىڭمۇ، ئۇيغۇر! خىتايىنى، خىتاي دەپ، تونۇيالمىدىڭمۇ ئايۇپ شاڭجاڭ! ئۇيغۇر ئۆزۈڭنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن، يوق؟ تەبىئەت ساڭا بەرگەن ئۆزۈڭنى قوغداش ھوقۇقىنى بىلەمسەن، يوق؟ نېمە قىلىش كېرەك؟

تۆمۈر خەلپە رەھبەرلىكىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئۇيغۇرلار قايسى ئۇيغۇرلار ئىدى؟ غېنى باتۇر رەھبەرلىكىدە نىلقا ناھىيىلىك گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسىنى كۇكۇم تالقان قىلغان ئۇيغۇرلار قايسى ئۇيغۇرلار ئىدى؟ 1990 – يىلى بارىندا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئۇيغۇرلار قايسى ئۇيغۇرلار ئىدى؟ 1997 – يىلى ئىلى ئۆلكىسىدە لوزۇنكا كۆتۈرۈپ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغان ئۇيغۇرلار قايسى ئۇيغۇرلار ئىدى؟ 1998 – يىلى ئاقسۇ شەھەر يار تۈپىسىدە خىتاي ساقچىلىرىغا قارشى قوراللىق ئېلىشقان ئۇيغۇرلار قايسى ئۇيغۇرلار ئىدى؟ ئەمدى بۈگۈن بالاغەتكە يەتمىگەن ئوغۇللىرى ۋە قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا سېتىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرىگە گەپ قىلالماي قاراپ تۇرغان ئۇيغۇرلار قايسى ئۇيغۇرلار بولۇپ قالدى؟ خىتاينىڭ يالغان – ياۋىداق تەشۋىقاتىنى چۈشەنگۈدەك

ئەقىل بولمىدى ئۇيغۇردا. قۇرئان كەرىم ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلمىدى ئۇيغۇر ياكى ئىلىم – پەنگە يۈرۈش قىلمىدى ئۇيغۇر! ساۋاتسىزلىق، ئاڭسىزلىق بۇ مىللەت ئۇيغۇرنى قارام مىللەتكە ئايلاندۇرىدۇ، قاراملىق بۇ مىللەتنى باتۇر مىللەتكە ئايلاندۇرىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن، كەم ئويلاپتىمەن، خام ئويلاپتىمەن، مەندەك ئويلىغان باشقا ۋەتەنداشلىرىممۇ كەم ئويلاپتۇ، خام ئويلاپتۇ، ھالىڭغا ۋاي، ئۇيغۇر!

2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 25 – كۈنى

**جۇڭگودا ۋەزىيەت كەسكىنلەشتى، ۋاڭ لىچۈەن غالجىرلاشتى**

ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇراسىمىنىڭ ۋاقتى قىستاپ كەلدى. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق بويىچە تەلەپچان بېسىمى جۇڭگو بۇ دۆلەتنى قورشاپ كەلدى. جۇڭگودا ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ پۇقرالارنىڭ ئويغۇنىشى، خەلق ھوقۇقنى قوغداش ھەرىكەتلىرى، نامائىشلار ۋە ساقچىلار بىلەن پۇقرالارنىڭ توقۇنۇشىغا باغلىق ۋەزىيەتنىڭ خاراكتېرى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ، جۇڭگودا كوممۇنىستىك پارتىيە مەۋجۇتلۇقىنىڭ، كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇشىنىڭ قانۇنسىزلىقى پۇقرالارنىڭ ئېڭىدا، تونۇشىدا كۈنسايىن ئايدىڭلىشىشقا باشلىدى. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قويىنىغا كىرىپ بولغان جۇڭگو خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن بۈگۈن جىددى ئۆزگۈرۈشنىڭ ئاچا يولىغا كىلىپ قالدى. شياڭگاڭ «يۈزلىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 5 – سانىدا مۇنداق بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. 5 – ئاينىڭ 3 – كۈنى مەركىزى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئۇنىۋېرسال تېزگىنلەش كومىتېتىنىڭ، مەملىكەتلىك ساقچى مىنىستىرلىكى يىغىنىدا، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى مەزگىلىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 41 رايوندا، 48 قېتىم زور كۆلەملىك نامايىش پارتىلدى، دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقى يۇقىرىقى ماقالىدا قەيت قىلىندى. ئىش تاشلاش، كوچ كۆرسىتىش، يىغىلىش، ساقچىلار بىلەن پۇقرالار

ئوتتۇرىسىدا قانلىق توقۇنۇش، ھۆكۈمەتكە قارشى نارازىلىق ۋە نامايىشلارغا جەمئىي 400 مىڭ ئادەم قاتناشقانلىقى ئېتىراپ قىلىندى. نامايىش يۈز بەرگەن رايونلار شىجاجۇۋاڭ شەھىرى، داتۇڭ شەھىرى، ئىچكى مۇڭغۇل باۋت شەھىرى، خېنەن يىگدىشەن شەھىرى، شۈيچاڭ رايونى، نەنياڭ رايونى، لياۋنىڭ ئەنشەن شەھىرى، خۇنەن چاڭسا شەھىرى، سەندۇڭ جىنەن شەھىرى، گۇۋاڭدۇڭ شىنجىن شەھىرى قاتارلىق شەھەر، ناھىيىلەردە زور كۆلەملىك نامايىش ۋە ساقچىلار بىلەن توقۇنۇشلار يۈز بەردى.
ئەپسۇسكى مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا نە تۇرپان شەھىرى، نە قەشقەر شەھىرى، نە ئۈرۈمچى شەھەرلىرى نامايىش ئارقىلىق يۇقىرىقى سەپكە قوشۇلالمىدى. چۈنكى ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى، دادۈيجاڭ ساتتا قارى پىلانلىق تۇغۇت خادىمى ئايشەم قارىلار مۆتىۋەللى ئاخۇنۇملار يېزا – يېزىلاردا، كەنت – كەنتلەردە ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتاي شىركەتلىرىگە، خىتاي ئادەم بىدىكلىرىگە سېتىپ بېرىشكە بەنت بولۇپ كەتكەنتى.
تەيۋەن مەركىزى ئاخبارات ئاگىنتلىقىنىڭ مۇخبىرى لىن يۈ گو 6 – ئاينىڭ 15 – كۈنى شياڭگاڭدىن تارقاتقان خەۋەرگە ئاساسلىنىپ، خەۋەر تارقاتقان بۈيۈك ئىرا تور بېتى 6 – ئاينىڭ 15 – كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى: مەنپەئەت قىزىقتۇرۇشى ئارقىلىق جۇڭگودا ئادەم بىدىكلىرى گۇرۇھى تورلاشتى، كۆلەملەشتى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان باللارنىڭ سانى شىددەت بىلەن كۆپەيدى. «ئادەم گۆشى توشۇش ھالقىلىرى»دا قۇل قىلىنغان ئادەملەر. ئادەتتە پويىز ئىستانسىسى، ئاپتوبۇس بېكەتلىرى ئارقىلىق توشۇلۇپ كەلمەكتە. ئادەم بىدىكلىرى ۋاڭ لېچۇەن، شىداگاڭ گۇرۇھىمۇ تورلاشتى، كۆلەملەشتى. مەزكۇر رادىئونىڭ مۇخبىرى 2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 22 – كۈنى مۇنداق خەۋەر قىلدى: تەگرىتاغ تور بېتىنىڭ خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا 2004 - يىلى 2 – ئايدىن باشلاپ قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىنلا خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئىشلەمچىلىككە

يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇرلار 194 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن. قېتىم دېگەن نېمە؟ باردى – كەلدى دېگەنلىكتۇر.
ئۇنداقتا، ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇرلاردىن ئۇيغۇرىستانغا قايتىپ كەلگەن قانچىسى بار؟ 2007 – يىلى بىرىنچى پەسىلدىلا مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندىن خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 100 مىڭدىن ئاشتى.
كىمنى، نېمە ھادىسىنى يەنە نېمىگە ئوخشاتسام بولار؟ ۋەزىيەت ئالدىدا ۋاڭ لېچۈەن خۇددى يوقۇتۇپ غالجىرلاشتى. ئۇيغۇرلارنى يۆتكەپ يوقۇتۇشتىن باشقا قىلىدىغان ئىشى قالمىدى.
ئۇيغۇرلارچۇ؟ ۋەزىيەت ئالدىدا تېخىمۇ بىخۇتلاشتى. تېخىمۇ تۇخا يۈرەك بولۇپ كەتتى. ئۇيغۇرلار خۇددى قۇزىسىنى بۆرە يەپ تۇگەتكۈچە مەرەپ قاراپ تۇرغان ساغلىقىقا ئوخشاپ قالدى. خۇددى خىتاي كۆچمەنلىرى كۈچۈكلىرىنى قولتۇقلاپ ئېلىپ كەتكەندە، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ قاراپ قالغان قانجىققا ئوخشاپ قالدى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ خىتاي كۆچمەنلىرى ئۇيغۇر قىزلىرىنى، ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنى، ئىچكىرى خىتايغا شۇنداق يۆتكەپ كەتتى، ئۇيغۇرلار شۇنداق قاراپ قالدى....!

2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 27 – كۈنى

## يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىق، كاززاپلىق ۋە ساختىپەزلىك

2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 27 – كۈنى بوشۇن تور بېتىنىڭ مۇخبىرى يۈ چىڭيۇ: راست سۆزلەش مەسلىسىنىڭ جۇڭگودا ئاخبارت – خەۋەرلەرگە ئايلىنىپ قېلىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ، ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا 2005 – يىلى 10 – ئاينىڭ 17 – كۈنى يازغۇچى باجىن ئۆلگەندە، مەتبۇئات ساھەسى ئۇنىڭ ھاياتىنى خاتىرىلىگەندە، يېزىلغان ماقالىلاردا باجىننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى ئۈستىدە توختالماي، ئۇنىڭ راست سۆزلەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكى ئۈستىدە كۆپ توختالغان ئىدى، دەپ باشلاپ ماقالە

يازغان. مۇخبىر يوچىڭ يۇ: يەر شارىدا بىرنەچچە مىڭ مىللەت، بىرنەچچە يۈز دۆلەت بار. بۇ مىللەتلەر ياكى دۆلەتلەر خىلمۇخىل مەدەنىيەت ۋە خىلمۇخىل ئۆرپ – ئادەتلەرگە ئىگە بولسىمۇ، مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر تەن ئالغان ئاددىي ساۋات، راست سۆزلەش، ھەممىگە ئورتاق ئىدى. بىراق، بۈگۈن جۇڭگودا راست سۆزلەش ئاخبارات ۋە خەۋەر قىممىتىگە ئىگە بولۇپ قالدى، دەيدۇ. راست سۆزلەش جۇڭگودا نېمە ئۈچۈن ئاخبارات ۋە خەۋەر قىممىتىگە ئايلىنىپ قالدۇ؟ چۈنكى، كوممۇنىست خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى جۇڭگودا تىكلەنگەن كۈندىن باشلاپ، يالغانچىلىق، يالغان سۆزلەش پۈتۈن جۇڭگودا ھۆكۈمران ئىدىيە بولۇپ تىكلەندى.

ئۇنىڭدىن ئاۋۋىلمۇ كونا جۇڭگودا يالغان سۆزلەش، كاززاپلىق، ساختىپەزلىك ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان بىر ئەنئەنە ئىدى. مەسلەن، مۇخبىر يوچىڭ يۇ: جۇڭگونىڭ داڭلىق يازغۇچىسى لۇشۈن مۇستەبىتىزىمگە، ساختىپەزلىككە، كۆز بويامچىلىققا، ئالدامچىلىققا قارشى تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى قوللىغان ئىدى، دەپ كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، كاززاپلىق، ساختىپەزلىك، كۆز بويامچىلىق، خۇپسەنلىك، هارامزادىلىك، هىلىگەرلىك، خۇمپەرلىك قوشۇمچە مەدەنىيەتسىز ۋەھشىلىك ئۆزگەرمەيدىغان هادىسە سۈپىتىدە جۇڭگولۇقنىڭ ۋە كوممۇنىست خىتايلارنىڭ ئەخلاق ئەنئەنىسى بولۇپ كەلدى.

قايتىپ كېلەيلۇق. خىتاي مۇستەملىكچىلىرى «ئۇيغۇرلارنى بېيىشقا يېتەكلەش» دەيدىغان ئالدامچىلىقنى، ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىش دەيدىغان خىتايچە ساختىپەزلىك بىلەن ئىشقا ئاشۇرىمىز، دېيىشتى. «ئۇيغۇرلارنى بېيىشقا يېتەكلەش» دەيدىغان يالغانچىلىقنى، مەتبۇئات ساھەسىدە «ئۇيغۇر قىزلىرى ئىچكىرى خىتايدا 5 مىڭ يۈەن مائاش ئالدى» دەيدىغان كاززاپلىق بىلەن تەشۋىق قىلدى. ئۆچكە سويۇپ زىياپەت بەرگەن كامىرا كۆرۈنۈشلىرىنى ياساپ چىقىپ

ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئالدىماقچى بولدى. بۇ قىلمىش ھەرىكەت جەھەتتە ساختىپەزلىك، ئىدىيىۋى قىلمىش جەھەتتە يالغانچىلىق، كۆز بويامچىلىق ئىدى. ئالىنۇرغا ئوخشاش ۋىجدانىنى، ئار – نومۇسىنى ختاي كوممۇنىستلىرىغا پۇلغا سېتىپ بەرگەن مۇخبىرلار، ختاي رەڭۋازلىقى، ختاي ئالدامچىلىقىنى ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق بازارغا سېلىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئۇيغۇر قىزلىرى 5 مىڭ يۈەن مائاش ئالدى، دەپ ئىقتىساد گېزىتىگە ئىنشا يازدى. ئۇيغۇرنىڭ ھازىرقى ئەۋلادى ئاتا – ئانىلىرى ياشىغاندەك ياشاشنى خالىمىدى دەپ، شىنجاڭ گېزىتىگە يېزىلغان ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنى ئىككى تەرەپلىملىككە ئىگە ئىدى. ئۇيغۇرنىڭ ئاتا – بوۋىسىدەك ياشاشنى خالىمىغانلىقى ھەرگىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرى ختايغا يۆتكۈلۈپ كېتىشنى خالىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شىنجاڭ گېزىتىگە يېزىلىۋاتقان ماقالىلەرنىڭ يەنە بىر خىل مەزمۇنى شۇ ئىدىكى، ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن ئاتا – بوۋىلىرى ياشىغاندەك ياشاشنى خالىمىدى. سۇتۇق بۇغراخاندەك، ئابدىرىشىت خاندەك دۆلەت قۇرۇپ ياشاش يولىنى تاللىۋالمىدى. سادىر پالۋاندەك، ئاخۇنۇپ، مىجىت باھادىردەك قانلىق كۈرەش ئىچىدە ياشاش يولىنىمۇ تاللىۋالمىدى. ئۇيغۇرنىڭ قاچاندۇ بىر چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيانى خاقانىيە تىلىدا سۆزلەتكەن، يېقىن شەرقنى قەشقەرىيە تىلىدا سۆزلەتكەن ئەجدادلىرى بار ئىدى. شۇ ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادى ئۇيغۇرنىڭ بەرنا قىزلىرىنى، رەيھانلىرىنى، دىلبەرلىرىنى، ئۇيغۇر گۈزەللىرىنى ئىچكىرى ختايغا جىنسى قۇللۇققا سېتىپ بەرمەكتە. بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار خورلۇق ئىچىدە ئۆلۈۋېلىشنىڭ يولىنى تاللىۋالمىدى بەلكى خورلۇق ئىچىدە ياشاشنىڭ يولىنى تاللىۋالدى. ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى سەئىد پەيياز مەخمۇت دېگەن كىشى ھالاكەتكە يۈزلەنگەن مىللەتنى خۇدامۇ قۇتقۇزالمايدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. سېنى كىم قۇتقۇزۇپ قالىدۇ ئۇيغۇر! ئۇيغۇرنى ئۇيغۇردىن باشقا ھەرقانداق كىشى قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ، ئۇيغۇر! ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە ئۆزى كۆڭۈل بۆلگەندە ئاندىن باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيدۇ.

2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 1 – كۈنى

## جۇڭگودا سىياسەتنىڭ كۈچى قالمىدى، قانۇنلۇق تېررورىستلار باش كۆتۈردى

خۇۋاشا تور بېتى 2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 22 – كۈنى يازغۇچى لىۋ شەن يىڭنىڭ «سىياسەت كۈچىنى يوقاتتى، تېررورىستلار باش كۆتۈردى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىنى ئېلان قىلىندى. ئەمەلىيەت شۇنداق ئىدى. جۇڭگودا سىياسەتنىڭ كۈچتىن قېلىشى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىگە يەتتى. بۇنىڭ كەينىدىن پۈلنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ھەرىكەتلىنىدىغان جەمئىيەت بارلىققا كەلدى، دەپ كۆرسەتتى يازغۇچى. جۇڭگودا سىياسەت خىلمۇخىل توسالغۇلارغا دۇچ كەلدى. شەنشىدە ئوتتۇرىغا چىققان قارا خۇمدان ۋەقەسى، خېبېنىڭ تاڭشەن شەھىرىدە قاراقۇللارنىڭ يەنى قانۇنلۇق تېررورىستلارنىڭ بىرونۇېك ھەربىي ماشىنىلار بىلەن قوراللانغانلىقى ۋە 8 يۈز مىليون يۈەننى قاقتى – سوقتى قىلغانلىقى، مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا ۋاڭ لېچۈەن، شىداڭاڭ قاتارلىق كۆچمەن خىتايلارنىڭ ھوقۇققا تايىنىپ، ئۇيغۇر ئوغۇل – قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتاينىڭ قارا قوللىرىغا قۇل ئورنىدا سېتىپ، مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاننى قۇل بازىرىغا ئايلاندۇرغانلىقى جۇڭگودا، يەرلىك ئورگانلاردا ۋە بەزى تارماقلاردا سىياسەتنىڭ كۈچىنى يوقاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. جۇڭگودا سىياسەتنىڭ كۈچتىن قالغانلىقى قاتلاملىق مەنىگە ئىگە ئىدى. ھوقۇق ۋە سىياسەتنىڭ تارماقلار ئارا تەقسىم قىلىنىشى، مەركەزنىڭ ھەرقايسى تارماقلار، يەرلىكلەر ۋە ئۆلكىلەر ئارا ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەت مۇناسىۋەتلىرىنى تەرتىپكە سالالماسلىقى، سىياسەت كۈچتىن قالغانلىقىنىڭ بىۋاستە ئىپادىسى ئىدى. جۇڭگودا بار كۈچ بىلەن چەكلەش لېكىن چەكلەنگەن ھادىسىلەرنىڭ يەنە داۋاملىق يۈز بېرىشى، بۇيرۇق چۈشۈرۈش لېكىن ھەرىكەتكە كەلتۈرەلمەسلىك بۈگۈن مەركىزى

ھۆكۈمەت بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ دائىمى ھالىتىگە ئايلاندى. قانۇن ۋە سىياسەت يەرلىك ھاكىمىيەتلەردە ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان باشقا بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. قارا خۇمدان ۋەقەسى يازغۇچى لىۋ شەن يىگىنىڭ نەزىرىدە، ئۇيغۇر قىزلىرىنى، ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنى قۇل قىلىپ سېتىش كەمىنە ئوبزورچىنىڭ نەزىرىدە رېئال دۇنيانىڭ دەۋزىخىدەك ئېچىنىشلىق مەنزىرە پەيدا قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار قۇللۇق تۈزۈم توغرىسىدا ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ بېرىشكە تېگىشلىك جانلىق ماتېرىيالغا ئايلىنىپ قالدى. جۇڭگودا سىياسەتنى كۈچتىن قالدۇرغدان كىشلەر دەل ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى، ھوقۇق قاتلىمىدىكى كىشلەر بولۇپ، بۇ كىشلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا «قانۇنلۇق تېررورىستلار» يۇقىرىقى ئاقىۋەتنىڭ مۇقەررەر بەلگى ئاخىرقى چەككە يېتىپ كېلىشى ۋە ئاخىرقى شەكىلدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ قالدى. قارا خۇمدان ۋەقەسى يەرلىك ھۆكۈمەتلەردە قانۇنلۇق ئىدى، ئۇيغۇرلارنى قۇل قىلىپ سېتىش ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قانۇننىڭ سىرتىدىكى ئىش بولسا، ئۇيغۇرلارنى قۇل قىلىپ سېتىش خىتايلار ئۈچۈن ئېتىقاندا مەيلى يەرلىكتە بولسۇن، مەيلى مەركەزدە بولسۇن، قانۇنلۇق بولسۇن ياكى قانۇنلۇق بولمىسۇن خىتايلارنىڭ ئورتاق مەقسىتى – ئۇيغۇرلارنى مىللەت ئورنىدا يوقۇتۇش مەقسىتىگە ئۇيغۇن ۋەقە ئىدى. ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئاتالمىش ماركسىزىملىق مىللى مەسىلە، ماركسىزىملىق مىللى سىياسەت مەۋجۇت بولماي قالدى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاتالمىش مىللى سىياستى ۋە مىللى مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت بولماي قالدى. سوتسىيالىزىم دەۋرىدىكى مىللى مەسىلە ياكى كاپىتالىزىم دەۋرىدىكى مىللى مەسىلىمۇ مەۋجۇت بولماي قالدى. پەقەت ئىپتىدائى دۋىرلەردىكىدەك غالىپ كەلگۈچىلەر خۇجايىن بولىدىغان، مەغلۇپ بولغۇچىلار قۇل بولىدىغان ئىپتىدائى قۇللۇق دەۋر، مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا 21 – ئەسىردە مەيدانغا كەلدى. خىتاي

كۆچمەنلىرى خوجايىن بولدى ۋەتەنىنىڭ ئىگىسى ئۇيغۇرلار قولدىن – قولغا ئېلىپ سېتىشقا بولىدىغان قۇللارغا ئايلىنىپ قالدى.

2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 5 – كۈنى

## شامىن ۋەقەسىدىن جۇڭگودا پۇقرالار ئېڭىنىڭ ئويغۇنىشىغا بىر نەزەر

2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 1 – كۈنى جۇڭگونىڭ شامىن شەھرىدە بىر مىليون كىشىلىك نامايىش پارتلىغان بولدى. تەيۋەن شىركەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، شامىن شەھرىدە خىمىيە زاۋۇتى قۇرماقچى بولغان مەنپەئەت گۇرۇھلىرى، خەلقنىڭ نامايىشىدىن قورقۇپ قۇرۇلۇشنى توختۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. 2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 5 – كۈنى بوشۇن تور بېتىگە ماقالە يازغۇچى جاۋداگۇڭ ئەپەندى: پۇقرالارنىڭ كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ سىياسى ئارزۇلىرىنى ئىپادىلىشى بۇ، پۇقرالار جەمئىيتى پۇقرالىرىنىڭ هوقۇقىدۇر، دەپ كۆرسەتتى.
4 – ئىيۇن تيەنئەنمىن ۋەقەسىدىن كېيىن خىتاي كوممۇنىستلار هۆكۈمىتى، نامايىشچىلارنىڭ مۇستەبىت سىياسى هاكىمىيىتىنىڭ سىياسى قۇرۇلمىسىنى تەۋرىتىپ تاشلىشىدىن ئەنسىرەپ 1989 – يىلى 10 – ئاينىڭ 31 – كۈنى نامايىش قانۇنى ماقۇللىغان ۋە قانۇن ئارقىلىق خەلقنىڭ نامايىشىنى چەكلىمەكچى بولغان ئىدى. بىراق، جۇڭگو پۇقرالىرى هۆكۈمرانلارنىڭ ۋەهشى هۆكۈمرانلىقىغا چىداپ تۇرالمىدى، ئادالەتسىزلىككە، هوقۇق بىلەن پۇل بىرلىشىپ كەتكەن هۆكۈمرانلىق قىلىش شەكلىگە چىداپ تۇرالمىغان جۇڭگو پۇقرالىرى، ئىستىخىيىلىك هالدا نامايىش تەشكىللەپ يېزىلاردىن شەهەرلەرگىچە نامايىش قىلىپ خەلق هوقۇقىنى تەلەپ قىلىشقا باشلىغاندا، هودۇقۇپ كەتكەن هاكىمىيەت ئەمەلدارلىرى گۇمران بولۇش تەهدىتى ۋە ئاخىرقى كۈنلەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى هېس قىلىشقا باشلىدى. 2005 – يىلى 4 – ئايدا

جىجياڭ ئۆلكىسى خۇۋا شۈجىن شەھرىدە تەبىئەت بۇلغىنىشىغا قارشى زور كۆلەملىك نامايىش پارتلاپ ختاي كوممۇنىستلىرى رەھىمسىز باستۇرغان.
يۇقىرىلار ئۆلۈمدىن قورقمىغاندا ھۆكۈمەت ۋە ئەمەلدارلار نېمە قىلالىشى مۇمكىن. ئۆلۈمدىن قورقماسلىق روھى ياشاش مۇمكىنلىكىدىن ئايرىلىپ قالغان يۇقىرىلارنىڭ جاسارىتىدىن كەلگەن بولامدۇ؟ يۇقىرىلارنىڭ ياشاش مۇمكىنلىكىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ سىياسەتلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولامدۇ؟ شامىن خەلقى قانۇن دېگەن نەرسىدىن قورقمىدى. چۈنكى، قانۇن تۈزگەن كوممۇنىستلار ئۆزلىرى قانۇنغا ئەمەل قىلمىدى. شامىن شەھەر خەلقى قولغا ئېلىنىشتىن، تۈرمىدە ئولتۇرۇشتىن قورقمىدى، ئەكسىچە شامىن شەھەرلىك ھۆكۈمەت يۇقىرىلارنىڭ نامايىشىدىن قورقتى. زاۋۇت قۇرۇشنى، مۇھىت بۇلغاشنى توختۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. يازغۇچى جاۋداگۇڭ: ھۆكۈمەتنىڭ زوراۋانلىقى خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان — زەخمەت يەتكۈزگەندە، ھەتتا خەلقنىڭ ھاياتىغا تەھدىت پەيدا قىلغاندا، كىشىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى تەپ — تارتماستىن دەپسەندە قىلغاندا، ئەگەر خەلق داۋاملىق سەبر — تاقەت قىلىپ يۈرىۋېرىدىغان بولسا، نېمە قىلىمەن، دېسە ھۆكۈمەتنىڭ شۇنداق قىلىشىغا قاراپ تۇرىۋېرىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ھۆكۈمەت كىشىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىۋېرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە خەلق قوزغۇلۇپ نامايىش ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسىتىدىغان بولسا، ھۆكۈمەت يول قويۇشقا، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.
شامىن شەھەر خەلقى نامايىش قىلدى. پەقەت ئۇلار ياشاۋاتقان مۇھىتنى بۇلغاش تەھدىتىگە قارشى نامايىش قىلدى. مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىغا، جېنىغا تەھدىت يېتىپ كەلدى. ئۇيغۇر قىزلىرىنى، ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنى ئىچكىرى ختايغا مەجبۇرى ئېلىپ كەتتى. جانغا كەلگەن تەھدىت ئالدىدا ئۇيغۇرلار ئېسەنكىمىدى، ئويغانمىدى، ھەتتا

ئۆزىنىڭ جېنىنى قوغداپ قېلىشمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىدى. بۇ ئۇيغۇرلار قانداق مىللەت؟ شامىن شەھىرىنىڭ پۇقرالىرى قانداق مىللەت؟ بۇ مىللەتنىڭ بىرسى ئۆزىنىڭ جېنىنىمۇ قوغداپ قالالمايدۇ، بۇ مىللەتنىڭ يەنە بىرسى ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، خەلق ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، مۇھىت بۇلغۇنىشقا قارشى كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر بۇ مىللەت پاراغەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ يېتىپتۇ.

سىياسى مەقسەتتىن يىراق تۇرغان غەرەزسىز شەخسىيەتچىلىك، ئۆز ھوقۇقلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقى، ئادالەت تۇيغۇسىنىڭ كەم بولۇشى ياكى ئادالەت تۇيغۇسىدىن پايدىلىنىپ سۆز قىلىش جاسارىتىنىڭ كەم بولۇشى قىسقىسى ھەربىر كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك پۇقرالار ئېڭىنىڭ، مىللى ئاڭنىڭ كەم بولۇشى ئۇيغۇر بۇ مىللەتنى تامامەن ماڭقۇرت مىللەتكە ئايلاندۇرۇپ، ھاياتلىق بىلەن جىم ھالەتتە ھالاك بولۇشنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىستاپ قويىدى.

2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 9 – كۈنى

## ئولىمپىك مۇراسىمى ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر

قارا خۇمدان ۋەقەسى؛ بالا قۇللار مەسىلىسى؛ ئۆتكۈرلىشىۋاتقان مىللى زىددىيەتلەر، دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە زىيانكەشلىك قىلىش، خەلق ھوقۇقىنى قوغدىغۇچىلارنى قولغا ئېلىش، جۇڭگودا ياسالغان مەھسۇلاتلارنىڭ پۈتۈن دۇنيادا يىرگىنىش پەيدا قىلىشى، ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگ يۆتكەپ كېتىش، دارفۇر مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئالدىدا خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى ئاۋارىچىلىق ھېس قىلىشقا باشلىدى. بىرنەچچە يىللار ئىلگىرى جۇڭگو ئوبرازىنىڭ چەت ئەللەردە قانداق تەسىر پەيدا قىلىشىغا چۆچۈپ تۇرۇپ مۇئامىلە

قىلدىغان خىتاي كوممۇنىستلىرى قورسىقى تويغاندىن كېيىن، خىيانەت قىلىش مەنبەئەلىرىگە، پارىخورلۇق، خىيانەت قىلىش ھوقۇقلىرىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ چەت ئەللەردىكى ئوبرازىنىڭ قانداق بولۇشىغا ئانچە پەرۋاقىلمايدىغان بولدى. لېكىن يېقىندىن بېرى ئولىمپىك مۇراسىمى قىستاپ كەلگەندىن كېيىن جۇڭگونىڭ چەت ئەللەردىكى ئورازىغا ئانچە – مۇنچە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى.

1936 – يىلى ئولىمپىك مۇراسىمى بېرلىندا ئۆتكۈزۈلگەندە يۈز بېرىپ، گۈزەللەشتۈرۈپ گېتلىرنى تىنچلىق ئەلچىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئارقىدىنلا گېتلىر 2 – دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىغان.

1980 – يىللاردا موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك مۇراسىمىنىڭ ئالدى – كەينىدە ۋاشىنگتۇن بىلەن موسكۋانىڭ مۇناسىۋەتلىرىدە، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ تۈسى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ كەتكەن. قارىغاندا بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك مۇراسىمى سىياسى ھەرىكەت يىغىنى بولۇپ قالىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ؛ قارىغاندا خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمتى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئۆتكىلىگە دۈچ كېلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئولىمپىك مۇراسىمنى سىياسىلەشتۈرۈۋەتكەن كىشلەر خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۆزى بولۇپ، يېقىنلاپ كەلگەنسېرى خىتاي كوممۇنىستلىرى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا جەمئىيەتنى كونترول قىلىشنى، ئۇيغۇر ئاھالىلەرنى تەقىپ قىلىشنى، گۇمانلىق ئادەملەرنى نازارەت قىلىشنى، ئېشىندى ئەمگەك كۈچلىرى نىقاۋىدا ئۇيغۇر قىزلىرىنى، ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىشنى، گۇناھسىز كىشىلەرگە جىنايەت ئارتىپ قانۇن بىلەن ئەمەس بەلكى ۋاقىتلىق سىياسەت بويىچە قاماق جازاسى ئېلان قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى. يالغان تەشۋىقات – تەرغىبات ئارقىلىق ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى قايمۇقتۇرۇشنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى. مۇشۇنداق چاغدا خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە تېخىمۇ جىددى كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. ئولىمپىك مۇراسىمىغا بىر يىل قالغان ۋاقىتقا

توغرىلاپ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 8 – ئاينىڭ 8 – كۈنى ۋاشىنگتوندا خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە قارشى زور كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزمەكچى بولدى. كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى مەنسىتمىگەن جۇڭگولۇقنىڭ پوزىتسىيىسىگە جاۋابەن ئارتىس ستىۋىن ئەپەندى، خۇجىنتاۋغا ئوچۇق خەت ئەۋەتىپ، سودانغا مۇناسىۋەتلىك جۇڭگو سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى، مىيا فاروۋ خانىم بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك مۇراسىمىنى «ئىرقى قىرغىنچىلىق مۇراسىمى» دەپ تەرىپلىدى. شۇنداق بىسىملار ئالدىدا خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى بەزى يول قويۇشلارنى بېجىرىشكە مەجبۇر بولۇشى مۇمكىن. كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت تىلەپ، خىتايدا كىشىلىك ھوقۇقنى ياخشىلاش بويىچە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىلەكداشمەن.

2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 12 – كۈنى

## جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي داۋالغۇش

جۇڭگوغا نەزەر تور بېتى 2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 26 – كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى: بېيجىڭدە جۇڭگو سودا – سانائەت بانكىسىنىڭ تىجارەت بۆلۈمىنىڭ ئالدىدا مىڭ كىشى قاتناشقان نامايىش بولۇپ ئۆتتى. بۇ كىشىلەر شۇنداق بانكىلاردىن قىسقارتىۋېتىلگەن كىشىلەر بولۇپ، نامايىش ئارقىلىق ئادالەت ۋە ئىش ھەققى تەلەپ قىلدى. 800 دىن ئارتۇق كىشى قولغا ئېلىنىپ ماجالۇ كەنتىگە ئېلىپ كېتىلدى. 2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 10 – كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ خىتاي بۆلۈمى مۇنداق خەۋەر قىلدى: سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ زىگۇڭ شەھىرىدە ساقچىلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا ئېغىر توقۇنۇش پارتلاپ 200 دىن ئارتۇق قوراللىق ساقچى داۋەن كەنتىگە بېسىپ كىردى، دېھقانلارنى ئۇردى

ئايالLارنى چېچىدىن سۆرەپ ماڭدى. جۇڭگوغا نەزەر تور بېتى 2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 10 – كۈنى مۇنداق خەۋەر قىلدى: ئولىمپىك مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە بىر يىل قالغاندا، جۇڭگودا يېڭى قۇرۇلغان «مەملىكەتلىك پۇقرالار ھوقۇقنى قوغداش، زوراۋانلىقا قارشى تۇرۇش بىرلىك سېپى»، «ئولىمپىك كېرەك ئەمەس، كىشىلىك ھوقۇق كېرەك» دەيدىغان ماۋزۇ ئاستىدا مىڭلىغان كىشىلەر ئىمزا قويۇش ھەرىكىتىنى تەشكىللىدى. جۇڭگوغا نەزەر تور بېتى 2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 11 – كۈنى شياڭگاڭدا قۇرۇلغان «جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق ئۇچۇر مەركىزى»نىڭ خەۋىرىدىن ستاتىستىكا كەلتۈرۈپ مۇنداق كۆرسەتتى: گۇۋاڭشى ئۆلكىسىنىڭ داخىۋا ناھىيە يەنتەيجىن شەھىرىدە زور كۆلەملىك نامايىش پارتلىدى. خەتەرلىك سىنىپلاردا ئوقۇۋاتقان 4 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ نامايىش قىلغان خەلق بىلەن ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى.

نامايىش توغرىسىدا خەۋەرلەر جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنمايدۇ، چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتى ئاممىۋى نامايىش قوزغالسا، بېسىقتۇرغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدە، ۋىلايەتلىرىدە يۈز بېرىۋاتقان ساقچىلار بىلەن پۇقرالارنىڭ توقۇنۇش ۋەقەلىرىدە، پۇقرالارنىڭ ئازچىلىقتىن كۆپچىلىك پۇقرالارنىڭ قاتنىششىغا تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتۈرسەك، بىۋاستە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان پۇقرالارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش سادالىرىغا قۇلاق سالغان كۆپچىلىك پۇقرالار ھەم بۇگۈنكى جۇڭگودا مەنپەئەت تەلەپلىرى دەخلى – تەرۇزغا ئۇچرىغان پۇقرالار ئىدى. چۈنكى ھۆكۈمەتنىڭ يۇمشاق ھوقۇقلاشتۇرۇلۇشى يەنى ئەمەلدارلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھوقۇققا ئارىلىشى ئالدىدا، پۇقرالارنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى مەنپەئەتلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى، ناھايىتى ئېنىقكى، كوممۇنىست رەھبەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي بايلىقنى خۇسۇسى ئىگىلىۋېلىشى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنداق ئەھۋالداپۇقرالار

هوقۇق ۋە قارشى تەرىپىدىكى ھاكىمىيەتنىڭ زەھەرخەندىلىكىنى تونۇپ يەتتى.
خىتاي كوممۇنىستلىرى «دۆلەتچىلىك» ئىدىيىلىرىگە ئىلمى چوقۇنماي ئەپسانىۋى چوقۇنۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ھەل قىلماقچى بولۇشتى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ئاھالىلەر يىللىق كىرىمىنىڭ مىڭ دوللار بىلەن 3 مىڭ دوللار ئارىلىقىدا تەۋرىنىپ تۇرۇشى سوتسىئولوگىيە ساھەسىدە «لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ خەتەرلىك رايونى» دەپ ئاتىلاتتى. مەسىلىلەر جۇڭگودا مۇۋاپىق ھەل قىلىنمايدىكەن، جۇڭگو ئىقتىسادى قانچە تېزلىك بىلەن تەرەققىي قىلغانغا ئوخشاش ھېلىقى خەتەرلىك رايوندا ئىقتىساد يەنە شۇنچە تېزلىك بىلەن چېكىنىشكە باشلايدۇ. ئاھالىلەرنىڭ يىللىق دارامىتى 3 مىڭ دوللارغا يەتمىگەن ئەھۋالدا ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە ئىجتىمائىي داۋالغۇش بىراقلا پارتلايدۇ. شۇڭا جۇڭگودا مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان نەرسە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئەمەس بەلكى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا كېرەك بولغان ئىجتىمائىي شەرتلەردۇر. بۈگۈنكى جۇڭگودا ئىجتىمائىي داۋالغۇشنىڭ ئومۇميۈزلۈك پارتلىشى ۋە ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ يەنە ئوخشاش سۈرئەت بىلەن چېكىنىشى بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى بولۇپلا قالدى خالاس.

2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 17 – كۈنى
**قىزىل رەڭنى تاشلىۋېتىپ قارا رەڭ بىلەن بويالغان سوتسىيالىزىم**

2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 30 – كۈنى «قىزى رەڭنى تاشلىۋېتىپ قارا رەڭ بىلەن بويالغان سوتسىيالىزىم» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا «كۈزۈتۈش» تور بېتىگە ماقالە يازغان ما جيەن ئەپەندى: شەنشى خۇڭدۇڭ ناھىيىلىك قارا خۇمدان زاۋۇتى، ھۆكۈمەتنىڭ قوغدىشى ئاستىدا قۇللار ئەمگەك قىلدىغان خۇمدانغا ئايلانغاندىن كېيىن، مەتبۇئاتنىڭ پاش

قىلىشى ئارقىلىق پۈتۈن جەمئىيەتكە ئاشكارىلاندى. 400 نەپەر ئاتا – ئانا يوقۇلۇپ كەتكەن، سىتىلىپ كەتكەن باللىرىنى قۇتۇلدۇرۇشقا نالەنامە يېزىپ تارقاتتى... بۇ قۇللارنىڭ ئىچىدە سەككىز ياشلىق باللار تىرىك كۆمۈۋېتىلدى، بەزى قۇللار توغراش ماشىنىسىدا توغرىۋېتىلدى... بۇ جىنايەت بۇ ناھىيىنىڭ تارىخى بولۇپ يېزىلدى، دەپ كۆرسەتتى. ھەر يەردە ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشنى توۋلاپ يۈرگەن بۇ جەمئىيەتتە، ئىنساننىڭ قەدىر – قىممىتى قېنى؟ ئاتا – ئانىلار، بالا – چاقىسىنى ئىزدىمەكتە. بۇ يولنىڭ چېكى نەدە... ئاتا - ئانىلار باللىرىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ بېرىڭلار، دەپ توۋلىماقتا، دەيدۇ ماجىيەن ئەپەندى. بۇ ئاتا – ئانىلار باللىرىنى تېپىپ كېلەلىشى مۇمكىن ئىدى، بىراق، ساقچىلار بۇ ئاتا – ئانىلارغا يول خېتى، قارا خۇمدانغا كىرىپ ئادەم ئىزلەشكە رۇخسەت قىلىش خېتى يېزىپ بېرىشى كېرەك ئىكەن. لېكىن ساقچىلار بۇ خۇمداننىڭ خوجايىنلىرىدىن قوغداش تاپاۋىتى تاپقاچقا، ئاتا – ئانىلارغا يول خېتى يېزىپ بەرمەيدىكەن. بۇ قانداق سوتسىيالىزىم؟ بۇ سوتسىيالىزىم، يۈزىگە ئۇيا – ئەڭلىك سۈرتۈپ كوممۇنىزىمنى ۋەدە قىلغان ھاكىمىيەت، ئەمدىلىكتە ئۇيا – ئەڭلىكنى يۇيۇۋېتىپ ئەسلىگە قايتىپ قارا يۈزلۈك تەبىئىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بىر ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىققان سوتسىيالىزىمدۇر. قارا خۇمدان خۇڭدۇڭ ناھىيىسىدىلا قۇرۇلۇپ قالماستىن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇرۇلغان قارا خۇمدان ئىدى، ئۆزىنى كوممۇنىست ئاتىۋالغان ھاكىمىيەت قەيەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسا شۇ يەردە قارا خۇمدان قۇرۇلغان ئىدى، دەيدۇ ماجىيەن ئەپەندى.

ماجىيەن ئەپەندى يەنە مۇنداق كۆرسەتتى: ئادەم بېدىكلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئادەم سودىسى كەسپى ئورگانلارغا ئىگە بولدى كەسپلەشى، ئەمگەككە تونۇشتۇرۇش ئورگانلىرىدا، ئەمگەك ۋە خىزمەتنى نازارەت قىلىش ئورگانلىرىدا دۆلەتنىڭ كادىرلىرى ئوخشاشلا ئەمگەك كۈچلىرىنى سېتىش بىلەن شۇغۇللانماقتا.

قايتىپ كېلەيلۇق، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ 85 ناھىيىسىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىلىرى قۇرۇلدى. ئەسلى يوق ۋىجدانىنى، ئەسلى يوق ئار – نومۇسنى، ئەسلى يوق ئادەم تەبىئىتىنى خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىگە، تىجىمەل خىتاي سېكرىتارلارغا ئەمەل ئۈچۈن سېتىۋەتكەن. ئۇيغۇر تىللىق دادۇيجاڭلار، شاۋ دۇيجاڭلار ئۇيغۇر قىزلىرىنى، ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنى، سېكرىتار خىتايلارغا سېتىپ بەرمەكتە. شىداگاڭدەك كۆچمەن خىتايلار بۇ ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى خىتايغا خۇمدانلارغا، خاڭلارغا سېتىپ بەرمەكتە. ماجيەن ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە قارا خۇمدانلاردا پاھىشە خانىلارمۇ قۇرۇلغان ئىمىش.
ئۇيغۇر قىز ئانا، دەپ يىغلىدى، ئاناڭ بارمىدى سېنىڭ؟ ئاناڭ بولسا سېنى قۇتقۇزۇپ قالماسمىدى؟ ئۇيغۇر ئوغۇل دادا، دەپ يىغلىدى، داداڭ بارمىدى سېنىڭ؟ داداڭ بولسا سېنى قۇتقۇزۇپ قالماسمىدى؟ بۇ ئۇيغۇرلار ئاكا، دەپ يىغلىدى، ئاكاڭ بارمىدى سېنىڭ؟ ئەركەك ئاكاڭ بولسا سېنى قۇتقۇزۇپ قالماسمىدى؟ ئەگەر بۇ مىللەت ئەركەك مىللەت بولغان بولسا ئۆزىنىڭ ئوغۇل – قىز پەرزەنتلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالماسمىدى؟
57 يىل خىتاي كۆچمەنلىرىگە قۇل بولۇپ ئىشلىگەن ئۇيغۇرلارنى ئەمما، ئېلىش سېتىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ھەر كىمنىڭ ! ئەمدى ئۇيغۇرلار ئېلىشقا – سېتىشقا بولىدىغان قۇللارغا ئايلاندى. قۇلدارلىق جەمئىيەتتە، قۇللار بىلەن قۇلدارلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىدە، قۇللارنىڭ نەسىل قالدۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنىپتى. ئەپسۇسكى 21 – ئەسىردە ئۇيغۇر قۇللار جەمئىيىتىدە ئۇيغۇر قۇللارنىڭ نەسىل قالدۇرۇش ھوقۇقى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستى بىلەن چەكلەندى. ئاللاھ ئۇيغۇرلارغا بەخشەندە قىلىپ بەرگەن بۇ تۇپراقنىڭ ئۈستىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرە – تۆپە مېڭىپ يۈرۈشىگىمۇ رۇخسەت يوق، يوقۇتۇش كېرەك بولدى!
ئۇيغۇرلارنى يوقۇتۇش بۈگۈنكى كۈندە خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ كۈندىلىك ئىش تەرتىپىگە ئايلاندى.

2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 22 – كۈنى

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم كۈچار خەلقى!**

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئوتْ قولۇم كۆكسۈمدە سالام ساڭا كۈچار خەلقى! ئۇيغۇرنىڭ مۇتەپەككۇرى، پەيلاسوپى مەۋلانە ئەرشىدىننىڭ ئەۋلادى، پەيلاسوپ شائىر موللا شاكىرنىڭ ئەۋلادى، چىن يۈرەكتىن سالام ساڭا كۈچار خەلقى! ساخاۋەت بابىدا ئادەمگەرچىلىكنىڭ ، مىللى خورلۇق ئالدىدا باتۇرلۇقنىڭ، مىللى ھاقارەت ئالدىدا غەزەپ – نەپرەتنىڭ كۈچىنى كۆرسەتكەن كۈچار خەلقى! ئالالاھ، ساڭا يار بولسۇن! قارشىلىق كۆرسىتىش، كۈچ كۆرسىتىش، مىللەت سۈپىتىدە مىللەتنىڭ كىملىكىنى ئىسپاتلاش جەڭگىۋار كۈرەشلەردە مۇنتىزىم نامايىش سەپلىرىدە مىللەتنىڭ قانداق مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش دۇنيا تارىخىنىڭ مىللى ئازادلىق ھەرىكەتلىرىدە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ كەلگەن مىللەتنىڭ ئومۇمى كوللېكتىپىنى  ئويغاتقۇچى كۈچ، مىللەتنىڭ ئومۇمى كوللېكتىپىنى ئىتتىپاقلاشتۇرغۇچى كۈچ بولۇپ كەلگەن. كۈرەشچان تارىخى ھاياتىنىڭ ئېغىر دەملىرىدە يۇقىرىقى تەمسىلنى ئەمەلىيىتىڭ بىلەن كۆرسەتتىڭ كۈچار خەلقى!

ئۇيغۇرلار قايسى بىر خۇنەنلىك خىتاينى ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستانغا چاقىرىپ كەلمىگەن، ئەپسۇسكى خۇنەنلىك، سىچۇەنلىك خىتايلار 1949 – يىلى ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. خىتايلار ئۇيغۇرىستاننىڭ يايلاق، ئېتىز – ئېرىق، سۇ، مەنبەلىرىنى ئىگەللىدى. ئۇيغۇر دېھقانچىلىقىنى غەيرى بىر ئىشلەپچىقىرىش ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويدى. مۇقەددەس تىل، ئانا تىلىمىزنى ئۇيغۇرنىڭ تۇرمۇشى، ئۇيغۇرنىڭ زىكرىدىن يوقاتماقچى بولدى. ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى خىتاي كۆچمەنلىرى قۇل قىلدى. سىياسى جەھەتتە ھوقۇقسىزلىق، ئىقتىسادى جەھەتتە ئىزىلىش، زۇلۇم قىلىنىش ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى. زۇلۇم سېلىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ يېزىلاردا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى رەھىمسىز ئەزدى. خىتايلار

مەجبۇرى تېرىقچىلىقنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىكى تېرىقچىلىق ئادەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈملىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. خىتاينىڭ سانائەت تورلىرىغا پاختا كېرەك بولسا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى كېۋەز تېرىشقا مەجبۇرلىدى، خىتاينىڭ سانائەت تورلىرىغا يىپەك كېرەك بولسا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى پىلە بېقىشقا زورلىدى. تەۋەن خىتايلىرىغا بادام كېرەك بولسا يەركەن ۋىلايىتىنى بادامزارلىققا ئايلاندۇرماقچى بولدى. خىتاي كۆچمەنلىرىگە ئېتىز – ئېرىق كېرەك بولسا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە زورلىدى. خىتاي كۆچمەنلىرىگە نېفىت، تەبىئى گاز كېرەك بولسا ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى ئولتۇراقلاشقان زېمىنلىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى تاۋار سېتىش بازارلىرىنى مونوپوليە قىلىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىشلەپچىقارغان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا مەجبۇرى باھا قويدى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ماددى بايلىق، ئىقتىسادى قىممەت ياراتتى. لېكىن ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۆزىنىڭ ئادىمىلىك مەنىۋى قىممىتىنى يوقاتتى. خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ھاياتلىق كرىزىسى، ئەخلاق ۋەھىمىسى ئېلىپ كەلدى. دېھقانلار يوقسىزلىق، غەم – غۇسسە، ئەندىشە، ساراسىمە ئىچىدە ياشاپ كەلدى. ئەمدى بۈگۈن خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى بىر ئائىلىدىن بىر قىز ئېلىش سىياسى ئالۋىڭىنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ئېلىشقا سېتىشقا بولىدىغان قۇللارغا ئايلاندۇردى. خىتاي شىڭ شىسەينىڭ ئات ئالۋىڭىدىن، گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ ئاشلىق ئالۋىڭىدىن، كوممۇنىست خىتاينىڭ قىز ئالۋىڭى ئېشىپ چۈشسە چۈشتىكى كېمىپ قالمىدى. ھاياتلىقنى قوغداش، بىر مىللەتنىڭ، بىر ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوغداش بۈگۈن مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا بارلىق ئۇيغۇرغا پەرزى ئەيىن بولدى. بۇ ۋەتەن ئۇيغۇرنىڭ، ئۇيغۇر بىر مىللەت ئۇيغۇر بىر ئادەم، زۇلۇمغا، زوراۋانلىققا ماقۇل بولۇشنىڭ سەۋرى – تاقەتنىڭ چېكى بولىدۇ. كۈچار خەلقى بالا – چاقىسىنى قوغداپ قارشىلىق كۆرسۈتۈشتە باشلامچى بولدى. قىزلىرى

ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلگەن يوپۇرغا ناھىيىسىچۇ، قاغىلىق ناھىيىسىچۇ، توققۇزاق ناھىيىسىچۇ، يەكەن ناھىيىسى پوسكام ناھىيىسىچۇ، پەيزاۋات، قەشقەر شەھىرىچۇ؟ قۇمۇل، پىچان، تۇرپان ناھىيىلىرىچۇ؟ سىلەرگە بالا — چاقا كېرەك ئەمەسمىدى؟ كۆچار خەلقىنىڭ نامايىشى خىتاي ھۆكۈمىتى تۈزۈپ تارقاتقان ئاساسى قانۇنىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن، كۆچار خەلقىنىڭ قوزغۇلىڭى خىتاي ھۆكۈمىتى تۈزۈپ تارقاتقان نامايىش قىلىش قانۇنىڭ روھىغا ئۇيغۇن، ئادەم ئادەمدىن قورقمايدۇ. بەندە پەقەت ئاللاھتىن قورقىدۇ، خالاس.

2007 — يىلى 7 — ئاينىڭ 27 — كۈنى

## مەخپىيەتلىك ۋە ئاشكارىلاش

«بۈيۈك ئىرا تور بېتى» 2007 — يىل 7 — ئاينىڭ 24 — كۈنى «شاڭخەي شەرق دوختۇرخانىسى چەت ئەل تىببى ئورگانلىرىغا تىببى تەجرىبە ئۆتكۈزۈپ بەردى» ماۋزۇلۇق خەۋىرىدە مۇنداق كۆرسەتتى: جوجىنخۇا ئەر — ئايال 13 ياشلىق بالىسى جويىچىڭنىڭ بۇ دوختۇرخانىدا يۈرەك تەجرىبە ئوپېراتسىيىسىگە ماتېرىيال بولۇپ ئوپېراتسىيە قىلىنىپ بىر يىلدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا داۋا قىلىپ، دوختۇرخانىنىڭ 5.990694 پۇل تۆلەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. تور بېتى يەنە مۇنداق كۆرسەتتى: بۇنىڭدىن باشقا 2001 — يىلدىن 2005 — يىلغىچە بۇ دوختۇرخانىدا يۈرەك ئوپېراتسىيىسى بويىچە تەجرىبە — سىناق قىلىنغان توققۇز ئادەمنىڭ يەتتە نەپىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئىككى نەپەر ئادەمنىڭ سەزگۈدىن خالى دەلدۈشقا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى قەيت قىلدى. خەلقئارا قائىدىلەرگە ئاساسلانغاندا يېڭى دورا، يېڭى تىببى ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن ئاۋۋال كىچىك ھايۋانلار ئۈستىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ ھايۋانلار ئۈستىدە ئاندىن ئادەملەر ئۈستىدە تەجرىبە — سىناق ئېلىپ بېرىشقا،

ھەربىر باسقۇچتا زور كۆلەمدە ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ، مالىيە كۈچى سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن.
خۇش ۋەتەنداشلىرىم 2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 23 – كۈنى مەزكۇر رادىئونىڭ مۇخبىرى ھەقسىز تېلېفون لىنىيىسىدىن قوبۇل قىلغان خەۋەرنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا «خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرى قاتتىق نەزەربەنت ئاستىدا تۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق – تۇققانلىرىمۇ ئۇدۇل بىرىپ يوقلاپ كۆرۈشۈپ كېلەلمەيدىكەن...
ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىر ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدە ئاممىۋى تېلېفونخانىلاردىن سىرتقا تېلېفون قىلىشىمۇ ناھايىتى قىيىن بولۇپ قالدى... شۇنداق بۇ ئۇيغۇرلار جىنايەتچى ئۇيغۇرلار ئەمەس ئىدىغۇ؟ خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندىن يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرىنى نىمە ئىشقا ئىشلەتمەكچى، يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنى نىمە ئىشقا ئىشلەتمەكچى؟ قېنى ئۇيغۇر قىزلىرى، قېنى ئۇيغۇر ئەركەكلىرى؟ مەسلەن: بۇ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئىشلەيدىغان ئىچكىرى خىتايدىكى ئىش ئورنىنىڭ ئادرېسلىرى قېنى؟ نېمىشقا تېلېفون ئالاقىسىغا رۇخسەت قىلىمىدى، نېمىشقا ئاتا – ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىنمىدى؟ خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى ۋە ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى پۇلغا سېتىۋالغان خىتاي دەللاللىرى، شىركەتلىرى ئۇيغۇر سىياسى پائالىيەتچىلەرنى، ئىچكىرى خىتايغا ئېلىپ كېتىلگەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئادرېسى بىلەن تەمىنلىشى لازىم. دېيىشتى ئۇيغۇرنىڭ سىياسى ئاكتىپلىرى. ئەگەر خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئادرېسىنى، تېلېفون نومۇرىنى ئاشكارىلىمايدىكەن ئۇنداقتا، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بىرىشى لازىم، دېيىشتى ئۇيغۇرنىڭ سىياسى ئاكتىپلىرى.

1ـ مۇستەملىكە ئۇيغۇرستاننىڭ كۆچمەنلەر ھاكىمىيتى «شاڭخەي شەرق دوختۇرخانىسى»غا ئوخشاش دوختۇرخانىلار بىلەن توختام تۈزۈپ، تەجرىبە قىلىشقا، تىببى سىناق قىلىشقا ئۇيغۇرنىڭ ئوغۇل - قىز پەرزەنتلىرىنى شۇ دوختۇرخانىلارغا ئەۋەتىپ بەرگەنمۇ — يوق؟

2 — فالۇنگۇڭ تەشكىلاتىنىڭ پاش قىلغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا تۈرمىلەرگە، ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا سولاپ قويۇلغان فالۇنگۇڭچىلارنى ناركوز قىلماي ئوپېراتسىيە قىلىپ ئۇلارنىڭ يۈرىكى، بۆرىكى، جىگىرى ھەتتا جايى پىنھان جايلىرى كېسىپ ئېلىنىدى. ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى شۇنداق پاجىئەگە يولۇقتىمۇ ياكى شۇنداق ئوپېراتسىيە قىلىش ئۈچۈن يۆتكەپ كېتىلگەنمۇ قانداق؟

3 — خىتاي مۇستەملىكچىلىرى بۇ يىل 3 — ئايدا خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنىدا ھەربىي خىراجەتنى 18% ئاشۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇنداقتا خىتاي مۇستەملىكچىلەر ھاكىمىيتى راكېتا ۋە سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنى ياساپ تەرەققىي قىلدۇرغاننىڭ سىرتىدا، خىمىيۋى — باكتېرىيىلىك، بىئو — خىمىيىلىك ھەربىي قوراللارنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشى مۇمكىن. خىتاينىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيتى بىئو — خىمىيىلىك ھەربىي قوراللارنى تەرەققىي قىلدۇرماسلىق توغرىسىدا ھازىرغىچە خەلقئارا شەرتنامىلەرگە قول قويغىنى يوق. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزۈندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە 1931 — يىلى، 1937 — يىللىرى ياپونىيە ئارمىيىسى دېڭىزدىن جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، بىئو — خىمىيىلىك ھەربىي قوراللارنى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا تەجرىبە — سىناق قىلغانلىقى توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتى توختىماي سۆزلىمەكتە. تارىختا ياپونىيىنىڭ ئارمىيىسى شۇنداق قىلغان ئىكەن. بۈگۈن خىتاينىڭ ئازادلىق ئارمىيىسى شۇنداق قىلمايدۇ، دېگىلى بولامدۇ؟ ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر ئەركەكلىرى ئادرېسى يوق، ئىچكىرى خىتايدا نەگە كەتتى، ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلگەن تېلېفون نومۇرى يوق، ئۇيغۇر قىزلىرى نەگە كەتتى؟ خىتاي

مۇستەملىكچىلىرى بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىشى لازىم، دېيىشتى ئۇيغۇرنىڭ سىياسى ئاكتىپلىرى.

2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 29 – كۈنى

## جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى ۋە بۇ ۋەزىيەت پەيدا قىلغان ئەكسى سادالار

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى خىتاي بۆلۈمىنىڭ ئوبزورچىسى لىۇ شاۋجۇ ئەپەندى، 7 – ئاينىڭ 27 – كۈنى «ئولىمپىك مۇراسىمدىن يېڭى جۇڭگو بەرپا قىلايلى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا:

ئولىمپىك مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش بىر ياخشى ئىش. بىراق يېقىندىن بېرى خىلمۇخىل ئۆلكىسىدىن تارتىپ شاھخەيگىچە، سەندۇڭ ئۆلكىسىدىن گۇۋاڭدۇڭ ئۆلكىسىگىچە، جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ «ئولىمپىك كېرەك ئەمەس كىشىلىك هوقۇق كېرەك» دەپ توۋلىغان سادالىرى ئارقا – ئارقىدىن ياڭراشقا باشلىدى. مېنىڭ قارىشىمچە پۇقرالارنىڭ نالە پەريادى خۇددى بىر توپ بۆرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان قوزىچاقنىڭ مەرىشىگە ئوخشاپ قالدى، هايات قېلىش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك سادا ياڭرىتمىسا بولمايتتى، دەپ كۆرسەتتى.

جۇڭگو ھەقىقەتەن ئولىمپىككە مۇھتاج، ئولىمپىك مۇراسىمى دېموكراتىك ھەرىكەتكە مۇھتاج، ئولىمپىك مۇراسىمى بىلەن دېموكراتىك ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرگەندە، ئولىمپىك مۇراسىمى مەزگىلىدە جۇڭگودا دېموكراتىك ھەرىكەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. 2008 – يىلى جۇڭگودا ئولىمپىك مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ توغرىدا توختۇلۇپ لىۇ شاۋجۇ ئەپەندى ماقالىسىدا: جۇڭگودا ئىككى خىل ئولىمپىك مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى جۇڭگو پۇقرالىرى تەرەققىيات تەلەپ قىلىدىغان ئولىمپىك مۇراسىمى؛ ئۇنىڭ ئىككىنچىسى خىيانەتچى ئەمەلدارلار تەلەپ قىلىدىغان ئولىمپىك مۇراسىمى، بىز ھەقىقى ئولىمپىك

روهى بويىچە ئەركىنلىكنى قوغدايدىغان پۈقرالارنى خوش قىلىدىغان، پۈقرالارنىڭ غەزەپ – نەپرىتىنى چىقىرىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغان بىرىنچى خىلدىكى ئولىمپىك مۇراسىمىنى ئارزۇ قىلىمىز. شۇ ۋاقىتتا يەتكەندە ياخشى بولدى، ئولىمپىك مۇراسىمىنىڭ ئوت يالقۇنى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ روھىغا تۇتاشتى، ئولىمپىك يېڭى جۇڭگونى بەرپا قىلدى، دېيەلەيمىز، دەپ كۆرسەتتى.

سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى! خىتاي پۇقرالىرى نېمە ئىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇيغۇر پۇقرالىرى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا 2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 22 – كۈنى ئەنگلىيىنىڭ «يەكشەنبىلىك تايمس» گېزىتىگە ماقالە يازغان مايكول شەرىدان ئەپەندى: يەرلىك گېزىتلەرنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلىنىپ، قەشقەردە كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن كىشىلەرنىڭ 84%نىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. نېمە ئىش بولدى ئۇيغۇر ساڭا! نېمە ئىش بولدى قەشقەرلىك ساڭا 84% قەشقەرلىك كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرىپتۇ! جەينىمازدا قانداق ئولتۇردىڭ، خۇداغا نېمە، دەپ ئىبادەت قىلدىڭ! قەشقەرلىك! ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ، ئۇيغۇر كلاسسىك مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى قەشقەر، ئىسلام ئېتىقادىنىڭ ئوردىگاھى قەشقەر، ھاجى قۇتلۇق شەۋقىنىڭ، ئاخۇنوپنىڭ، مجىت باتۇرنىڭ، توكو قازىنىڭ يۇرتى، ۋەتىنى قەشقەر ساڭا نېمە بولدى قەشقەر!

2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 20 – كۈنى بۈيۈك ئىرا تور بېتى ئاخبارات ئورگىنىنىڭ تەشكىللىشى ئارقىلىق 24 مىليون خىتاينىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى تەبرىكلەپ ۋاشىنگتوندا كاتتا يىغىن بولۇپ ئۆتتى. يىغىنغا ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئېد ۋارد سكوت ئەپەندى يوللىغان تەبرىك خېتىدە: خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۆتكۈزگەن جىنايەتلەر كىشىنىڭ غەزىۋىنى كەلتۈرىدۇ، بۇ جىنايەتلەر كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ گۇمران بولۇش تەقدىرىنى بەلگىلىدى، دەپ كۆرسەتتى. ئامېرىكا كوڭگىرىسىنىڭ ئەزاسى شېيلا جىكسون خانىم

يغىنغا قاتنىشىپ نۇتۇق سۆزلەپ: خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ فالۇنگۇڭ تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىغا قوللانغان رەھىمسىز زىيانكەشلىكىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ، ئۆزىمىزنى سەگەكلەشتۈرۈشىمىز، دەل شۇنداق پەيتتە سۈكۈتتە تۇرۇش، كونسېرۋاتىپ بولۇۋېلىش، ئۆز پىكرىدە قېلىش قاتارلىق پوزىتسىيىلەر بىز قوللىنىدىغان پوزىتسىيە بولماسلىقى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئۆپكىسى تۆگەپ كانىيى قالغاندا سەكراتقا چۈشكەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى بۇ پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن ئۇيغۇر تىللىق مىللى مۇناپىقلار قۇتقۇزۇپ قالماقچىمۇ؟! ئۇيغۇرنىڭ يىتۈك ئالىمى... «ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئىچىدە، خۇسۇسەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپمۇ ياكى روزى موللىنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپمۇ؟ ئەتراپىڭلارغا قاراپ بېقىڭلار، ۋىجدانىڭلاردىن سوراپ بېقىڭلار» دەپ سوئال قويىدى. ئۇيغۇر ئالىمى بۇ يەردە ۋەتەنپەرۋەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەۋلادى كۆپمۇ ياكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى شىگىسسەي خىتايلىرىغا تۇتۇپ بەرگەن مىللى مۇناپىق روزى موللىنىڭ ئەۋلادى كۆپمۇ؟ دېگەن بولدى. شۇڭا ئەتراپىڭغا قاراپ باق ئۇيغۇر، ۋىجدانىڭدىن سوراپ باق ئۇيغۇر!

2007 – يىلى 8 – ئاينىڭ 2 – كۈنى

## قوش تىللىق مائارىپمۇ ياكى يالاڭ بىسلىق قىڭراقمۇ؟

قوش تىللىق مائارىپ بولغاندا خىتاي كۆچمەنلىرى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشى، قوشۇمچە ئۇيغۇرلار خىتاي تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىنىشى كېرەك ئىدى. نۆۋەتتە مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيتى ئۇيغۇرلارنى خىتاي تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلاپ، خىتايچە يالاڭ بىسلىق قىڭراقنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قارىتىپ چاپتى. مەزكۇر رادىئونىڭ 2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 31 – كۈنى تارقاتقان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خىتاي

كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى ئۆرۈمچى شەھرىدە تىل مائارىپ سىياستى يەنى قوش تىللىق مائارىپنى ئىزچىللاشتۇرۇش خەلقئارا يىغىنى چاقىرغان، ئىمىش. تۈركىيىلىك ئالىملار، ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئاتالمىش ئالىملار ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زاماننىڭ ماڭقۇرتلىرى تەكلىپ بىلەن بۇ يىغىنغا قاتناشقان، ئىمىش. 2001 – يىلى ئامېرىكىنىڭ قۇدرەتلىك ئارمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننى ئۆرۈش مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى، دەپ قىياس قىلغان مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى ۋە بۇ ھاكىمىيەتنىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى قورال تۇتالايدىغان، ئۆرۈش قىلالايدىغان ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنى، ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىشنى سىياسەت قىلىپ بەلگىلىگەن بەلكى بۇ سىياسەت ئاتالمىش شىنجاڭ ھەربىي رايون تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىدى. ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى ئاتالمىش قوش تىللىق مائارىپ سىياستىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئىتاي تىلى ئۆگىنىشنى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەرگە، ئۇيغۇر ياشلىرىغا، ھەتتا پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە مەجبۇرلاپ تاڭغان ئىدى. مەكتەپكە كىرىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە جەمئىيەتنىڭ يەنە باشقا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قاتلاملىرىدا، ئۇيغۇرنىڭ ياشاش ھوقۇقىغا خىتاي تىلى ئۆتكىلى ئارقىلىق زەربە بەرمەكچى بولدى. قورچاق خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ جاسۇسلۇق ئورگىنى ئەنچۈەنتىڭ خىتاي تىلى ئۆگەنمىسە ئوقۇيالمايدىغان، ئىش تاپالمايدىغان، خىتاي تىلى ئۆگەنمىسە ياشىيالمايدىغان قورقۇنچلۇق ۋەھىمە پەيدا قىلىپ، ھوقۇق ۋە كۈچ ئارقىلىق بۇ ۋەھىملەرنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئومۇملاشتۇردى، تۈزۈملەشتۈردى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى ۋەھىمگە تەسلىم بولدى. ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھاياتلىق قۇرۇلمىسى شۇنچىلىكمىدى، ئۇيغۇر ئادەملەر! ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يەنى بۇ يەردە يات مىللەت خىتايلارنىڭ مەدەنىيەت ئاسسىمىلياتسىيىگە، مەدەنىيەت تاجاۋۇزىغا قارشىلىق كۆرسىتىش خىتدارى شۇنچىلىكمىدى

ئۇيغۇر، ئادەملەر! ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ، دىنى ئاكابىر مۆتىۋەلى ئاخۇنۇملارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش پەتىۋالىرىنىڭ رولى شۇنچىلىكمىدى، ئۇيغۇر ئادەملەر!

تىل يوقالدى، مىللەت يوقالدى دېگەن سۆز. تىل يوقالدى مىللى روھى يوقالدى، دېگەن سۆز. تىل يوقالدى مىللى كىملىك يوقالدى، دېگەن سۆز. تىل يوقالدى مىللى مەدەنىيەت يوقالدى، دېگەن سۆز. تىل يوقالدى، ئون ئىككى مۇقام يوقالدى، دېگەن سۆز. تىل يوقالدى ئۇيغۇر مىللەت سۈپىتىدە تارىخى كۆرگەزمىخانىلاردىن ئورۇن ئالدى، دېگەن سۆز.

ئاڭلىسام خوتەنلىكلەر، ئاتۇشلۇقلار قوش تىل مائارىپىغا قىزىقىپ، بالا – چاقىسىنى خىتاي تىلى مەكتەپلىرىگە ئۇزۇتۇپ بەرگەن، قوش تىرناق ئىچىدە نەمۇنىچى بولغان ئىمىش. خىتاي تىلىنى ئۆگەنمىسە بالا – چاقاڭ خىزمەت تاپالماسمىدى خوتەنلىك! خىتاي تىلىنى ئۆگەنمىسە بالا – چاقاڭ ئىش تاپالماسمىدى ئاتۇشلۇق! خىتاي تىلىنى ئۆگەنمىسە بالا – چاقىلىرىڭ ئىش تاپالمايدىغان بولسا ھەي...! ئاتۇشلۇق، ھېچبولمىسا لەڭپۇڭ سېتىپ بولسىمۇ جېنىنى باقماسمىدى ئاتۇشلۇق! سەن، مەن كۈرەش قىلىپ يەتمەكچى بولغان ئاخىرقى نىشان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھوقۇقى يەنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا يوق، خىتاي تىلى ئۆگىنىشكە بېرىلىپ كەتتىڭمۇ خوتەنلىك! خىتاي تىلىنى ئۆگىنىپ ۋاڭ لاۋيى، ۋاڭ تەتەي بولۇپ ئۆزگىرىشكە بېرىلىپ كەتتىڭمۇ ئاتۇشلۇق!

2007 – يىلى 8 – ئاينىڭ 5 – كۈنى

## ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئويغاندى

غايىپتىن كېلىپ ھۇما قۇشى بېشىڭغا قونغاندا بەخت دېگەن نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش، چۈشەنگەندىن كېيىن بەخت دېگەن نەرسىنىڭ قەدرىگە يېتىشمۇ بەسى مۇشكۇل ئىش ئىكەن. 20 –

ئەسرىنىڭ 20 – يىللىرىدا روسىيىلىك پىرونزىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى قىرغىز ئۆلكىسىنى زەپتە قىلغاندىن كېيىن، بۇگۈنكى بىشكەك شەھىرىگە پىرونزى دەپ، ئىسىم قويغان ئىدى. دراماتىك تارىخى زامانىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى دەۋرلەردە ھاياتىنىڭ ئالماشقانلىقى بولۇپ پىرونزى دېگەن شەھەرنىڭ ئىسمى يەنە بىشكەك دېگەن ئىسمغا ئۆزگەرتىلدى. چۈنكى سابىق سوۋېتلەرنىڭ مۇستەملىكىسى قىرغىزىستان مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. غايىپتىن يېتىپ كەلگەن مۇستەقىللىق ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر كىچىدە بىرقانچە مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ بايرىقىنى لەپىلدەتتى. سوتسىيالىزىم بىلەن كاپىتالىزىم لاگىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەردە ئىدىئولوگىيىلىك، ئىقتىسادى، ھەربىي تەييارلىقلىرى مۇسابىقىسى كۈرەشلىرىدە، كىشىلىك ھوقۇق تەلەپ قىلىش ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەلەپ قىلىشقا قارشى كۈرەشلەردە، بولۇپمۇ سوغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان كۈرەشلەردە غەرب دۇنياسى بولۇپمۇ ئامېرىكا خەلقى قانچىلىك بەدەل تۆلىدى ۋە قانچىلىك يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى ھېسابلىماق تەس.
ئامېرىكا خەلقى شۇ كۈرەشلەردە غەلبە قىلمىغان، ياۋرۇپانىڭ شەرقىدە كوممۇنىستىك، سوتسىيالىستىك تۈزۈملەرنى، ئولگارخىيىلىك بىر پارتىيىلىك سىياسى ھاكىمىيەتلەرنى گۇمران قىلمىغان بولسا مۇستەقىللىق ساڭا نەدە ئىدى، قىرغىزىستان! پاشىزىم، كوممۇنىزىم مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن دۇنياغا يېڭى ئاپەت بولۇپ يېتىپ كەلگەن تېررورىزىم يەنە ئامېرىكا خەلقىگە ئارام بەرمىدى. تېرروزىستلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئامېرىكا ئارمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كەلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، روسىيىلىك سىياسى بېدىكلەر پۇرسەتپەرەس خىتايلار بىلەن بىرلىشىپ ئامېرىكا ئارمىيىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن سىقىپ چىقارماقچى بولۇشتى. بۇنداق ئۇرۇنۇش ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىك ئىدى، ئەلۋەتتە. قۇتۇرۇتۇشنىڭ قورالىغا ئايلانغان كوممۇنىزىمنىڭ قالدۇقلىرى 2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 30 – كۈنى ئامېرىكا ھەربىي بازىسىنىڭ

قىرغىزىستاندىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلغاندا، ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا دېموكراتچىل ئۇيغۇرلار ئامېرىكا ھەربىي ئازىسىنىڭ قىرغىزىستاندا داۋاملىق تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلدى. قىرغىزنىڭ ساقچىلىرى نامايىشقا قاتناشقان ئەلشىر ئىسلامنى قولغا ئالدى. مېنىڭچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇ تەرىپىدە ياشاپ تۇرغان ئۇيغۇرلار ئويغاندى. بۇ ۋەتەننىڭ ئىگىسى قىرغىز بولسا، ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارمۇ بۇ ۋەتەننىڭ ئىگىسى ئىدى. ئۇيغۇرلار بىلەن قىرغىزلار بىر — بىرىنى قوللىشى بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى كېرەك ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك، تاجىك ئۆلكىلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكا ئارمىيىسىنى قوللىشى، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەربىي بازا قۇرۇشىنى قوللىشى بەرھەق ئىدى، توغرا ئىدى، يوللۇق ئىدى. ئۇيغۇرنىڭ سىياسى ئاكتىپلىرى قىرغىزىستان ساقچى تەرەپ ئەلشىر ئىسلامنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى كېرەك، دېيىشتى. ئېنىق بىر نۇقتا شۇ بولدىكى قىرغىزىستاندا ئۇيغۇر دېموكراتچىلارنىڭ ئامېرىكىنى، ئامېرىكا ئارمىيىسىنى قوللاپ نامايىش قىلىشى ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر باشلىنىش بولدى، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلارنىڭ ئويغانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. دېرەك بەردىلا ئەمەس بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلارنىڭ ئويغۇنىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەلگۈسى دېموكراتىك تاڭ نۇرىدىن دېرەك بەردى. ئۇيغۇرلارسىز ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۈمىدلىك كەلگۈسىنى تەساۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. بۇ نۇقتىنى روسىيە فېدراتسىيىسى چۈشىنىشى، كونا مۇستەملىكچى خىتاي مۇستەبىتلىرى چۈشىنىشى لازىم ئەمەسمىدى؟ روسىيىمۇ، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىمۇ چۈشەندى بولغاي! ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا كۈن تەرتىپكە قويۇلغانلىقىنى چۈشەندى بولغاي! قىش پەسلىنى ئۈزۈتۈپ قويالىغان كىشىلەرنىڭ ئەمدىلىكتە ئوتتۇرا ئاسىياغا باھار پەسلىنى چىللاپ كەلمەسلىكى مۇمكىنمىدى؟

2007 – يىلى 8 – ئاينىڭ 8 – كۈنى

**سېكرېتار ۋاڭ لېچۈەن غالجىر كېسەللىگە گىرىپتار بولغانمۇ؟**

2007 – يىلى 8 – ئاينىڭ 7 – كۈنى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا، خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى «بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش»، «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش» دەيدىغان ماۋزۇلار ئاستىدا ماقالىلەر ئېلان قىلدى. ۋاڭ لېچۈەن «ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى دۈشمەن كۈچلەر»، «ئامېرىكا كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىلىرىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنى [ئەمەلىيەتتىكى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننى] پارچىلاپ چىقىپ كەتمەكچى»، «غەربلەشتۈرۈش سۇئىقەستى بار» دەپ بىلجىرلىغاندا، ۋاڭ لېچۈەن تارىخى رېئاللىقنىڭ داۋامى ھازىرقى سىياسى رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلغان بولدى. ئامېرىكا خەلقى دۆلەت قۇرغان كۈندىن باشلاپ دۇنياغا، ئىنسانىيەتكە ، ئىنسانىيەتچىلىك، ئادىمگەرچىلىك بىلەنلا مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن. مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەندە، دۇنيانىڭ مەدەنىيەتسىز تەرەپلىرىگە ئاۋۋال كۆڭۈل بۆلۈپ، قەيەردە ئاجىز مىللەتلەر، ئاجىز ئاۋام زۇلۇمغا، مىللى، ئېتنىك قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان بولسا، شۇ مىللەتلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى توغرىسىدا سىياسەت بەلگىلەپ ھەتتا، ئەسكەر چىقىرىپ شۇ مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنى قولىغا ئېلىپ بەرگەن ئىدى. مەسلەن، كوسوۋۇ، سومالى، ئافغانىستان، ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردە شۇنداق قىلدى. يەنە ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا ئامېرىكا خەلقى كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك قىممەت قاراشلىرى بويىچە ئاجىز مىللەتلەر، ئاجىز خەلقلەرنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلىك  ھوقۇقى خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا، ئامېرىكا خەلقىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى مۇتلەق ۋە مۇقەررەردۇر.

ۋاڭ لېچۇەن غالجىرلاشتى. ھايۋاناتلار دۇنياسىدا ھايۋانلارمۇ كېسەل بولۇپ قالىدىغان ئىشلار بولىدۇ. مەسىلەن، قورسىقى ئېچىپ كەتكەن ئىت، قورسىقىدىكى ئاچ يەلنى چىقىرىۋېتەلمىگەندە، ئاچ يەل سۆڭگىچىدە تۇرۇپ قالغاندا شۇ ئىت غالجىر كېسىلىگە مۇپتىلا بولىدۇ. بۇ كېسەل ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە غالجىر كېسىلى دەپ ئاتىلىدىغان يۇقۇملۇق، ئادەملەرگىمۇ يۇقىدىغان كېسەلدۇر. ئامېرىكا باشچىلىقىدا توققۇز دۆلەتنىڭ تاشقى مۇڭغۇلىيىدە ھەربىي مانۋېر ئېلىپ بېرىشى، روسىيە بىلەن خىتاينىڭ بىرلىشىپ روسىيە زېمىنىدا ۋە ئۇرۇمچىدە ھەربىي مانۋېر ئېلىپ بېرىشى، مانۋېرنىڭ بىرگە بىر بولۇپ قېلىشى، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ بولۇپ قېلىشى، پرېزىدېنت بوشنىڭ پىراگادا ئۇيغۇرنىڭ ۋەكىلى رابىيە قادىرنى قوبۇل قىلىشى، ئۇيغۇرنىڭ 57 يىللىق مۇستەملىكە تارىخىنىڭ بىئوگىراپىك رومان شەكلىدە گېرمانىيىدە، ياۋرۇپادا پاش بولۇشى مەن ئويلايمەن. بۇ ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاچ يەل بولۇپ ۋاڭ لېچۇەننىڭ سۆڭگىچىدە تۇرۇپ قالدى. ۋاڭ لېچۇەن غالجىرلاشتى. «بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئۇزۇن مۇددەتلىك»، «مۇقىملىق ھەممىدىن ئەلا» دەيدىغان ئەبجەغى چىقىپ كەتكەن سەپسەتەلەرنى يېڭىلاپ تەكرارلىغاندىن باشقا «شىنجاڭ مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى» دېدى، ھەقىقەتەن شۇنداق. بۇ نۇقتىنى سېكرىتار ۋاڭ لېچۇەن تونۇپ يەتكەنلا بولسا، ھەقىقەتەن ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. ۋاڭ لېچۇەن يەنە قانداق ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى؟ 2007 – يىلى 3 – ئاينىڭ 19 – كۈنى مەزكۇر رادىئونىڭ ئاڭلاتقان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بىر قەشقەر ۋىلايىتىدىن 240 مىڭ ئايال سىرتقا يۆتكەپ كېتىلگەن، قەيەرگە يۆتكەپ كېتىلدى؟ بۇ ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ نامۇ – نىشانى يوق، ئادرېسى، تېلېفون نومۇرى يوق. تۇرالغۇسى قەيەردە ئۆلگەن بولسا ئۆلۈكى نەدە بۇ ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ، تىرىك بولسا تىرىكى نەدە بۇ ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ؟ ۋاڭ لېچۇەن جاۋاب بېرىشى كېرەك 240 مىڭ جان! بۇ توغرىدا جىددى پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ سىياسى ئاكتىپلىرى،

240 مىڭ جاننى، ئۇيغۇرنىڭ ئوغۇل – قىزلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئەگەر خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىدىغانلا بولسا، ئامېرىكا كوڭگرىسىنىڭ ئەزاسى دەننا رورا باكىر ئەپەندىنىڭ ئولىمپىك مۇراسىمىنى بايقۇت قىلىش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، 240 مىڭ ئۇيغۇر ئايال پاجىئەسى بىلەن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك مۇراسىمىنى بايقۇت قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ تەلەپ قىلىدىغان بولسا، شۇ چاغدا كۆرۈڭ. ۋاقتى يەتكەندە ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىدىغان كىشىلەر خەلقئارا جەمئىيەت ئەربابلىرى ئەمەس بەلكى ۋاڭ لېچۇەن ئۆزى بايقۇت قىلغان بولىدۇ. «ئۇيغۇرلارغا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىش» ۋە «ئۇيغۇرلارغا قاتتىق زەربە بېرىش» بىلەنمۇ قۇتۇلۇپ قالغىلى بولمايدۇ. 240 مىڭ نەپەر ئۇيغۇر ئايال پاجىئەسىمۇ ئەمدىلىكتە سانجىققا، ئاچ يەلگە ئايلىنىپ ۋاڭ لېچۈەننىڭ سۆڭگەكچىدە تۇرۇپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا ۋاڭ لېچۈەن غالجىرلاشماي كىم غالجىرلاشسۇن!؟

2007 – يىلى 8 – ئاينىڭ 13 – كۈنى

## كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ خاراكتېرى

ختاي جەمئىيىتى ماۋ زېدۇڭ تەسۋىرلىگەندەك يېرىم فېئودال يېرىم مۇستەملىكە جەمئىيەت ئىدى. ختاي ئەخلاق ئەنئەنىسىنىڭ بۇ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەشكىللىشى ختاي جەمئىيىتىنىڭ فېئودالىق جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ختاي جەمئىيىتىنىڭ مانجۇرلارغا مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشى، ختاي جەمئىيىتىنىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىك ھالىتىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. بۇنداق جەمئىيەتتە كوممۇنىستىك پارتىيە قۇرۇش مۇمكىنمىدى؟ جۇڭگو جەمئىيىتىدە كوممۇنىستىك پارتىيە قۇرۇش خۇددى تاشنى تاياقتا تاڭغاندەك بىر ئىش ئىدى.

ماركسنىڭ دەپتەرلىرىدە كوممۇنىستىك پارتىيە، سوتسىيالىزىم دېگەنلەر كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى دېيىلەتتى. روسىيىدىمۇ بولشۇۋىستىك پارتىيە ھۆكۈمرانلىقى كرىپوستونوېلىق جەمئىيەتنىڭ ئۇستىگە قۇرۇلغانلىقتىن تېخى يېقىندىلا روسىيە جەمئىيىتى بويىدىن ئاجراپ بالا تاشلىۋېتىپ قىزىل كرىمىل ئىمپېرىيىسى يىمرىلدى. بۈگۈن جۇڭگو جەمئىيىتىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاچچىق تولغاق دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە. بۇ جەمئىيەتتە جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىسادى قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا تەرەققىي قىلىشىنىڭ تۈزۈم خاراكتېرلىك كاپالىتىگە ئېرىشەلمىدى. چۈنكى، جۇڭگودا سىياسەت ئىقتىسادى تەرەققىياتقا قارىمۇقارشى يۆنىلىشكە يول تۇتۇپ، زوراۋانلىقنى كەسىپ قىلغان جەمئىيەت ھالىتى جۇڭگو جەمئىيىتىدە بىرۋكىرات كاپىتالىزىمنى بەرپا قىلماقچى بولدى. كوممۇنىستىك پارتىيە مەكتەپلەردە، ئىدارە – ئورگانلاردىلا ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە، كەڭ يېزىلاردا بولسا ھاكىمىيەت سىرتىدىكى پارتىيىگە ئايلىنىپ قالدى. كارخانىلاردا، شىركەتلەردە كوممۇنىستىك پارتىيە يەر ئاستى پارتىيىگە، ساقچى ئورگانلىرى، ئەدلىيە، تەپتىش، سودا ئورگانلىرى، ئارمىيە خىللىرى ئىچىدە كومۇنىستىك پارتىيە قارا قوللار پارتىيىسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۈگۈنكى جۇڭگودا خىيانەتچىلەر، ئىمتىيازلىق مەنپەئەت گۇرۇھلىرى ھۆكۈمەتنىڭ، پارتىيىنىڭ ھوقۇقىنى خۇسۇسى ھوقۇققا ئايلاندۇرۇۋالدى.مال باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلىدى، پۇقرالارنىڭ نالە – پەريادى پەلەككە كۆتۈرۈلدى. ساقچىلار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى بىر تەرەپ قىلىشقا كۈچى يەتمىگەن كوممۇنىستىك پارتىيە باستۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرمەكتىن باشقا چارىلەرگە ئامال قىلالمىدى. «شاۋ كاڭ جەمئىيىتى قۇرۇش»، «ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى»، «ئولىمپىك مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش» دەيدىغان شۇئار جۈمللەرنى پۇقرالارنى ئالداشنىڭ يېڭى ئەگۈشتەرىگە ئايلاندۇرۇۋالدى. يۇقىرىدىن

تۆۋەنگىچە پۇقرالارنى قاقتى – سوقتى قىلىش، خىيانەتچى خىتايلارنىڭ دائىمى ئىشىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى مەسىلەن، گۇۋاڭشىدا بوبەي ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن بۇلاڭچىلىق، شەنشىدە قارا خۇمداندا يۈز بەرگەن بالا قۇللارنى ئىزىش ۋەقەلىرى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. يېزا – قىشلاقلاردا شادۇيجاڭ، دادۇي جاڭلار، ئاساسى قاتلام پارتىيە ياچايكىلىرى ئادەم بېدىكلىرىگە ئايلىنىپ، مەسىلەن، ئادەم سودىسى، قۇل سودىسى، ئاياللار سودىسى، قىزلار ۋە باللار سودىسى ھازىرقى جۇڭگودا سودا تىجارەتچىلىكىنىڭ ئىككىنچى خىل شەكلىگە ئايلىنىپ، خىيانەتچى خىتايلارنى تۈگىمەس، ئۈپرىماس مەنبەئە بىلەن تەمىنلىدى. 2007 – يىلى 8 – ئاينىڭ 3 – كۈنى ئۈلۈغ ئىرا تور بېتىگە ماقالە يازغان خۇۋاتۇ ئەپەندى، جەمئىيەتنىڭ بۇ خىل كېسەل ھالىتىنى «ئادەم سودىسى» دېگەن ئۇقۇمغا يىغىنچاقلىدى.

ۋاڭ لېچۈەن – شىداگاڭ گۇرۇھى ئۇيغۇر قىزلىرىنى، ئېشىندى ئەمگەك كۈچلىرى نامىدا ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى خىتايغا سېتىپ تاپاۋەت قىلىدىغان ئادەم بېدىكلىرى گۇرۇھىغا ئايلاندى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلىرى ۋاڭ لېچۈەن – شىداگاڭ گۇرۇھىغا قۇل بازىرى تەييارلاپ بەردى. ئۇيغۇر ئەركەكلىرى «ئەركەك» دېگەن ئىسمىنى بۇ يەردە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىپ قويۇشنى راۋا تاپتىم. ئۆزلىرىنى «ئەركەك» ساناپ يۈرگەن، زېمىنىنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ يۈرگەن ئۇيغۇر تىللىق ئەركەكلەر ئۇيغۇر قىزلىرىنى، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئانىلىرىنى قوغداپ قالالمىدى. دېمەك ئۇيغۇر تىللىق «ئەركەكلەر» ئىشتان بېغىنى يېنىغا باغلايدىغان ئەركەكلەرگە ئايلىنىپ قالدى.

2007 – يىلى 8 – ئاينىڭ 16 – كۈنى

**ماركسىزمنىڭ قائىدىلىرى تۈمەنمىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق**

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئوبزورچىسى لىۇ شاۋجۇ ئەپەندى 2007 – يىلى 8 – ئاينىڭ 10 – كۈنى «قائىدىلەر تۈمەنمىڭ – ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا: جۇڭگونىڭ ئىشلىرى ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس پەقەت قائىدىلەر كۆپ، مەسىلەن، خىيانەتچى خىتايلار خىلمۇخىل ئۇسۇللار بىلەن خىيانەت قىلىدۇ، قائىدىلەر كۆپ، پۇقرالار ھاياتلىق ئۈچۈن خەلق ھوقۇقىنى قوغداپ ئەرز – شىكايەت قىلىدۇ، ئاممىۋى نارازىلىق نامايىشلىرىنى تەشكىللەيدۇ، قائىدىلەر كۆپ. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۈگۈن ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق دېگەن بۇ سۆز ھازىرقى زامان، ھازىرقى ماكانغا تازا ماس كېلىپ قالدى، ماۋ زېدۇڭمۇ ئەينى چاغدا ماركسىزمنىڭ قائىدىلىرى تۈمەنمىڭ تېگى – تەكتىدىن ئېيتقاندا ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق دېگەن ئىدى. بۈگۈن جۇڭگو پۇقرالىرى سىياسى ئويۇننى راست ئويناشقا كېلىشتى، ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى دەپ، كۆرسەتتى.

لىۇ شاۋجۇ ئەپەندى يەنە مۇنداق كۆرسەتتى: راستىنى ئېيتقاندا ئىجتىمائىي تۈزۈم ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىرگەندە، كىشىلىك ھوقۇق ئىنقىلابى ئۆتكۈلدىن چوقۇم ئۆتۈش كېرەك، ياكى كىچىك كۆلەملىك داۋالغۇش ياكى چوڭ كۆلەملىك داۋالغۇش يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئەگەر خۇ جىنتاۋ ئەپەندى ئۆزگىرىشنى قۇرۇق قول بىلەن تامامىلىماقچى بولسا، ئۇنداقتا جۇڭگودا زور كۆلەملىك داۋالغۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. لىۇ شاۋجۇ ئەپەندى يەنە مۇنداق كۆرسەتتى؛ ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق دېگەنلىك، كىچىك كۆلەملىك دۇۋالغۇش ئارقىلىق چوڭ كۆلەملىك داۋالغۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كوچا نامايىشلىرى ئارقىلىق زوراۋانلىق ۋە قوراللىق زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلىپ ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش دېگەنلىكتۇر.

بۇ يەردە ليۇ شاۋجۇ ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە پىكىر قىلايلۇق. خىتاي كوممۇنىستلىرى ئاساسلىق زىددىيەت دېگەن ئۇقۇمنى تەكرارلاپ كەلگەن ئەمەسمىدى؟ ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق دېگەنلىك، ئاساسلىق زىددىيەتنى دېگەنلىك (هەل قىلىش) ئەمەسمۇ؟ ئەگەر خىتاي پۇقرالىرى جۈملىدىن ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئىسيان كۆتۈرمەيدىكەن، خەلققە كېرەك بولغان هاياتلىقنى، يوللۇق قائىدىلەرنى ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدۇ. پۇقرالار ئىسيان كۆتۈرىدىكەن هۆكۈمەتكە بېسىم يېتىپ كېلىدۇ. ئولىمپىك مۇراسىمغا توغرىلاپ خەلقئارا مەتبۇئاتلار جىددى هەرىكەتكە كەلدى. جۇڭگو پۇقرالىرى قانداق ماسلىشىشى كېرەك؟ بۇ پۇرسەتتىن قانداق پايدىلىنىشى كېرەك؟ پۈتۈن دۇنيا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنى هەم پۈتۈن دۇنيا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئىككى جۇڭگو، پۇقرالار جۇڭگوسى، خىيانەتچىلەر جۇڭگوسى ئېلىشىۋاتىدۇ، دەيدۇ ليۇ شاۋجۇ. ئولىمپىك مۇراسىمدا خىيانەتچىلەر يېڭىپ چىقىدىغان بولسا، جۇڭگو جەمئىيىتى رەهىمسىز بىر جەمئىيەتكە ئايلىنىدۇ، ئەگەر پۇقرالار يېڭىپ چىقىدىغان بولسا، جۇڭگو جەمئىيىتى قائىدە – يوسۇنلۇق، قانۇنچىلىق، كىشىلىك هوقۇقنى ئەركىنلىكنى هۆرمەيلەيدىغان بىر جەمئىيەتكە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەيدۇ ليۇ شاۋجۇ ئەپەندى: كىشىلىك هوقۇق بىلەن ئولىمپىك مۇراسىمى بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك» ئولىمپىك مۇراسىمى بىلەن داغ  دۇغۇلۇق نامايىشلار بىرلەشترۈرۈلۈشى كېرەك؛ چەت ئەل ئاخبارات ئورگانلىرىغا كىشىلىك هوقۇق تەلەپ قىلغۇچىلار ماسلىشىشى كېرەك. قىسقىسى بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا كىشلىك هوقۇق بۇ ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق دېگەنلىكتۇر. كەمىنە ئوبزورچىنىڭ بۇ يەردە ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق، كىشىلىك هوقۇق، ئولىمپىك توغرىسىدا مىلجىڭلاپ ئولتۇرۇشىغا هاجەت بولمىسا كېرەك.

ئۇيغۇرلار هالاك بولۇش بىلەن هايات قېلىشنىڭ جىددى باسقۇچىدا جان تالىشىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار قىزلىرىمنى، باللىرىمنى قايتۇرۇپ بەر دەپ ئىسيان كۆتۈرسە يوللۇق؛ ئۇيغۇر تىلىنى، مىللى مائارىپىنى قايتۇرۇپ بەر،

دەپ ئىسيان كۆتۈرسە يوللۇق؛ ئۇيغۇرلار نەسىل قالدۇرۇش، تەبئىي كۆپىيىش هوقۇقۇمنى قايتۇرۇپ بەر، دەپ ئىسيان كۆتۈرسە يوللۇق؛ ئۇيغۇرلار خىتاي كۆچمەنلىرىنى توختات! ماكانىمنى قايتۇرۇپ بەر، دەپ ئىسيان كۆتۈرسە يوللۇق. مېنىڭ سۆزلىگەنلىرىمنى چۈشەنمىسىمۇ، ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم هېچبولمىغاندا لىۇ شاۋجۇ ئەپەندىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى چۈشىنىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە كەمىنە ئوبزورچى لىۇ شاۋجۇ ئەپەندىنىڭ سايىسىدا يۇقىرىقىدەك خىتاب قىلدىم. ماركسىزىمنىڭ قائىدىلىرى تۇمەنمىڭ تېگى – تەكتىدىن ئېيتقاندا ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق!

2007 – يىلى 8 – ئاينىڭ 19 – كۈنى

## كونا – يېڭى تېرروررىستلار بىشكەك شەھرىدە ئۇچراشتى

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى شەھرى ئەتراپىدا ۋە ئورال تاغلىرى ئەتراپىدا پرېزىدېنت ۋىلادىمىر پۇتىن بىلەن خۇ جىنتاۋ تەشكىللىگەن بىرلەشمە هەربىي مانۇېر 2007 – يىلى 8 – ئاينىڭ 17 – كۈنى ئاياغلاشتى. ئارىلىقتا ئاتالمىش شاڭخەي هەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر ۋە كۈزەتكۈچى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئۆن – قىسقا باشلىقلىرى يەنى كونا – يېڭى تېرروررىستلار بىشكەك شەھرىدە ئۇچراشتى. «سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دېۋالاي» دېيىشتى. ئۆزئۆن – قىسقا باشلىقلار، ئۇيغۇرلارنى تېرروررىست دېيىشتى. توساتتىنلا يېڭى بىر سىياسى ئۇقۇم پرېزىدېنت ۋىلادىمىر پۇتىننىڭ ئاغزىغا كىرىپ قېلىپ «ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولغان يېڭى تەهدىت» ئۇقۇمنى چاينىغاندەك بولدى. ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلىرىغا ئارىلىششتىن نېرى تۇرۇش كېرەك، دېدى ۋىلادىمىر پۇتىن. بۇنداق سۆزلەرنى سۆزلەپ ۋىلادىمىر پۇتىن، چار روسىيە رومانوپلار ئائىلىسى قايتا ئوتتۇرا ئاسىيغا كېلىپ قالغاندەك، ياكى 19 –ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇ تەرىپىنى بويسۇندۇرغان گېنىرال كوپمان ئوتتۇرا ئاسىيادا قايتا پەيدا بولغاندەك بىر

تۆيغۇ ياكى سىمۋوللۇق بىر كۆرۈنۈش ھاسىل قىلماقچى بولدى. شەرقىي ياۋرۇپانى ئوتتۇرا ئاسىياغا سېلىشتۇرغاندا، بالتىق بويى، شەرقىي ياۋرۇپا ئەللىرىدە مىللەتچى دۆلەت باشلىقلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، روسىيىنىڭ تەسىرىنى ئۈزۈل – كېسىل تازىلىدى، قايتا تەسىر دائىرىگە ئالماقچى بولغان روسىيىنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىنى كەسكىن رەت قىلدى.ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيادا كوممۇنىزىمنىڭ يالىغىنى يالاپ ماڭقۇرتلىشىپ كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت باشلىقلىرى ۋىلادىمىر پۇتىنىنىڭ پىشىگە ئېسىلىۋالدى. ئەندىشىلىك ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ سەراسىمىدىن خۇدىنى يوقاتقان خۇ جىنتاۋ ئەپەندى بۇ قېتىم بىشكەكتە ياكى بىرلەشمە ھەربىي مانۋىرنى كۆزدىن كەچۈرگەندىمۇ ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق بىر نېمە دېمىدى. «ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كەلگەن يېڭى تەھدىت» توغرىسىدا ۋىلادىمىر پۇتىن تولۇق نەزەرىيىلەرنى سۆزلەپ ئولتۇرمىدى. سەمگە سېلىپ قوياي،لىكى «يېڭى تەھدىت»نىڭ تارىخى سەۋەبلىرىنى كىم پەيدا قىلغان ئىدى؟ 1945 – يىلى 8 – ئاينىڭ 14 – كۈنى، 1950 – يىلى 2 – ئاينىڭ 14 – كۈنى ستالىن، مولوتوپ، ۋورشۇلوپ قاتارلىقلار، گومىنداڭ خىتايلىرى جاڭجېڭگو، ۋاڭشىجې، كوممۇنىست خىتاي ماۋ زېدۇڭلار بىلەن بىرلىشىپ شەرتنامە قوشۇمچە ئۇيغۇرىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەخپى كېلىشىم ئىمزالاپ بۆگۈنكى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننى ستالىن خىتاينىڭ مۇستەملىكە قىلىشىغا سېتىپ بەرگەن ئەمەسمىدى؟ 1944 – يىلى ئۇيغۇرىستاندا قۇرۇلغان مۇستەقىل دۆلەتنىڭ داھىسى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنى ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىن بىرلىشىپ ئايروپىلان ۋەقەسىگە باھانىداپ 1949 - يىلى 8 – ئاينىڭ 27 – كۈنى مەخپى ئۆلتۈرگەن ئەمەسمىدى؟ شۇنداق قىلىپ تېررورىست ۋەقەلەرنىڭ 1 – بابىنى ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىن يازغان ئەمەسمىدى؟ قىياپىتىنى ئۆزگەرتسىمۇ تەبىئىتىنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيدىغان روس بىلەن خىتاي ئەمدىلىكتە ئەخمەت نىجادىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرقتە ئامېرىكىغا قارشى كوزۇر قىلىپ ئوينىماقچى بولۇشتى. شۇڭا روس

بىلە خىتاينىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرلار تېررورىست بولۇپ قالدى. خەلقئارا ئانالىزچىلار شاڭخەي گۇرۇھىنىڭ سىياسى قاراتمىلىقتا ئىگە پائالىيەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش تەھدىتىگە قارىتىلدى، دېيىشتى. ئەمەلىيەت شۇنداق ئىكەن بۇ يەردە روس — خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىجىللىق دەرىجىسى قانداقتۇر ئېنېرگىيە مەسىلىسىنى ئەمەس بەلكى سىياسى جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش تەھدىتىنى ئاساس قىلدى دېيىشكە بولىدۇ. روس بىلەن خىتاي بىرلىشىپ ئامېرىكىنىڭ ھەربىي بازىسىنى قىرغىزىستاندىن چېكىندۈرۈش توغرىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇتۇراتقۇلۇق قىلدى. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا قايسى دۆلەت چېكىنىشى كېرەك، ئالدى بىلەن روسىيە فېدىراتسىيىسى خۇددى بالتىق بويىدىكى دۆلەتلەردىن ۋە شەرقىي ياۋروپادىن ئەسكەر چېكىندۈرگەندەك، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشى ۋە قىرغىزىستاندىن ھەربىي بازىسىنى چېكىندۈرۈشى كېرەك! ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى توغرا تونۇپ، خەلقئارا جامائەت پىكرىنىڭ رايىغا بېقىپ خىتاي مۇستەملىكچىلىرى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشى كېرەك. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىخەتەرلىكى، دېموكراتىيىسىگە پەقەت بىرلا دۆلەت ئامېرىكىلا مەسئۇل بولالايدۇ.

## ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلايلى

2007 – يىلى 8 – ئاينىڭ 23 – كۈنى

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى خىتاي بۆلۈمىنىڭ ئوبزورچىسى لىۋ شاۋجۇ ئەپەندى، 2007 – يىلى 8 – ئاينىڭ 16 – كۈنى يازغان «ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلايلى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا: جۇڭگونىڭ تەشۋىقات مىنىستىرلىكى بۇ غەلىتە ئورگان، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس. خەلقنىڭ روھىنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغان بارلىق

مۇستەبىتلەر خىلمۇخىل تەشۋىقات مىنىستىرلىكى ئىجاد قىلىشقان ئىدى... بۇنىڭ ئىچىدە غەلىبە قازانغىنى گېبېلسنىڭ تەشۋىقات مىنىستىرلىكى بولۇپ، گېبېلس بىلەن تەشۋىقات مىنىستىرى گېبېل تەشۋىقاتنىڭ ماھىرلىرى ئىدى. خۇ جىنتاۋ بىلەن تەشۋىقات مىنىستىرى لىيۇ يۈنشەن بۇ ئاخماقلار يالغاندىن باشقا يەنە يالغان، ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەرنى سۆزلەپ پۇقرالارنى تېزگىنلەيمىز، دەپ ئويلاشتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار خەلقنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە تەييارلىق قىلدى، دەپ كۆرسەتتى. 2007 – يىلى 8 – ئاينىڭ 16 – كۈنىدىن 19 – كۈنىگىچە جۇڭگونىڭ ۋەزىرى ۋىنجاباۋ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاننىڭ قەشقەر شەھرىنى زىيارەت قىلغان ئىمىش. داۋالىنىشقا ئائىت دورا – دەرمەكنىڭ باھالىرىنى سوراشتە قىلغان ئىمىش. ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنىڭ يەنى قاتتى – سوقتى قىلىپ ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن پۇل يىغىۋېلىشنىڭ ئۇسۇل – چارىلىرىنى تەتقىق قىلغان ئىمىش. تۆلكىنىڭ ئوخشاشلا يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام ئىدى. مۇستەملىكچى ۋىنجابۇنىڭ ئۇيغۇرلاردىن ھال سورىغانلىقى خۇددى تۆلكىنىڭ چۈجىدىن ھال سورىغىنىدەك مۇستەملىكە مىللەت ئۇيغۇرلاردىن ھال سورىغانلىقى ئىدى. خۇ جىنتاۋ بىشكەكتە، ۋىنجاباۋ قەشقەردە ئاجايىپ «قۇتلۇق سەپەرغۇ، بۇ؟» ئىپتىمال ۋىنجاباۋ ئۇيغۇرلارنى خانۇ – ۋەيرانلىققا زۇلۇم – ستەمگە دۇچار قىلغانلىقىنى چۈشەنگەن. ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايدا پاھىشخانىغا سېتىپ، ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنى خىتاي ئادەم بېدىكلىرىگە سېتىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئەخلاق بوھرانىغا، ھاياتلىقنىڭ قىممىتى نېمە، دەپ سوئال قويۇشقا مەجبۇرلىغانلىقىنى مۇستەملىكچى ۋىنجاباۋ چۈشەنگەن. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوزغىلاڭنىڭ ھارپىسىدا تۇرغانلىقىنى، ئومۇميۈزلۈك ئىسيان كۆتۈرۈشنىڭ باسقۇچىدا تۇرغانلىقىنى چۈشەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋىنجاباۋ پاژارنى – ئوت ئۆچۈرۈش، يالغان سۆزلەپ ئالداش ئەترەتلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن بولسا كېرەك... تور بېتىدە «تىلەمچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر، پاھىشىلەرنىڭ

ھەممىسى ئۇيغۇر، خۇشامەتچى دەلاللارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر يا ئاللا بۇ ئۇيغۇرغا قىلىدىغان ياخشى ئىش چىقمىدىمۇ» دېيىلدى. ئۇيغۇنىشنىڭ سىگنالىمۇ، بۇ ياكى ئۇيغانغان خەلقنىڭ چاقىرىقىمۇ؟
لىۇ شاۋجۇ ئەپەندى ماقالىسىدا: 5 يىلدىن بېرى خۇ جىنتاۋ ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەرگە تايىنىپ دۆلەت باشقۇردى، ئەمەلىيەتتە پۇقرالارنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئىدىيىۋى تەييارلىق، جامائەت پىكرى تەييارلىقى، روھى ھاللىق تەييارلىقنى تاماملىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەر كۆپىيىپ كەتكەن مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا 4 — ماي ھەرىكىتى ئوتتۇرىغا چىققان ئەمەسمىدى؟ بىر ھادىسە يەنە بىر ھادىسىنىڭ ھاسىلاتى بولۇپ قالغاندەك، يالغان سۆزلەپ جامائەت پىكرىنى تىزگىنلىمەكچى بولغان خۇ جىنتاۋ ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىشقا بولىدىغان جامائەت پىكرى بوشلۇقى پەيدا قىلىپ، پۇقرالارنىڭ بايراق كۆتۈرۈپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئاساس سېلىپ بەدى، دەپ كۆرسەتتى. خىيانەتچىلىك بىلەن ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەر بىرلىشىپ كەتتى. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا ئىشچىلار قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. شەھەر خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، 4 — ئىيۇن دېموكراتىك ھەرىكىتىنى چوقۇم تەكرارلايدۇ، دېھقانلار چوقۇم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭىنى تەكرارلايدۇ؛ قوزغىلاڭچىلا:ر جىڭگاڭشەنگە يەنە بىر قېتىم چىقىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئەسكەرلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، دەيدۇ لىۇ شاۋجۇ. مەن نېمە دەيمەن؟ ئۇيغۇرلار قەشقەر قوزغىلىڭىنى، بارىن قوزغىلىڭىنى، ئىلى شەھەر خەلقى شەھەر قوزغىلىڭىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. قايتا تەكرارلايدۇ، قىسقىسى ئۇيغۇرلار 30 — 40 يىللاردىكى مىللى دېموكراتىك ئىنقىلابنى ئەسلىگە كەكەلتۈرىدۇ، قايتا تەكرارلايدۇ، دېيەلمەيمەنمۇ؟ ئۇيغۇرلار پىچاق سۆڭەككە يەتتى، دېيەلەيمەن، ـ دە! شۇنداق بولغاندا لىۇ شاۋجۇ ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە زېمىستانغۇ يېتىپ كەلدى، باھارنىڭ كېلىشى يىراق ئەمەس دېيەلەيمەن!

2007 – يىلى 8 – ئاينىڭ 29 – كۈنى

**ۋاقىت جەدۋىلى**

بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك مۇراسىمىغا بىر يىل ۋاقىت قالدى. 2007 – يىلى 8 – ئاينىڭ 8 – كۈنى بېيجىڭدە بىر يىل قالغان ۋاقىتنى داغدۇغۇلۇق خاتىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. مۇھىم كوچىلارغا ساقچىلار قويۇلدى، تيەنئەنمىن مەيدانى گۇمانلىق كىشىلەردىن تازىلاندى. 4 – ئىيۇن ۋەقەسىگە قاتناشقان ئادەم سانىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ قېتىم مەيدانغا توپلانغان ئادەملەرنىڭ سانى ئېشىپ كەتتى. ۋۇباڭگو، ليۇچى قاتارلىق ئەمەلىيەتتىكى شاڭخەيياڭ گۇرۇھىنىڭ تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقانلىقى، چىن لياڭ يۈ دېلوسى كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرغاندا، 17 – نۆۋەتلىك سىياسى بىروغا كىملەرنى تاللاش مەسىلىسى، جۇڭنەنخەيدە ھارارەتلىك تالاش تارتىشقا ئايلانغاندا ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلدى. 4 – ئىيۇن ۋەقەسىدىن كېيىن، ئاغدۇرۇلۇش ھارپىسىدا تۇرغان چىن شىتۇڭ بىلەن بېيجىڭباڭ بىرلىكتە ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغان. بەلكى ماسلىشىپ قالغانلىقتۇر، دەل مۇشۇنداق پەيتتە، مەلۇم دائىرىدە 4 – ئىيۇن ۋەقەسىگە چېتىشلىق، دەپ قارالغان جۇڭگو زىيالىيلىرى يەنە باشقا ئالىملار، ئاخباراتچىلار، قانۇنچىلار، ئادۋوكاتلار بىرلىشىپ خىتاي مەركىزى كومىتېتىغا «ئوخشاش بىر دۇنيا، ئوخشاش بىر خىياك، قوشۇمچە ئوخشاش كىشىلىك ھوقۇق؛ ماۋزۇسى ئاستىدا ئوچۇق خەت ئېلان قىلدى. ئوچۇق خەتتە: كىشىلىك ھوقۇق ئولىمپىكنى دەۋر قىلغان ھالدا ۋىجدانلىق سىياسى جىنايەتچىلەرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش، چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتكەن سىياسى مۇساپىرلارنىڭ جۇڭگوغا قايتىپ كېلىشىگە رۇخسەت بېرىش، چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىش، ھۆكۈمەتسىز خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق

تەشكىلاتلىرىنىڭ ئولىمپىك مۇراسىمىغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىش تەلەپ قىلىندى. ئوچۇق خەت يەنە، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىغا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان دېموكراتىك دۆلەت باشلىقلىرىغا، خەلقئارا غەيرى ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىغا، كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان سودا — سانائەت ساھەسى، ئىلىم — پەن، سەنئەت ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئەربابلارغا ئەۋەتىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كىمدۇ بىرسى ئوچۇق خەتكە مەلۇم دائىرىدە ئىنكاس قايتۇرىدىغانلا بولسا، جۇڭ نەنخەي ئولىمپىك روھىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەقىقى ھېس قىلماي تۇرالامدۇ؟ بىخۇتلۇق ئىچىدە بىر مەزگىل ۋاقىت قارشىنى يوقۇتۇپ قويغان جۇڭگولۇقلار تۇيۇقسىزلا ئولىمپىك مۇراسىمىغا بىر يىل قالغانلىقىنى تونۇپ يېتىشتى. نۆۋەتتە جۇڭ نەن خەينىڭ ئولىمپىك روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى زۆرۈر بولۇپ قالدى. كىشىلىك ھوقۇق خىفتىرىسىنى ياخشىلاش، سىياسى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىشى زۆرۈر بولۇپ قالدى. يېقىندا بېيجىڭنى زىيارەت قىلغان گېرمانىيەنى ۋەزىرى ئانجىل ماركىل خانىم: خەلقئارا جەمئىيەت جۇڭگوغا جىددى كۆڭۈل بۆلەمكتە، بەلكى سىلەر ئويلىمىغان دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ جۇڭ نەنخەيگە، خەلقئارا جەمئىيەتكە يازغان ئوچۇق خېتى بىر نۇقتىنى — جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىك كومىتېتىغا بەرگەن ۋەدىسىنى تەكىتلەش بىلەن خاراكتېرلەندى.

ئوبزورچى جاڭۋگو ئەپەندى: «جۇڭگو سىياسى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ ۋاقتىنى ھېسابلاشقا موھتاج» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا، ھازىر ۋاقىت يېتىپ كەلدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى ئەگەر سىياسى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ھاكىمىيەتنى خەلققە تاپشۇرۇش جەھەتتە ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈپ چىقالمايدىكەن. ئۇ ھالدا جۇڭگو پۇقرالىرى بۇ قېتىم بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك مۇراسىمىنىڭ ۋاقتىنى ھېسابلىغانغا

ئوخشاش، كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتىنىڭ گۇمران بولۇش ۋاقتىنىمۇ ھېسابلايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

2007 – يىلى 8 – ئاينىڭ 31 – كۈنى
**مۇقىمسىزلىق ۋە داۋالغۇش**

ھەرقانداق بىر مۇستەبىت جەمئىيەتنىڭ ھازىرەن قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئېتىراپ قىلغان ئەمەس. جەمئىيەت ئۆزگىرىش دەۋرىنى تاماملىغاندىن كېيىن تارىخچىلار شۇ جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى، جەمئىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىشقان ئىدى. ھۆكۈمرانلار ئېتىراپ قىلامدۇ، قىلمامدۇ، ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ نۇرلۇق تەرەپلىرى بولىدۇ ۋە قاراڭغۇ تەرەپلىرى بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرىپى بىلەن نۇرلۇق تەرىپى بىر جەمئىيەتنىڭ ئىككى تەرىپى ياكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ئىككى تەرىپى، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەندە زىيددىيەلەرنىڭ ئۆزئارا كۈرۈشى، زىددىيەتلىك تەرەپلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا ئېلىپ كەلگەندە، جەمئىيەت سەكرەش بىلەن ئۆزگۈرۈش دەۋرىگە كىرىپ كەلگەن بولىدۇ.

1989 – يىلدىن تاكى ھازىرغىچە خىتاي مۇستەملىكچىلىرى جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى تەكىتلەپ كەلدى. مۇقىملىقنىڭ ئەكسى تەرىپى مۇقىمسىزلىق ئىدى. نۇرلۇق تەرەپنىڭ ئەكسى تەرىپى قاراڭغۇلۇق ئىدى. ئۇنداقتا جۇڭگو جەمئىيىتىدە ۋە مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىۋاتقان خىلمۇخىل ئامىللارنىڭ سەۋەبلىرى نېمە ئىدى؟ بۇ ئامىللار ستىخىيىلىك ھالدا پەيدا بولۇپ مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىۋاتقان ئامىللارمۇ ياكى مۇستەملىكچى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ يۇقىرى بېسىملىق سىياستى پەيدا قىلغان ئامىللارمۇ؟ جۇڭگو جەمئىيىتى ھازىر، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان 1949 – يىلدىن باشلاپلا مۇقىمسىز جەمئىيەت ھالىتىنى تەييارلىغان ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ھۆكۈمرانلىق

قىلىۋاتقان پۈتكۈل جۇڭگو جۇملىدىن مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان كىچىك كۆلەملىك داۋالغۇشلاردىن كېيىنكى زور كۆلەملىك داۋالغۇشنىڭ ھارپىسىدا، دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرماقتا. ئىشسىزلىق، مەجبۇرى ئۆي كۆچۈرۈش، دېھقانلارنىڭ يەر مۈلكىنى تارتىۋېلىش، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئۆي چېقىپ، ئۆي سالدۇرۇپ ئاتالمىش يېڭى يېزا قۇرۇشقا مەجبۇرلاش، تەبىئەت ئۇيغۇرلارغا بەرگەن ۋاقتنى ئۇيغۇرلاردىن تارتىۋېلىش، ئۇيغۇر قىزلىرىنى مەجبۇرى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىش، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى يەرسىز، سۇسىز، ھوقۇقسىز قالدۇرۇشى، ئۇيغۇر مائارىپىنى خىتاي تىلىغا مەجبۇرلاش، ئىش كۈنى، ئەمگەك شارائىتىنى كۆچمەن خىتايلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىش، جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدا تىببى داۋالاش، مائارىپ، توك – سۇ بىلەن تەمىنلەش، خەت ئالاقە، قاتناش قاتارلىق جامائەت ئەسلىھەلىرىنى خىيانەتچى خىتايلار مونوپولىيە قىلىپ ئېلىپ ئىختىيارى اھا قويۇشقا، باھا ئۆستۈرۈشكە باشلىدى. ھەرقانداق تاۋارنىڭ باھاسى بازارنىڭ ئېھتىياجىغا باغلىق بەلگىلىنىشى كېرەك ئەمەسمىدى؟ جۇڭگوچەكاپىتالىزىمنىڭ ئىپتىدائى دەۋرىدە قاقتى – سوقتى قىلىش بىلەن مونوپولىيە قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ ئەركىن رىقابەتنىڭ داغدام يولىغا زوراۋنلىق بىلەن توساق پەيدا قىلدى.

بەزى نەزەرىيىچىلەر مىللەت كاپىتالىزىم دەۋرىنىڭ ياكى سانائەت دەۋرىنىڭ مەھسۇلى، دېيىشكەنتى. شۇنداقلا مىللەتچىلىك شۇ خىل كاپىتالىزىم جەمئىيىتىنىڭ ئىدىئولوگىيىسى بولۇپ قالىدۇ، دېيىشەتتى. خىتاي مۇستەملىكچىلىرى تېخى ئىپتىدائى كاپىتالىزىم دەۋرىنىڭ تۇرلۇك باسقۇچلىرىنى تاماملىماي تۇرۇپلا مىللەتچىلىك سىياستىنى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ساقچىنىڭ كۈچى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى، ئەخلاقلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى، ئادەمىيلىك مۇناسىۋەتلەرنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىق دەۋرگە قايتۇرۇشقا ئۇرۇندى

ياكى بۇنداق بياسەتنى باشلىۋەتتى. ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىنى مەسلەن: ئادىمگەرچىلىك، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق، ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك، دىن بىلەن ئېتىقادقا سەممىلىك، مىللەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك شۇنىڭ ئۈچۈن قىساسكارلىق، ئائىلىۋى ئىناقلىق، كوللېكتىپ پائالىيەتچانلىق، تىرىشچانلىق، مىللەتنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا ئويلىنىش، قايغۇرۇش قاتارلىق ئۇيغۇر ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى تەبىئىتىنى قورساقتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان ھايۋاننىڭ تەبىئىتىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى، كوچا – كوچىلاردا زىناخورلۇق ئەرلەرنىڭمۇ، ئاياللارنىڭمۇ ئوخشاشلا بۇزۇلۇشى، ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەرنىڭ گۇمران بولۇشى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائى جەمئىيەت ھالەتلىرىدىنمۇ بەتەر بىر جەمئىيەت ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنىڭ پاكىتلىق دەلىلىدۇر. بۇ ھادىسىلەر ئەگەر مۇقىمسىز ئامىللارنىڭ بىر قىسمى دېيىلىدىغان بولسا، بۇ ئامىللارنى خىتاي مۇستەملىكچىلىرى تەييارلىغان بولمامدۇ؟ ئەگەر بۇنداق جەمئىيەت داۋالغۇش دەۋرىگە كىرىپ قالغان بولسا ياكى داۋالغۇش بۇ جەمئىيەتكە يېتىپ كېلىش ئادىدا تۇرغان بولسا خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئۆزلىرى ھەيدەكچىلىك قىلغان بولمامدۇ؟

2007 – يىلى 9 – ئاينىڭ 5 – كۈنى

## بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇشنىڭ يول خەرىتىسى

ماۋ زېدۇڭ: سىياسى يول توغرا بولسا، پۇل بولمىسا پۇل بولىدۇ، مىلتىق بولمىسا مىلتىق بولىدۇ، دېگەن ئىدى. بۈگۈن جۇڭگو پۇقرالىرى بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرماقچى بولغاندا پۇل ئىشلىتىشنىڭ مىلتىق ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بىراق سىياسى يول خەرىتىسى بولۇشى كېرەك، دەپ ماقالە يازغان لىيۇ شاۋجۇ ئەپەندى، 2007 – يىلى 8 – ئاينىڭ 24 – كۈنى يازغان «بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇشنىڭ سىياسى يول خەرىتىسى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا دېموكراتىك ئۆزگىرىشنىڭ

سىياسىي يول خەرىتىسى قانداق بولىدۇ؟ بىرىنچىدىن كوچىغا چىقىش، ئىككىنچىدىن كوچىغا چىقىش، ئۈچىنچىدىن يەنىلا كوچىغا چىقىش، دەپ قارايمەن. چۈنكى پۇقرالار نامايىش قىلىپ كوچىغا چىققاندا تەشكىلات بولمىسا تەشكىلات بار بولىدۇ، داھىي بولمىسا داھىي پەيدا بولىدۇ، ئۆكتىچى پارتىيە بولمىسا، ئۆكتىچى پارتىيە بار بولىدۇ، سىياسىي يول توغرا بولسىلا ئاساسلىق زىددىيەتلەر چىڭ تۇتۇلىدىغانلا بولسا ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ كېتىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.
تارىختا ھەممە ئىشلار يۈرۈشۈپ كەتكەن چاغلار بولغان ئىدى. كوممۇنىستلار روسىيىدە ئىنتىزامى كۈچلۈك تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتىلىغان ئىدى. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىگە قارايدىغان بولساق دېموكراتىك ئۆزگىرىشلەر تامام ئۇنىڭ ئەكسىچە رۇي بەردى. مەسىلەن فىلىپىندە بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرماقچى بولغان پۇقرالار كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ خەلقنىڭ كۈچىنى كۆرسەتتى. سابىق سوۋېتلەر خەلقىمۇ بولشېۋىستىك بىر پارتىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇشقا ئۆتكەندە دېموكراتىك ھەرىكەتلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، دېموكراتىك ئۆزگىرىشنى تاماملىدى. بىراق، جۇڭگونىڭ رېئاللىقى سابىق سوۋېتلەرنىڭ، شەرقىي ياۋروپانىڭ رېئاللىقىغا ھەرگىز ئوخشىمايتتى. شەرقىي ياۋروپادا، سابىق سوۋېتلەردە مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى خەلقنىڭ ئارزۇلىرىغا، كەسكىن سادالىرىغا قۇلاق سالاتتى. ئەكسىچە جۇڭگودا رەھبەرلەرنىڭ ئىچىدىن ئاقىلانە رەھبەرلەرنى ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدۇ. پۇقرالارنىڭ مىدىرلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ. پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ قېلىشىغا، بىر ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ. خۇ جىنتاۋ بەش يىلدىن بېرى دېموكراتىيە تەلەپ قىلغۇچى پۇقرالارنى باستۇرۇپ كەلمىدىمۇ؟ بىخ ھالىتىدە ئۈجۈقتۇرۇپ تاشلىمىدىمۇ؟ شۇڭا جۇڭگو پۇقرالىرى تەشكىلاتچىلىق قىلىشنى ئۆز جايىدا توختىتىپ قويۇپ، داھىنىڭ ئوتتۇرىغا

چىقىشنى كۈتۈپ ئولتۇرماي بىراقلا كوچىغا چىقىشى كېرەك؛ نامايىش قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا بۇ ئىش ھەلقۇمغا يەتكەندەك، ئورنىنى تاپقاندەك، پۈخادىن چىققاندەك بىر ئىش بولىدۇ. بۇ قۇدرەتلىك نامايىش دېگەنلىكتۇر.

www.uyghurbahari.com

ئۇيغۇر باھارى

Uyghur Bahari